شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

# مۇنبەر

## شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

## 新疆社科论坛

TRIBUNE OF SOCIAL SCIENCES IN XINJIANG

1

2002

غەيرەتجان
ئوسمان

# شى ئۇ ئار ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ

# نەشر ئەفكارى

قوش ئايلىق ھەممىباب ئىلمىي ژۇرنال　　2002 ـ يىلى 1 ـ سان　　ئومۇمىي 55 ـ سان

### يېڭى ئەسىر ، پەن ۋە تۇرمۇش

« يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن » ( يېڭى ئەسىر نەشرى ) نىڭ ئۇيغۇرچىسىغا مۇقەددىمە.................. ۋۇدۇنفۇ 1
يوشۇرۇنغان نۇر ۋە ئەقىل ئىنقىلابى.................................. ژۇرنىلىمىزنىڭ ئوبزورچىسى 5

### سىياسىي نەزەرىيە

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىش كېرەك.................. ۋۇدۇنفۇ 10
دېڭ شياۋپىڭنىڭ ماركسىزملىق پەلسەپە تەرەققىياتىغا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى.................. ياسىن سېيىت 12

### ھاكىملار مۇنبىرى

شىنجاڭدا خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى بىر نەچچە تەدبىر توغرىسىدا.................. جېلىل ناسىر 17

### ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش

يېڭى ئەسىردە بىلىم ۋە مەۋجۇتلۇق رىقابىتى.................................. ئازاتگۈل مەتئىمىن 21
ئىگىلىك تىكلەشتە بىلىمنىڭ مۇھىم ئورۇنغا ئۆتۈشى.................................. گۈلزەپەر مۇھەممەت 23

### كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە كىلاسسىك مۇزىكا

ئەلشىر نەۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە تەلقىنلىق سۆھبەت.................. غەيرەتجان ئوسمان 26
ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ نەسەبنامىسى.................................. ئۆمەر ئوسمان شىپايى 29

### ئىلمىي مۇھاكىمە

مەدەنىي ئىنسانىنىڭ سەككىز چوڭ گۇناھى.................................. ( ئاۋستىرىيە ) كانرادلورىنىز 35
تەرجىمىدىكى ئىجادىيلىق ۋە مېخانىكىلىق توغرىسىدا .................................. تاھىر مۇھەممەت 47

### ساپا مائارىپى

« ساپا مائارىپىغا ئائىت نادىر ئەسەرلەردىن تەرمە » گە كىرىش سۆز .................. تەھرىر بۆلۈم 49
ئۆگىنىش ئەندىزىسى توغرىسىدا.................................. گۈلشەن ئىسلام 51
كارىل ۋىتېرنىڭ تالانتلىق بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلى.................................. فىڭ چۇ 53

### قامۇسچاق

چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى چاقماق ۋادىسىدا..................................مۇھەممەتئىمىن قۇربان تۇغلۇق 76
سەنئەت ئوقۇتۇشىدا ساپا مائارىپىنى گەۋدىلەندۈرۈش ھەققىدە .................................. خالىقجان ھۇسيىن 80

باش مۇھەررىر : بەختىيار سايىتوف
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ۋە بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : ئىسلامجان شېرىپ
مەسئۇل كوررېكتور : مەرۇپ مەتئىمىن

# « يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن » ( يېڭى ئەسىر نەشرى ) نىڭ

## ئۇيغۇرچىسىغا مۇقەددىمە

ۋۇدۇنفۇ

ئىلاۋە :

مۆھتەرەم ئوقۇرمەن ، « يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن » ( يېڭى ئەسىر نەشرى ) نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى كۆپچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى . بۇ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەشۋىقات ، ئىدىيە ، مەدەنىيەت سېپىدىكى خۇشاللىنارلىق بىر چوڭ ئىش . شۇڭا ، بۇ خىزمەتكە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزاسى ، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش ۋۇدۇنفۇ ، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش توختى روزى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى كونكرېت مەسئۇل بولۇپ تولىمۇ ئەتراپلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى . بۇنداق بولۇشى « يۈزمىڭلىغان نېمە ئۈچۈن »مەزمۇنى مول ، ئاممىباب پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقى بولۇپ ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى نۇسخىلىرى نەشر قىلىنغاندىن بۇيان ئىزچىل تۈردە كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى ۋە مەدھىيىسىگە ئېرىشىپ كەلگەن . ئۇ تارقاتقان ئىلىم ـ پەن بىلىملىرى بىلەن ئىلىم ـ پەن روھى جۇڭگودىكى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنى ئىلىم ـ پەنگە ، دۇنياغا يۈزلەندۈرگەن . بولۇپمۇ كەڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ دۇنيا قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە شەكىللەندۈرۈشتە مۆلچەرلىگۈسىز ئاكتىپ رول ئوينىغان . « يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن » (يېڭى ئەسىر نەشرى ) بولسا ئاشۇ ئاساستا زامانىمىزدىكى پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتىدىكى بارلىق يېڭى ئىجادىي نەتىجىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، ئۇنى دۇنيادىكى بارلىق ئالىملارنىڭ خەلققە سوۋغا قىلغان ئۇلۇغ ھېكمەتلىرى . ئەڭ يارقىن ، ئەڭ قىسقا ، ئەڭ ئاممىباب ، ئەڭ مەزمۇنلۇق سۆزلىرى دەپ ئاتاش مۇمكىن . بۇنى بىز تۆۋەندە يولداش ۋۇدۇنفۇ يازغان « مۇقەددىمە » بىلەن « كىرىش سۆز » دىن كۆرۈۋالالايمىز . شۇ تۈپەيلى ئۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن قىممەتلىك كىتاب بولۇپلا قالماستىن ، ئىجتىمائىي پەن ـ ساھەسىدىكىلەر ئۈچۈنمۇ پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە تازا ئوبدان دەرسلىك بولالايدۇ . شۇڭا ، بىز بارلىق ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنىڭ ـ ئوقۇتقۇچى ۋە مەمۇرىي كادىرلارنىڭ بۇ كىتابنى ئۇزاق مۇددەت تەكرار ئوقۇپ ، بىلىم تولۇقلايدىغان بىر دەستۇر قىلىۋېلىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز .

ياش ـ ئۆسمۈرلەر ـ دۆلىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ، دۆلىتىمىزنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئاساسلىق كۈچى . ئۇلارنىڭ ئەھۋالى دۆلىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك . پارتىيە ۋە دۆلەت تارىختىن بۇيان ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىلىم ـ پەن ، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى . كەڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش پارتىيىنىڭ تەشۋىقات سېپىدىكى مۇھىم ۋەزىپىسى . 1994 ـ يىل يىل ئاخىرىدا ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى « پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بىر قانچە پىكىر » نى تارقىتىپ كەڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى . ياش ـ ئۆسمۈرلەر جانلىق ، تېتىك ، تەپەككۇرى ئۆتكۈر ، قىزىقىش دائىرىسى كەڭ ، تەقلىد قىلىشقا ماھىر ، يېڭى شەيئىلەرگە بولغان ئىنكاسى ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىشى كۈچلۈك ، شۇنداقلا ئۇنى قوبۇل قىلىشى تېز بولۇپ ، قىممەتلىك ئىجادچانلىق روھىغا ئىگە . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىز ئۇلارنى ئىلغار ، توغرا ، يۈكسەك ، مۇنەۋۋەر ئىلىم ـ پەن ، مەدەنىيەت بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەپ ۋە قوراللاندۇرۇپ ، دۆلەت ، مىللەتكە ياراملىق تالانت ئىگىلىرىدىن قىلىپ چىقىشىمىز كېرەك .

ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پېنى ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلماقتا ، ئىلىم ـ پەننىڭ قۇدرىتى دۇنيانىڭ قىياپىتىنى بارغانسېرى تېز ئۆزگەرتمەكتە . يېڭى تارىخىي شارائىتتا ، ئەگەر نادانلىق قىلىپ ئارقىدا قالساق ، ئەقەللىي پەن ـمەدەنىيەت بىلىملىرىنىمۇ ئىگىلىمىسەك ، بەزى ئىلىم ـ پەنگە قارشى سەپسەتىلەر ۋە ساختا ئىلىم ـپەن سەپسەتىلىرى بىزنى ئالدىشى ۋە قايمۇقتۇرۇشى ،

ھەتتا خۇراپاتلىق پاتقىقىغا پاتتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن ، بۇ مۇقەررەر يوسۇندا كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بىخۇدلاشتۇرۇپ ، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇپ ، كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىنى تەۋرىتىپ ، ئۇيۇشقاقلىقىمىزنى بۇزىدۇ . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، بەزى جايلاردا فېئودال خۇراپاتلىق باش كۆتۈرۈپ قالدى . ئىلىم – پەنگە قارشى ھەرىكەتلەر ۋە ساختا ئىلىم – پەن ھەرىكەتلىرى كەينى – كەينىدىن پەيدا بولۇپ ، خىزمىتىمىز ۋە ئىشلىرىمىزغا سەل قارىغىلى بولمايدىغان زىيانلارنى كەلتۈردى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە ھەر مىللەت ياش – ئۆسمۈرلىرىگە نۇرغۇن يامان تەسىرلەرنى بەردى . شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون ، شۇنداقلا كۆپ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىنىدىغان رايون . تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، دىنىنىڭ جەمئىيەت ، مەدەنىيەت ۋە ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا بولغان تەسىرى بىر قەدەر زور . مىللەتلەر مەسىلىسى ھەمىشە دىنىي مەسىلە بىلەن گىرەلىشىپ كېتىپ ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ، نورمال دىنىي ھەرىكەتلەرنى قوغداپ ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشتا كەسكىن ۋە مۇرەككەپ ۋەزىيەت شەكىللەندۈرمەكتە . ئۇزۇندىن بۇيان ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ ، دىنىي ھەرىكەتلەر ئارقىلىق خۇراپاتلىقنى تەرغىب قىلىپ ، بىزدىن ئاممىنى تالاشماقتا . ياش – ئۆسمۈرلەرنى زەھەرلىمەكتە .

شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم « يۈزمىڭلىغان نېمە ئۈچۈن » نى نەشر قىلىشنى ئىدىيە ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم بىر تۈرلۈك خىزمەت دەپ قارىدى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنى بۇ خىزمەتكە كونكرېت مەسئۇل قىلدى . « يۈزمىڭلىغان نېمە ئۈچۈن » ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 20 – ئەسىرنىڭ 60 – يىللىرى نەشر قىلغان بىر يۈرۈش ياش – ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى بولۇپ ، ئۇ بىلىم تارقىتىش ، پەن – مەدەنىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئاكتىپ تۈرتكىلىك رول ئوينىدى . ئۇنىڭ تەسىرىدە ، بىر نەچچە ئەۋلاد ياش – ئۆسمۈرلەر ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش يولىغا قەدەم قويۇپ ، دۆلەتنىڭ يارامىلىق تالانت ئىگىلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى . « يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن » ( يېڭى ئەسىر نەشرى ) دېگەن بۇ بىر يۈرۈش كىتاب ئەسلىدىكى بىر يۈرۈش « يۈزمىڭلىغان نېمە ئۈچۈن » دېگەن كىتاب ئاساسىدا تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ تۈزۈلگەن بولۇپ ، مەزمۇنىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ ، بىلىملەر يېڭى ، تۇرمۇشقا يېقىن ، ئۇنىڭدا ئاساسىي بىلىملەرنى تونۇشتۇرۇشقا ئېتىبار بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە يېڭى پەن – تېخنىكا تەرەققىيات نەتىجىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوللىنىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن . بۇ كىتابلارنىڭ تىلى ئاممىباب ، جانلىق ، يېزىق بىلەن رەسىمنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتلەردە ئەسلىدىكى « يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن » نىڭ « ئىلمىي ، ئاممىباب ، قىزىقارلىق بولۇش » تەك ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكى ساقلاپ قېلىنغاچقا ، كەڭ ياش – ئۆسمۈرلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى . شۇنداقلا كەڭ ئوقۇرمەنلەر سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ياخشى كىتاب بولۇپ قالدى .

يېڭى ئەسىردە ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى زور گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ . دۇنيا نوپۇسىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر دۆلەتتە يەنە 50 يىلدىن كېيىن زامانىۋىلىشىش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشىدۇ . بۇ ، يەر – جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان بىر ئىش . بۇ ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىز « ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش » مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ تەلىپى بويىچە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ ، پەن – مائارىپقا تايىنىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز لازىم . پەن – مائارىپقا تايىنىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئۇلۇغ ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش - پۈتۈن پارتىيىگە ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ، بولۇپمۇ ھەر مىللەت ياش – ئۆسمۈرلىرىگە پەن – تېخنىكا تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ، پەن – تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ . « يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن » ( يېڭى ئەسىر نەشرى ) نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا ، بولۇپمۇ ياش – ئۆسمۈرلەرگە ئىلىم – پەننى سۆيۈش ، سوتسىيالىزمنى سۆيۈشتەك ئىدىيە – ئەخلاق تەربىيىسى ۋە پەن – تېخنىكا قارىشى بىلەن پەن – تېخنىكا بىلىملىرى بىر گەۋدە قىلىنغان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ، ئاپتونوم رايونىمىزدا پەن – مائارىپقا تايىنىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئۇلۇغۋار ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ .

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم « يۈز مىڭلىغا نېمە ئۈچۈن » ( يېڭى ئەسىر نەشرى ) نى ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش ئاساسىدا ، يەنە داۋاملىق باشقا ئاز سانلىق مىللەت يېزىقلىرىغىمۇ تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلماقچى . « يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن » ( يېڭى ئەسىر نەشرى ) نىڭ سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەپ چىقىشقا تۆھپە قوشۇشىنى ھەمدە ھەر مىللەت ياش – ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئۇنى ياقتۇرۇپ ئوقۇش بىلەن ئۆزلىرىگە دوست قىلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

2000 – يىل 10 – ئاينىڭ 1 – كۈنى

# كىرىش سۆز

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، «يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن» ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا تەھرىرلەپ نەشر قىلغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە پەننىي ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر بىر يۈرۈش ئوقۇشلۇق ئىدى. بۇ بىر يۈرۈش كىتابتا نۇرغۇنلىغان «نېمە ئۈچۈن» لەرگە جاۋاب بېرىش شەكلى ئارقىلىق كۆپلىگەن پەننىي بىلىملەر ئاممىباب، چۈشىنىشلىك ھالدا تونۇشتۇرۇلۇپ، كىشىلەرگە ناھايىتى كۆپ ئىلىم ـ پەن قائىدىلىرى بىلدۈرۈلگەن. شۇڭا، «يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن» نەشردىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالقىشى ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ يۈكسەك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. «يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن» نىڭ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ كۆپ خىل نۇسخىسى نەشر قىلىندى. (1993 ـ يىلى نەشر قىلىنغان نۇسخىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇي قازىنىپ كەلدى. 40 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، بۇ كىتاب ئىزچىل بازار تېپىپ كەلدى، ئومۇمىي تارقىتىلىش مىقدارى ئاز كەم 10 مىليون يۈرۈشكە يېتىپ، 100 مىليون نۇسخىدىن ئېشىپ، مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىغا كەڭ تارقالدى، بىر قانچە خىل ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغىمۇ تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى.

«يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن» بىر يۈرۈش پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىلىم تارقىتىش، پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتە پائال ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى، ئۇنىڭ تەسىرىدە ياش ـ ئۆسمۈرلەر ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش يولىغا ماڭدى. ئۇلاردىن بىر مۇنچىلىرى بۈگۈنكى كۈندە دۆلىتىمىزدىكى يارامىلىق كىشىلەرگە ئايلىنىپ، جەمئىيەتكە ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشماقتا.

«يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن» نىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى ۋە ئۇنىڭ ئېلىمىزنىڭ پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قوشقان تۆھپىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ كىتاب 1998 ـ يىلى شەرەپ بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش كىتابلىرى بويىچە ئەڭ يۇقىرى شان ـ شەرەپ ـ دۆلەت پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى هارپىسىدا، «يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن» يەنە شەرەپ بىلەن دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى «جۇمھۇرىيىتىمىزدە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە 50 كىتاب» نىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە زامانىۋى پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەر يېڭى پەن، يېڭى بىلىملەرنى تېخىمۇ ئەتراپلىق، تېخىمۇ ۋاقتىدا تونۇشتۇرۇپ بېرەلەيدىغان «يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن» نىڭ بىر يۈرۈش يېڭى نۇسخىسىنى كۆرۈشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. 1994 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بىر قانچە پىكىر» نى تارقىتىپ، كەڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى. مۇشۇ ۋەزىيەتنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تولۇق دەلىللەش ۋە كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىش ئارقىلىق نۇرغۇن تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، 1995 ـ يىلى 3 ـ 4 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بىر يۈرۈش يېڭى «يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن» نى تەھرىرلەپ نەشر قىلىش ۋە يېڭى كىتابقا «يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن» (يېڭى ئەسىر نەشرى) دەپ نام قويۇشنى، 1999 ـ يىلى نەشردىن چىقىرىپ بولۇشنى قارار قىلغانىدى.

مانا ئەمدى، نۇرغۇنلىغان ئاپتورلار ۋە تەھرىرلەرنىڭ تۆت يىل ئەجىر سىڭدۈرۈشى ئارقىسىدا تۈزۈپ نەشر قىلىنغان «يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن» (يېڭى ئەسىر نەشرى) ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇلدى. بىر قانچە ئەۋلاد تەھرىرلەر ۋە ئاپتورلارنىڭ قان ـ تەرى سىڭگەن بۇ بىر يۈرۈش پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى هارپىسىدا ئاخىر ئوڭۇشلۇق ھالدا نەشردىن چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ بىزنىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان 21 ـ ئەسىرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلغان قىممەتلىك سوۋغىمىز بولۇپ قالدى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن» (يېڭى ئەسىر نەشرى) نى تۈزۈش ۋە نەشر قىلىش جەريانىدا، مەملىكىتىمىزدىكى ئىلىم ـ پەن ساھەسى ۋە مائارىپ ساھەسىدىكىلەرنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتۇق. خۇددى ئەينى يىللاردا پېشقەدەم ئالىملاردىن لى سىڭگۇاڭ، ماۋ يىشېڭ، خۇالوگېڭ قاتارلىقلارنىڭ «يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن» نى تۈزۈش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن ھەم بىۋاستە قاتناشقىنىغا ئوخشاش، بۈگۈنكى كۈندىمۇ نۇرغۇنلىغان ئاتاقلىق ئالىملار، پېداگوگلار «يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن» (يېڭى ئەسىر نەشرى) نىڭ نەشر قىلىنىشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ۋە مەدەت بەردى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ 21 نەپەر ئاكادېمىكى بۇ بىر يۈرۈش كىتابنىڭ تەھرىر ھەيئەتلىكىنى خۇشاللىق بىلەن ئۈستىگە ئالدى، ئاتاقلىق ئالىم، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ سابىق باشلىقى لۇجياشى ئەپەندى بۇ بىر يۈرۈش كىتابنىڭ باش تۈزگۈچىلىكىنى ئۈستىگە ئالدى. بىر مۇنچە ئاكادېمىكلار ئالدىراش بولسىمۇ ئۆزى قەلەم تەۋرىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بولغان غەمخورلۇقىنى ئىپادىلىدى. بۇ بىر يۈرۈش كىتابنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىنىڭ باش تۈزگۈچىلىكىنى ھەر قايسى پەن ساھەلىرىدىكى ئاتاقلىق مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملار ئۈستىگە ئالدى ۋە مۇندەرىجىسى ھەمدە ئۇنىڭدىكى ساۋاللارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىگە باشتىن ـ ئاخىر قاتناشتى. بۇ كىتابنى نەشر قىلىش جەريانىدا يەنە پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش ساھەسىدىكى نۇرغۇن يازغۇچىلار، پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرى، ئوقۇتقۇچىلار ۋە گۈزەل سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتۇق، ئۇلار پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە

بولغان تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقى بىلەن ، قولىدىن كەلگىنىنى ئايىماي ، ئاكتىپ ھالدا ماقالە يېزىپ ۋە رەسىم تەييارلاپ ، كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا پۇختا ئاساس سالدى . كىشىنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈرىدىغىنى شۇكى ، چەت ئەللەردە تۇرۇۋاتقان بەزى ئالىملار دۆلەت ئىچىدە « يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن » نىڭ يېڭى ئەسىر نۇسخىسى نەشر قىلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئېلېكترونلۇق يوللانما ئارقىلىق تەھرىر بۆلۈمىگە ئارقا ـ ئارقىدىن ماقالە ئەۋەتىپ ، دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى دۆلەت ئىچىدىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە تونۇشتۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلدى . بۇ بىر يۈرۈش كىتابنىڭ پۈتكۈل تەھرىرلىنىش ۋە نەشر قىلىنىشى جەريانىدا ، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان بۇنداق مىساللارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ . مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىز « يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن » ( يېڭى ئەسىر نەشرى ) نىڭ نەشر قىلىنىشىغا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئۇنى قوللىغان بارلىق تەھرىر ھەيئەتلىرىگە ، باش تۈزگۈچىلەرگە ، ئاپتورلارغا ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەسىدىكىلەرگە سەممىي رەھمەت ئېيتىمىز ۋە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرىمىز .

« يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن » ( يېڭى ئەسىر نەشرى ) « ماتېماتىكا قىسمى » ، « فىزىكا قىسمى » ، « خىمىيە قىسمى » ، « ھايۋانات قىسمى » ، « ئۆسۈملۈك قىسمى » ، « ئادەم ئورگانىزمى ئىلمى قىسمى » ، « يەر شارى ئىلمى قىسمى » ، « ئالەم ئىلمى قىسمى » ، « مۇھىت ئىلمى قىسمى » ، « ئۇچۇر ئىلمى قىسمى » ، « قۇرۇلۇش ئىلمى قىسمى » ۋە « كاتالوگ قىسمى » دىن ئىبارەت 12 قىسمغا بۆلۈنىدۇ . بۇنىڭ ئىچىدىكى ماتېماتىكا ، فىزىكا ، خىمىيە ، ھايۋانات ، ئۆسۈملۈك قىسىملىرىدا ئەسلىدىكى « يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن » دە تەسىس قىلىنغان پەنلەر ساقلاپ قېلىندى ؛ ئادەم ئورگانىزمى ئىلمى ، يەر شارى ئىلمى ، ئالەم ئىلمى قىسىملىرىغا ئەسلىدىكى تېببىي ئىلىم ، مېتېئورولوگىيە ، يەر شارى ئىلمى ، ئاسترونومىيە قاتارلىق پەنلەر ئاساسىدا ئادەم ئورگانىزمى ئىلمى ، فىزىئولوگىيە ، ئىرسىيەت ، دېڭىز ـ ئوكيان ، ئالەم بوشلۇقى قاتارلىقلارغا دائىر مەزمۇنلار يېڭىدىن قوشۇلدى ؛ مۇھىت ، ئۇچۇر ، قۇرۇلۇش ۋە كاتالوگ قىسمى يېڭىدىن قوشۇلدى . بۇ بىر يۈرۈش كىتابنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىدىكى ( يېڭىدىن قوشۇلغان تۆت قىسىمدىن باشقا ) مۇندەرىجىلەرنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمى بۇرۇنقى مۇندەرىجە ( مەزمۇنلىرى قايتىدىن بىر تەرەپ قىلىندى ) ؛ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇقراق مۇندەرىجە ۋە مەزمۇنى ئۆزگەرتىپ يېزىلدى ياكى يېڭىدىن يېزىلدى ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قانچە قىسمىدا يېڭىدىن يېزىلغان مۇندەرىجە ۋە مەزمۇنى يېرىمىدىن ئاشىدۇ . بىر يۈرۈش كىتابنىڭ مەزمۇنىدا تېمىنىڭ كەڭ دائىرىلىك بولۇشىغا ، بىلىمنىڭ يېڭى ۋە تۇرمۇشقا يېقىن بولۇشىغا تىرىشتۇق ، ھەم ئاساس پەنلەرگە دائىر بىلىملەرنى تونۇشتۇرۇشقا دىققەت قىلدۇق ، ھەم ئەڭ يېڭى پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە قوللىنىشقا ئەھمىيەت بەردۇق . پۈتۈن كىتابتا يېزىق جەھەتتە ئاممىباب ، چۈشىنىشلىك ، جانلىق بولۇشقا ، مەزمۇن ، قىستۇرما رەسىملەردە ئوبراز توغرا ۋە ئىنچىكە ، ئەينەن بولۇشقا تىرىشتۇق ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئوقۇش تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە « يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن » نىڭ « ئىلمىيلىك ، ئاممىباپلىق ، قىزىقارلىق » بولۇشتەك ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىنى ئاساسىي جەھەتتىن ساقلاپ قالدۇق .

ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتى بارغانسېرى تېز بولماقتا ، كىشىلەرنىڭ ھازىرقى دۇنيانى بىلىشتە ئىگىلىشى زۆرۈر بولغان ئىلىم ـ پەن بىلىملىرى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا نامايان بولىدىغان نامەلۇم دۇنيا بارغانسېرى كېڭەيمەكتە ۋە بارغانسېرى چوڭقۇرلىماقتا . يېڭى تارىخىي شارائىتتا ، ئەگەر نادانلىقتا ، قالاقلىقتا تۇرۇۋېرسەك ، ئەقەللىي پەن ـ مەدەنىيەت بىلىمىمىز كەمچىل بولسا ، يالغان ۋە ساختا ئىلىم ـ پەنگە ئالدىنىپ ، قارىغۇلۇق ۋە خۇراپاتلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالىمىز . شۇنىڭ ئۈچۈن ، كىشىلەر ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشى ، ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى ، توغرا ئىلمىي ئىدىيە ، ئىلمىي ئۇسۇل ، ئىلىم ـ پەن بىلىمى ۋە پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق خىلمۇ خىل ساختا ئىلىم ـ پەننىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئېچىپ تاشلىشى لازىم . 40 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ، « يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن » ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر ئېسىل بىر يۈرۈش ئوقۇشلۇق بولۇش سۈپىتىدە ، ئىلىم ـ پەنگە ھۆرمەت قىلىش ، بىلىم تارقىتىش ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىلىم ـ پەن ساپاسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتلەردە غايەت زور رول ئويناپ كەلدى . بىز شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمىزكى ، « يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن » ( يېڭى ئەسىر نەشرى ) نىڭ نەشر قىلىنىشى كەڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ھازىرقى زامان پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرۈشىگە ئىجابىي ياردەم بېرىدۇ .

پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشىغا ئەزەلدىن ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى . چۈنكى ، ياش ـ ئۆسمۈرلەر دۆلەتنىڭ كېلەچىكى ، يېڭى ئەسىردە سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشتىكى ئاساسىي كۈچ ، بۇ ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ؛ چۈنكى ، ياش ـ ئۆسمۈرلەر جۇشقۇن ، كۆتۈرەڭگۈ ، روھلۇق بولۇپ ، ئۇلار يېڭى پەن ـ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى غايەت زور دەرىجىدە قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى ، ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ؛ چۈنكى ، ياش ـ ئۆسمۈرلەر بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەر بولۇپ ، ئىنتايىن قىممەتلىك ماسلىشىشچانلىققا ئىگە . شۇڭا ئۇلارنى ئىلمىي ، توغرا ، ئالىيجاناب ، ئېسىل مەدەنىيەت بىلىملىرى ئارقىلىق يېتەكلەپ ۋە تەربىيىلەپ ، دۆلەت ۋە مىللەتكە ياراملىق ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئايلاندۇرۇش لازىم . شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى ، « يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن » ( يېڭى ئەسىر نەشرى ) نىڭ نەشر قىلىنىشى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ زور بىر تۈركۈم لاياقەتلىك ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشقۇسى . شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ، بىز بۇ يۈرۈش كىتابنىڭ كەڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش يولىدىكى ياخشى ئۇستازى ۋە ئۇيدان دوستى بولۇپ قېلىشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمىز .

تۈزگۈچىلەردىن

1999 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

# يوشۇرۇنغان نۇر ۋە ئەقىل ئىنقىلابى

ژورنىلىمىزنىڭ ئوبزورچىسى

ئادەم كامالىتى نېمە بىلەن ھاسىل بولىدۇ ؟ ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخى يەنە نېمە بىلەن كامال تاپىدۇ ؟ بۇ يېڭى ئەسىردە يېڭىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان سوئال . بىز بۇنىڭغا ئۆزلىكتىكى ئەقىل ۋە پەزىلەت ئويغىنىشى بىلەن كامال تاپىدۇ دەپ جاۋاب بېرىمىز . چۈنكى ، ئادەم تەپەككۇر بويىچە گۈللەر ئۇرقىكى ، ئۇ تۇغۇلىشى بىلەنلا ئۆزىدە ئۇرۇقسىمان ئەقىل ۋە پەزىلەت ئۆزگىچىلىكى بىلەن دۇنياغا كۆز ئېچىپ ، شۇ ئۆزگىچىلىكنى تولۇق ئاشكارىلىغاندىلا قانائەت ھاسىل قىلىدۇ . شۇڭا ، ئۇ پەقەت تەبىئەت ئادەمگە بەرگەن ئۆسۈش قانۇنىيىتى بويىچە ئۆسىدىكەن ، ئۆزىگە خاس بىر خۇشپۇراق بىلەن بەھىر بەرگۈچىگە ئايلىنىدۇ . مەيلى ئۇ قىزىلگۈل ياكى ھەشقىپىچەك بولسۇن ، ئۇنىڭدىكى خۇشپۇراق ئۇنى ئۆزگىچە ئۇستۇنلۇككە ئىگە قىلىپ ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتىنى يارىتىدۇ - دە ، بۇ چاغدىكى قانائەت ئۇنىڭغا سىرتتىن قوشۇلغان جىددىيلىك ياكى پەرىشانلىقنى يوق قىلىپ تاشلايدۇ . بىز ھەتتا تاغ - دەريالار ، باراقسان ئۆسكەن گۈللەرگىمۇ تەلپۈنىمىزغۇ ؟ بىزنى ئۇلاردىكى ئاشۇ ئۆسۈملۈكلەردە بولىدىغان تەبىئىي ئۆزلۈك تەلپۈندۈرگەن . ئەگەر ئۇلار بىز زىچ تىقىلىپ ياشايدىغان شەھەرلىرىمىزگە يۆتكەپ كېلىنگەن بولسا ئىدى ، ئۇنچىۋالا باراقسان ئۆسۈپ ئېچىلمىغان بولاتتى . ئادەمدىكى گۈل ئۇرىقى - ئەقىل ۋە پەزىلەت نۇرىمۇ شۇنداق نەرسىدۇر . ئۇ پەقەت ئاشۇ تاغ - دەريالاردىكى گۈللەرنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا بىر دەرەخ ياكى گىياھقا ئۆزگىرىپ كېتىشىنى ئويلىماي ئۆسكىنىدەك ، ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىدە ھاسىل قىلغان پاك قەلبىنىڭ چاقىرىقى بىلەن ئالغا باسقاندىلا ، ئۆزىنىڭ ھايات سەپىرىدىكى بىردىنبىر ئۇستازغا ئىگە بولىدۇ . بۇ ئۇستاز ھەر كىمنىڭ ئۆزىنىڭ قەلبىدۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن قەلب دەيمىزكى ، ئەگەر ئادەم ئۇدۇم بىلەنلا داۋام قىلىدىغان ھايۋانچە بىئولوگىيىلىك مۇقىم ئىتتىم ( ھەرىكەت ) ئەندىزىلىرى بىلەن توختاپ قالسا ئىدى ، ئۇنىڭدا مەنىۋى قانائەت ھاسىل قىلىدىغان يەنى قەلبىدىكى ئىشق مۇھەببەت ۋە غەزەپ - نەپرىتىنى ئاشكارىلاپ قىممەت يارىتىدىغان مەدەنىي ھەرىكەت بولمايتتى . ئۇنىڭدا ئەنە شۇ قەلب بولغانلىقتىن ئۇنىڭدىكى ھايۋانچە بىئولوگىيىلىك ئۇدۇملۇق ھەرىكەتلەرنىڭ ئورنىنى مەدەنىي ئىتتىم ( ھەرىكەت ) - يېڭى تەپەككۇر ئىگىلەپ ، ئۇنىڭ جەمئىيەتلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ماڭدى .

شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ بىز بىراۋنى ئەقىللىق دېگەندە ، ئۇنىڭ بىرەر ئىش ئۈستىدىكى يېڭىچە ئۇچۇق كۆز قارىشىنى نەزەرگە ئالىمىز . ئۇ چاغدا ئۇنىڭ دەسمايىسى ماتېرىيال ئەمەس ، ئۆزىنىڭ قەلبى - جەمئىيەتتىن تەسىر ئالغان تەپەككۇرى بولىدۇ . بۇ قاراش ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن ئۇرغۇپ چىقىدۇ . ئۇ پەقەت كىشىلەر ئۆگىتىپ قويغانلارنى تەكرارلىماي ئۇ ئىشنى ئۆز ئالدىغا ئويلاپ جاۋاب بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئەقىللىق ئاتىلىدۇ . باشقىلار ئوقۇتقان خاتىرىلەر پەقەت ئۇ بىلگەن ئىش ئۈستىدە قوشۇمچە رول ئوينايدۇ . لېكىن ئادەم ھاياتى بىلىنگەن ، بىلىنمىگەن نەرسىلەردىن تەركىب تاپىدۇ . بىلىنگەن نەرسىلەرنى ئالىدىغان بولساق ، بۇ جەھەتتىكى خاتىرىلەر يېتەرلىك نەرسىدۇر ، ئۇنى شۇ كىشى ئۆزى بىلگەن ماتېرىياللاردىن باشقا بارلىق ئىلىم - پەن ۋە مائارىپ ئورۇنلىرى ۋە مىڭلاپ رەھبەرلەر ھەر كۈنى ئورۇندىماقتا . ئۇلار بارغانسېرى كۆپلەپ ماتېرىياللار بىلەن سىزنىڭ خاتىرىڭىزنى تولۇقلاپ تۇرىدۇ . سىز خاتىرە سىستېمىڭىزدىكى نەرسىلەرنى سورىغان ھامان دەپ بېرەلەيسىز ، بۇ ھەرگىز سىزنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىڭىزنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ .

پەقەت سىز بىلىنمىگەن ، ئالدىن ئويلاپ قويۇلمىغان سوئاللارغا جاۋاب بەرگەندە ، ئەقلىڭىزنى تولۇقراق ئىشقا سېلىشقا ئاندىن نۆۋەت كېلىدۇ . مانا بۇ بىر ھەل قىلغۇچ پەيتتە سىزدە قانداق ئىنكاس بولىدۇ ؟ بۇ چاغدا سىز ناھايىتى دانالىق بىلەن جاۋاب بېرىشىڭىزمۇ ، ئەخمەقلەرچە جاۋاب بېرىشىڭىزمۇ مۇمكىن . دېمەك ، ئەقىللىقلىق يېڭى بىر ئەھۋالغا قارىتا ئىنكاس قايتۇرۇش بولۇپ ، ئۇ سىزنىڭ ، تەبىئىتىڭىز - ئىچكى دۇنيايىڭىزدىن كېلىدۇ . سىز بۇ چاغدا ئۇنى ئاقىلانىلىك بىلەن ئويلاپ كۆرىسىز . لېكىن ، سىز دېگەن ھەر بىر گەپ سىزنىڭ قەلبىڭىزدىن چىقىدۇ . ئەگەر مۇشۇ چاغدا ئويلىغانلىرىڭىز توغرا بولۇپ سىزنىڭ تەجرىبىڭىزگە ئايلىنىپ قالغاندا بولسا ، ئۇ سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى ئۆزگەرتىشكە سەۋەب بولىدۇ . چۈنكى ، بۇ سىزنىڭ ئادىمىي مەۋجۇتلۇق ۋە ئەقلىي تەرەققىيات ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت ئەندىزىلىرىدىن ئۆگىنىشتىن باشقا ، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆز ئەقلىڭىز بىلەن ئويلاپ كامالەت نىشانىڭىزغا يېقىنلاپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزدۇر .

دېمەك ، ئەقىللىقلىق سىزنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىڭىزدە يوشۇرۇنغان پەزىلەتكى ، ئۇ سىزنىڭ مېڭىڭىزگە نىشان بەلگىلەپ ، قىممىتىڭىزنى يارىتىشقا تۈرتكە بولۇپ ، سىزنى ئۆزگىچە خۇش-

پۇراق چاچىدىغان « گۈل » گە ئايلاندۇرىدۇ. شۇ چاغدا سىز پەقەت ئۆزگىچە تەپەككۇرىڭىز ئارقىلىقلا پاراسەت ۋە ئاگاھلىق بىلەن تولغان تەشەببۇسكارغا ئايلىنىسىز. ئەگەر سىز سىرتتىن مېڭىڭىزگە قاچىلانغان خاتىرىلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئۆمۈرۋايەت ئەگىشىپ ماڭىدىكەنسىز، سىزدە ئۇ خۇشپۇراق « گۈل » مەڭگۈ ئېچىلالمايدۇ. سىزمۇ ئۆزىڭىزگە خوجايىن بولالمايسىز، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك كامالەت ھاسىل قىلالماسلىقى ئەنە شۇ ئەقلىي ۋە پەزىلەتلىك ئويغىنىشنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئىشقا ئاشۇرۇش پۇرسىتىنى ئىگىلەش جەھەتتە ئىلگىرى - كېيىن بولۇشىدىن كېلىپ چىققان.

راست ئەمەسمۇ؟ ئەنە قاراڭ، ۋۇجۇدىمىزدىكى تىل ئىقتىدارى بىزنى « ئودىپسا »، « مىڭ بىر كېچە »، « قىزىل راۋاقتىكى چۈش »، « شاھنامە »، « قۇتادغۇبىلىك »، « كۈللىيات »، « ماناس » دەك شاھانە ئەسەر ۋە ئالدىمىزدا جاراڭلىق ئوقۇلىدىغان دىكلاماتسىيىلەردە كۆرۈلىدىغان تىل تەپەككۇرى قابىلىيىتىگە ئىگە قىلىپ، بۇ جەھەتتە ئۆزلۈكنى ئەتراپلىق تونۇغان ۋە ئاچقان ئادەملەرنى ئەقلىلىق ئەۋلىيالار سىماسىغا كىرگۈزدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇنازىرىسى، يارقىن نۇتۇقلىرى، ھېكايىلىرى، دىكلاماتسىيىلىرى، چۆچەكلىرى، بېيىت ۋە قوشاقلىرى بىلەن ئارىمىزغا ئادالەت، خۇشاللىق ئوتىنى چاچتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاتاقلىق ئادۋوكات، ئاقىن، قوشاقچى، ناتىق، شائىر، يازغۇچى، مۇھەررىر، مۇخبىر، دىكتور، كاتىپ، كوررېكتور، خەت ئۇرغۇچى بولۇپ يېتىلسە، يەنە بەزىلىرى، گراماتىكا، ئىستىلىستىكا، دىداكتىكا ئالىملىرىغا ئايلاندى. ئۇلاردا تىل پاكىتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تەكشۈرىدىغان، رىتىم، قاپىيە، ئىنتوناتسىيە ئېلېمېتلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان ئۆتكۈرلۈك بولغاچقا، شۇ ساھەلەردىكى بىلىملەرگە چاڭقاق بولۇپ كىتابلار دېڭىزىغا كىرگەندە، بىز ھېس قىلالمايدىغان نازۇك تەرەپلەردىن مەنىۋى ئوزۇق ئېلىپ كاللىسىنى يورۇتتى. دە، بۇ جەھەتلەردە بىزگە غۇۋا بولغان مەسىلىلەرنى كۈن پارلاپ تۇرغان يورۇق جاھاننى كۆرگەندەك كۆرۈپ يېتىپ، تىل ئارقىلىق دۇنيانى يورۇتىدىغان كامالەتتە ئىلگىرىلەپ كەتتى.

ماتېماتىكا ۋە لوگىكا ئىقتىدارى بىزنى تەسەۋۋۇر قىلىش، تەرتىپلەش، قىياس قىلىش، ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش، سان - ساناقنى ئەندىزىلەش، سەۋەب ۋە ئاقىۋەتنى تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارنى چوڭقۇر تونۇغان ۋە بايقاپ ئۆستۈرگەن ئادەملەرنى كارامەت ئالىملارغا ئايلاندۇردى. خارەزمى دۇنيادا تۇنجى بولۇپ ئالگېبرا پېنىنى ئىجاد قىلغانلىقى بىلەن تاكى 16 - ئەسىرگىچە پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى ۋە ياۋروپادا ئالىي مەكتەپلەر ئۇنىڭ كىتابىنى دەرسلىك قىلىپ ئوقۇيدىغان ئالىمغا ئايلاندى. ئىبنى سىنا « تىب قانۇنلىرى » قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا زامانىمىزدىكى غەربچە داۋالاشنىڭ قانۇنىي پرىنسىپلىرىنى تۇرغۇزۇپ بېرىپ « شاھى تېبابەت » بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى ئۈچۈن ياۋروپا خەلقى ئۇنىڭ نامى بىلەن پۈتكۈل تېبابەتنى « مېدىتسىنا » - ئىبنى سىنا باشلىغان ئىلىم دەپ ئاتىدى. ئىبنى سىنانىڭ دوستى ئەبۇ رەيھان بىرۇنى يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇپ دۇنياغا تونۇلدى. نيوتون دىفېرېنسىئال ۋە ئىنتېگرالنى ئىختىرا قىلىپ، ئېينىشتېين نىسبىيلىك نەزەرىيىسىنى تۇرغۇزۇپ ئەنە شۇ ھەيۋەتلىك ئالىملار قاتارىغا كىرىپ كەلدى. ھازىرقى كۈندە بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارنى ئەتراپلىق تونۇغان ۋە بايقىغان نۇرغۇن كىشىلەر - ئىنژېنېر، بوغالتىر، بانكىر، كومپيۇتېر، مۇھەررىر ۋە مۇناسىپ كەسىپلەردە ئالىم بولۇپ كەتمەكتە. بۇلاردىن پارلىغان ئەقىل نۇرلىرى بۇرۇنقى كىتابنامىلەردە يوق ئىدى.

ماكاننى تونۇش ئىقتىدارى بىزنى كۆرۈش سەزگۈسىدە رەسىم سىزىش، سۈرەتكە ئېلىش، گرافا تۈزۈش، ئوبرازلاشتۇرۇش، تېلېۋىزوردا مەنزىرە پەيدا قىلىش، خەرىتە سىزىش، لايىھىلەش، بېزەكلەش، كىنوغا ئېلىش ماھارەتلىرىگە ئىگە قىلدى، بۇ جەھەتتىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلىرىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ۋە ئىشقا سالغانلارنى بولسا، بىناكار، رەسسام، فوتوگراف، سەنئەتكار، ئۇچقۇچى، ئىنژېنېر ۋە ياكى ئىدىسون، پىكاسسو ۋە ئادېمىستەك ئىجادكارلارغا ئايلاندۇردى. ئۇلار كارتون ۋە دىئاگراممىلىق تۈيغۇلىرى، كۆرۈش سەزگۈسىدىكى دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان تەرەپلىرىنى ئالماشتۇرۇش ماھارىتى، نازۇك تەرەپلەرنى يۈكسەك پەرىقلەندۈرۈش سەزگۈرلۈكى، ئوبرازلىق تەپەككۇردىكى جانلىقلىقى، ئوي خىياللىرىنى سىزىپ ئىپادىلەش ماھىرلىقى بىلەن تۈرلۈك ماكان ئىچىدە ئۆتكۈر بايقىغۇچى بولدى - دە، كاتتا ئىمارەت، شەھەر، مۇنار، گۈمبەز لايىھىلىرى بىلەن ئۆچمەس سەنئەت ئەسەرلىرىنى جەمئىيەتكە تەقدىم قىلدى.

مۇزىكا ئىقتىدارى بىزنى ئۈن ئۇدارلىرىنى، رىتىملىرىنى ۋە كۈيلەرنى چۈشىنىش، پەرقلەندۈرۈش، نوتىلاردىن ھۇزۇرلىنىش ۋە ئۇلارنى ئىجاد قىلىش، ناخشا ئېيتىش، ئۈن ئېلىش، ئوركېستىر ئورۇنداش، كومپوزىتورلۇق قىلىش قابىلىيەتلىرىگە ئىگە قىلىپ، بۇ دۇنيانىڭ شادلىق سەيناسىنى بىزگە تەقدىم قىلدى. قىدىرخان، ئامانىنساخان، تۇرداخۇن ئاكا، باخ، بېتخوۋېندەك دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان ھەيۋەتلىك مۇزىكانتلار ئەنە شۇنداق مۇزىكا ئىقتىدارىنى چوڭقۇر بايقىغان ۋە تىرىشىپ يېتىلدۈرگەن كىشىلەردۇر. بۇنداق قابىلىيەت يەنە بىزنىڭ ئارىمىزدىكى سەنئەتخۇمار، سەزگۈر قۇلىقى بار، مۇزىكا خۇمار، رىتىمغا پۈتى كېلىپ تۇرىدىغان، ئامراق مۇزىكىلارنى تەبىئىي يوسۇندا تەكرارلاپ ئېيتىدىغان، يۈرەك سۆزلىرىنى رىتىمى كۈچلۈك مۇزىكا نوتىلىرىغا سېلىپ ئوقۇپ كېتىدىغان كىشىلەردىمۇ بولىدۇ. دېمەك، بۇلارمۇ ئۆزىنى چوڭقۇر بايقاپ چېنىقسا مۇزىكا تالانتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان مۇزىكا جامائىتىدۇر.

تەنھەرىكەت ئىقتىدارى بىزنى بەدىنىمىزنى تەگشەپ تۇ-

رۇش ، يۈگۈرۈش ، قول ھۈنىرى قىلىش ، توپ ئويناش ، ئويۇن
قويۇش ، ئۈسسۈل ئويناش ، چېلىشىش ، سپورت تۈرلىرىنى بىجا
كەلتۈرۈش ، دوراش ، قۇراشتۇرۇش ، مۇرەككەپ ئاتلىمۇ-
چۇقلارنى ئويناش ماھارەتلىرىگە ئىگە قىلىپ ، ھەرىكەت كۆرۈ-
نۈشى ئارقىلىق بىزگە چەكسىز ئۇنۇم ۋە شادلىق ئاتا قىلدى . بۇ
جەھەتتىكى ئىقتىدارنى بايقاپ ئىنچىكىلىك بىلەن يېتىلدۈرگەن-
لەر دۇنياغا چولپان بولغان پالۋان ، چېلىشچى بولۇشتىن تاكى
ئۇستا تىككۈچى بولغىچە تۈرلۈك چەبدەسلىك ۋە ھۈنەر بىلەن
ھاياتىمىزغا جانلىنىش ئېلىپ كەلدى . ئادەتتە يول مېڭىشقا ، قار
كېچىشكە ، مۈز تېيىلىشقا ، ئۈسسۈل ئويناشقا ، دالىغا چىقىشقا ،
سۇ ئۈزۈشكە ، كېمە ۋە ماشىنا ھەيدەشكە . . . ئامراق كىشىلەردە
بۇ جەھەتتىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەر مول بولۇپ ، خەلق ئارى-
سىدا يەنە مىڭلىغان يوشۇرۇن تەنھەرىكەت چولپانلىرى بار . زا-
مانىمىزدىكى مۇز ئۈستىدە ئوينىلىۋاتقان ئۈسسۈل تۈرلىرى ، ئاتى-
لېتىكا تۈرلىرى ، سۇدا ئوينىلىۋاتقان ئۈسسۈل ۋە سېركچىلىكتە
كۆرۈنۈۋاتقان كارامەتلەردىن ئىنسانلارنىڭ يەنە نېمىلەرنى قىلى-
دىغانلىقىنى مۆلچەرلەش قىيىن .

باشقىلارنى چۈشىنىش ۋە ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ
ئىشلەش ئىقتىدارى ياكى ئالاقە ئىقتىدارى بىزنى باشقىلارنىڭ
كۆڭلىنى ، مىجەزىنى ، ئىستىكىنى ۋە ئارزۇلىرىنى چۈشىنىش ۋە
ئۇلارغا ئىنكاس قايتۇرۇش جەھەتلەردە ئالاھىدە قابىلىيەتلەرگە
ئىگە قىلىپ ، دۇنيانىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئارقىسىدا ۋەيران
بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى . بۇ جەھەتتىكى قابىلىيەتلىرىنى
چوڭقۇر تونۇغان ۋە بايقىغان كىشىلەرنىڭ كاتتىلىرى گەندى ،
ناۋائى ، ماكاۋىللى ، ئەراپات ، كارنىگ ، جۇئېنلەي ، كىسسىن-
گىرلاردەك كاتتا داھىي ۋە دىپلوماتلارغا ئايلانسا ، بۇلاردىن تۆ-
ۋەنرەكلىرى تولاس ۋە شىركەتلەرنىڭ خوجايىنلىرىغىچە ئۇلۇغ
ئىشلارنى بېجىرىدىغان مۇناسىۋەت ماھىرلىرىغا ئايلاندى . ئۇلار
بەزىدە كىشىلەرنى كۈشكۈرتكۈچى ، مۇغەممبەردەك كۆرۈنسىمۇ ،
لېكىن ، ئۇلار كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى خىياللىرىنى بىلىۋېلىش ،
باشقىلارنىڭ نەزىرى بىلەن جاھاننىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قى-
لىشتا خۇددى شۇ ئىشلارنىڭ قېلىپىنى گەپ بىلەن قۇيۇپ كى-
شىلەرنىڭ پاراكەندە كۆڭلىنى تىندۇرۇش ، قەلب ئالماشتۇرۇشتا
تۈيدۇرماي كۆڭۈللەرگە چۆكمە بولغان سۆزلەرنى كولاپ ئېلىش
قابىلىيىتىدە جاھاننى ئامان - ئېسەن ساقلايدىغان پاسسىبانلار-
نىڭ ئوبرازىنى تىكلىدى . ئۇ ئۆلگىلەر بىلەن مىڭلاپ كىشىلەر
يامان پەيلىدىن يېنىپ ، جىم تۇرغانلار ساۋابلىق ئىشلارغا ئاتلى-
نىپ ، غەزەپكە كەلگەنلەر خۇشال بولۇپ ، ئادەمزات دۇنياسىنىڭ
مۇناسىۋەت ئىللىقلىقىنى ساقلىدى .

دېمەك ، زامانىمىزدىكى تەرەققىياتنىڭ ئوق يىلتىزى بو-
لۇۋاتقان بۇ يەتتە تۈرلۈك ئەقلىي ئىقتىدار بۇ دۇنيانىڭ بارلىق
ئىشلىرىنى قىلىشقا يارايدىغان كارامەتلىك تالانت ئۇرۇقى بولۇپ ،
ئۇلارنى ئەتراپلىق ئاچقاندا بۇ دۇنيادا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش
ياكى مۆجىزە يارىتالمايدىغان ئادەم بولمايدۇ .

بىزنىڭ جۇڭگودا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى « جەمئىيەتكە
جىددىي قاراپ ، تەبىئىيلىككە سەل قارايدىغان ، تەجرىبىلەرگە
جىددىي قاراپ ، پەنگە سەل قارايدىغان ، نەزەرىيىگە جىددىي
قاراپ ، يېڭى بىلىملەرگە سەل قارايدىغان » ئەھۋال ئېغىر بول-
غانلىقتىن ، بىزدىكى ئۆز قەلبىگە ئىشىنىدىغان ئۆزلۈك ئاجىزلاپ
كەتكەن ، قارىغۇلارچە ئەگىشىش كۈچىيىپ ، مۇستەقىللىق
روھى ئاجىزلىغان . بۇ ئەھۋال ئېچىۋېتىلگەن يېڭى دۇنياغا ئۇي-
غۇن كەلمەيدۇ . شۇڭا ، بىز بۇگۈنكى ھاياتلىق سەپىرىنى ئۇ-
نۇملۇك ئورۇنداش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ قەلبىدىكى يېگانە ، يېڭى
پىكىرلەرگە ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك . نېمە ئۈچۈن ؟

گەرچە بىز ئۆزىمىزدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەقلىي
ئىقتىدارلارنىڭ بىر ياكى ئىككى تۈرلۈكى باردەك ھېس قىلساق-
مۇ ، ھەممە ئادەمنىڭ مېڭىسى فىزىئولوگىيىلىك تۈزۈلۈش جە-
ھەتتىن ئوخشاش بولغان سەۋەبلىك ئۇ تالانت ئۇرۇقلىرى ھەم-
مىمىزنىڭ مېڭىسىدە يىلتىز تارتقان . لېكىن ، بىزنىڭ ئۇلارنى
بايقاش سەزگۈرلۈكىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى تۈپەيلى ئۇلار مېڭىمىزدە
ئۇخلاپ قالغان . ئۇلار ھەر كىمنىڭ مېڭىسىدە پەزىلەت قوماندا-
لىقىغا ئىگە بولغاندا كارامەت كۆرسىتىشكە پۇرسەت كۈتۈپ يا-
تىدۇ . ھەر قانداق جايدىكى بىر ئاددىي كىشى نىشانلىق ئۆگى-
نىش ئارقىلىق بۇ يەتتە تۈرلۈك ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ خالىغان تۈ-
رىنى ئۆزىدە كامالەتكە يەتكۈزەلەيدۇ . تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن يەتتە
تۈرلۈك قابىلىيەت بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا يۇقىرىدىكىدەك خىلمۇ
خىل مۆجىزىلەرنىڭ ئۇرۇقى بولغاندەك ، ھەر بىر ئادەم يېگانە
بىر تالانت ئۇرۇقى بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنىمۇ زامانىمىزدىكى
ئىجادكارلىقنىڭ ، ماھىرلىقنىڭ ئېگىز دۆۋىلىرىگە چىقىرىدۇ .

بىز بەزى ئادەملەرنىڭ كارامەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى
كۆرگەندە ، ئۇنىڭ بىر جەھەتتە شۇنداق يۈكسەكلىككە كۆتۈ-
رۈلسىمۇ ، يەنە بەزى تەرەپلەردە ھېچنېمە قىلالمايدىغانلىقىنى باي-
قايمىز . مەسىلەن ، بىزدە بەزىلەر دۇنيادا كەم تېپىلىدىغان مىللىي
ئۇسلۇب بىلەن ئىمارەت ، مەسچىت ياسايدۇ ۋە نەقىشلەيدۇ .
ئەمما ، خەت تونۇمايدۇ . ئادىلدەك ئەزىمەتلەر دارغا چىققاندا
دۇنياۋى جىنس رېكورتىنى تەكرار بۇزىدۇ ، ئەمما ، داستان
يازالمايدۇ . بەزىلەر كارامەت ناخشا ئېيتىدۇ ، ئەمما ، نوتا بىل-
مەيدۇ . بۇ ھال ھەر قانداق ئادەمنىڭ بىر ياكى ئىككى جەھەتتە
ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولسىمۇ ، قالغان تەرەپلەردە ئۇلارنىڭ يەنە
ئېچىشقا تېگىشلىك يوشۇرۇن قابىلىيەتلىرىنىڭ بارلىقىنى چۈ-
شەندۈرۈپ بېرىدۇ . بۇنداق ئىكەن ، كۆپچىلىكىمىز ئۆزلىكىنى
بايقاش ، ئېچىش بىلەن مۇتەخەسسىس بولۇپ يېتىلىش ئارىلىقىدا
تۇرىمىز . بىزدە گەرچە ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ بىر تۈرى گەۋدىلى-
نىپ چىقمىغان ، بەزىلىرىمىز ھەتتا ناھايىتى ئاددىي بولغان تەق-
دىردىمۇ يەنىلا يېتىلىش ئۈمىدى بولماي قالمايدۇ . چۈنكى ،
ھەممىمىزدە ئاشۇ ئەقلىي ئىقتىدار تىپلىرىنىڭ نۇرلىنىش بوشلۇقى
بار . مەيلى سىز دېھقان ياكى ئىشچى بولۇڭ ۋە ياكى ھەر قانداق
بىر ئىشنى قىلىۋاتقان ئاددىي ئادەم بولۇڭ ، سىزدە پروفېسسور ،

ئۇستا دوختۇر ، ئادۋوكات ، سەنئەتكار ، ئالىملار ياكى ھەتتا
رەھبەرلەر نۇرلاندۇرۇپ مۆجىزە ياراتقان ئەقلىي ئىقتىدار تىپلىرى
بار . سىزمۇ ئۆزىڭىزنى بايقاش قەدىمىنى بېسىڭچۇ قېنى ، تور-
مۇشنىڭ مەلۇم تەرىپىدە باشقىلارنىڭ يادىغا يەتمىگەن ئۇتۇققا
ئېرىشىسىز . گەپ سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە ئىشىنىش ۋە ھەرىكەتكە
كېلىشىڭىزدە . بىزدە يېڭى ئەسىر باشلىنىش بىلەن قوزغالغان
ئەقىل ئىنقىلابى ئەمەلىيەتتە زامان تەلىپى بويىچە ئەنە شۇ ئۆز-
لىكنى بايقاش دولقۇنى بولۇپ ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە يا-
شاش سەنئىتى جەھەتتىن ئۇ بىزگە شۇنداق بىر ئۇلۇغ رىغبەت
بولدىكى ، ئۇ بىزنى كۆنۈككەن تار مەھكىمىچىلىك ۋە چاكىنا
يوسۇنلار چەمبىرىكىدىن ھالقىپ چىقىپ تېخىمۇ كەڭ نەزەر بىـ
لەن دۇنياغا يۈزلىنىشكە ، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان بىزگە ھەر
قانچە ئەرشەئەلا بىلىنگەن تەقدىردىمۇ ئىلمىي كۆز بىلەن تەكـ
شۈرۈشتىن ئۆتمىگەن خۇراپىي نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشكە ، زا-
مان رىقابەتلىرىدىكى ھەر نېمىنى ئۆز ئەقلىمىز بىلەن ئويلىنىپ
كۆرۈشكە دەۋەت قىلدى . بۇ ئۆز ۋۇجۇدىمىزنىڭ سىرتىدىكى
ئاللىقانداق نەرسىلەرگە ھەيران قېلىپ بىخۇت يۈرگەنلىرىمىز
ئۈچۈن ئويغىنىش بولسا ، دۇنيانىڭ يېڭى ئۆزگىرىشلىرىنى نە-
زەرگە ئالماي كونا مۇقامنى توۋلاپ يۈرگەنلىرىمىز ئۈچۈن ئىلمىي
تەربىيىدۇر .

چۈنكى ، بۇ ئىنقىلاب تۈپەيلى ھەر بىر قوۋم ئۆزلىرىنىڭ
ئىختىيارىي گەپ ـ سۆزلىرى بىلەنلا ئەمەس ، ئۆزلىكتىكى ئەقـ
لىي ئىقتىدار بايلىقىنى بايقاش ۋە ئېچىش يولىدىكى ئىش ئەمەلـ
لىرى بىلەن يېڭىدىن قاتار بولۇشقا باشلىدى . ئۆز ئەقلىنى ئىشقا
سېلىپ يەن ـ مەدەنىيەتتە يۈكسەكلىك قوغلاشقانلار جاھاننىڭ
سەركىسى بولۇپ كەتتى . ئۆزلىرىنىڭ شۇنچە شەرەپلىك مەدەنىـ
يەت ئەنئەنىسى بار خەلقلەرمۇ زامان بەيگىسىدىكى بۇنداق بىر
ئومۇمىي ئېقىمغا پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتقان ھامان ، ئەنە شۇ ئۆز
ئەقلىنى ئىشقا سالغان مەدەنىيەت سەركىلىرىنىڭ يېڭىچە تۇرمۇش
فورمىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا ئەگىشىپ كېتىۋاتقان
قوشۇننىڭ دەۋرەشلىرى ئالدىدا تەمتىرەپ قالدى ـ دە ، دەمال-
لىققا ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ تۇرۇشقا ، ئۇلارنىڭ تاۋارلىرىنى
ئەتىۋارلاپ سېتىۋېلىشقا ، ئۇلارغا شاگىرت ۋە مۇلازىم بولۇشقا
ئالدىراشتى . ئەقىل نامراتلىقىدىن گادايلاشقان ۋە رېئال تەلەپـ
لەردىن قالغان تارىخىي جەندىلىرى بىلەن كۆڭلىنى ئەمەكلەپ
يۈرگەنلەرچۇ ؟ ئۇلار ھەر قانچە ئۇلۇغ ئەقىدىگە ئىگە بولسىمۇ ،
ئۆزلىكتىكى ئاشۇ تۇرلۇك ئەقىل تىپىنى بايقاش ۋە ئوقۇتۇش
ئەندىزىلىرىنى بىلمىدىغان ئىجادىي ماھارىتى قوشۇنى ھاسىل قىلالـ
مىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئارقىدا قېلىشتى . بۇنىڭ بىلەن ئەقىل
جەھەتتىكى ئىنقىلابنىڭ ھەر بىر قوۋمنىڭ باش كۆتۈرۈشىدە
جىسمانىي جەھەتتىكى ھەر قانداق چېلىشنى بېسىپ چۈشىدىغان
بىر چېلىشىش ئىكەنلىكى نامايان بولدى . ئەقىل ياكى پەن ـ
مەدەنىيەتتە بولۇۋاتقان چېلىشىشتا چېنىپ قېلىۋاتقان كىشىلەر
قانداق قىلىشى كېرەك ؟ ئەقىدىگە ئېسىلىشى كېرەكمۇ ؟ ئەقىدە

زۆرۈر . لېكىن ، ئەقىدە ئەگەر زامانىۋى ئىش ئەمەللەر ئارقىلىق
ئورۇندالماي ، يېرىم ـ يارتا ۋەز ـ نەسىھەتلەر بىلەن ئۆز جا-
مائىتىنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىدىكەن ، ئۇ ئەقلىي خوراشنى تې-
خىمۇ چاپسانلاشتۇرۇپ ، ياش ئەۋلادلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەش
كۈچىدىن مەھرۇم بولىدۇ . چۈنكى ، ئادەم دېگەن بەرىبىر ئۆز
كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئەمەلىي نەپ بېرىدىغان ئوبيېكتىلارغا
ھەۋەس قىلىپ ، زامان باتۇرلۇقى ۋە گۈزەللىكى ھېسابلانغان
ئەخلاقىي مىزانلارنى دەۋر قىلغۇچىدۇر . مەدەنىيەت تارىخىغا
قارايلى ، ئەقلىي جەھەتتە ھەر قېتىم چوڭ بۆرۈلۈش بولغاندا ،
كىشىلەر ئەقلىي بۆرۈلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان دۇنياۋى دول-
قۇنغا ماسلىشىش ئۈچۈن ھەتتا دىنىي ئېتىقاد ، تىل ، دۆلەت
چېگرىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئۇ يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلدى .
ئۇلۇغ بوۋىمىز فارابىيمۇ ئىسلام ئەقىدىسى مۇتلەق شەرت بولغان
دۇنيادىمۇ خىرىستىئان يۇھەننادىن دەرس ئالدى . بۈگۈنچۇ ؟
كىشىلەر ئۆزلىكنى بايقاش بويىچە ئەقىل ئىنقىلاۋى قوزغاپ سەي-
يارىمىزنى كىچىككىنە ئىكراندا كۆرۈپ تۇرىدىغان بولۇپ كەتتى .
ھەر بىر خەلق گەرچە ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەندىزىلىرىدە يا-
شاۋاتقان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلاردا يۈز بەرگەن ھەر بىر ئۇلۇغ
ئىلگىرىلەش ۋە بەختكە قارشى يۈز بەرگەن ئەنسىزلىك ، ئەخلا-
قىي چۈشكۈنلۈك ، تۇرمۇش جىددىيلىكى بىرىسى ـ بىرسىگە
تەسىر كۆرسىتىپ ، ئۇلارنى ئۆز ئارا ئەقىل ئالماشتۇرمىسا بول-
مايدىغان ھاجەتمەنلەردىن قىلىپ قويدى . بۇنىڭدىن ھەر قانداق
نوچىلارمۇ ئۆزىنى چەتكە ئالالمىدى ، ھەتتا دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ
تەخمىنەن 30% ىنى ئىگىلىۋالغان ئامېرىكىمۇ ئەقىل ئىزدەپ دۇن-
ياغا نەزەر سالدىكى ، ھاۋالە قىلىنغان ئىمتىھان تورى بىلەن دۇنيا
بويىچە ئەقىل بىلىقلىرىنى ئامېرىكىغا يۆتكىدى . بۇنىڭ بىلەن
ھەممىمىز ئەسلەپ كۆرۈشكە تېگىشلىك شانلىق مەدەنىيەت تارى-
خىمىزنى ۋاراقلاپ تۇرساقمۇ ، ئۆزلىكنى بايقاش بويىچە غۇلاچ
تاشلىغان ئەقىل ئىنقىلاۋى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان بۇ يېڭى
ئۆگىنىش ئەندىزىلىرىگە تەلپۈندۇق . بۇنى قايسى سۇنئىي چېگرا
ياكى زوراۋان كۈچ توسۇپ قالالايدۇ ؟ ئەقىل ۋە ئەقلىنى
نۇرلاندۇرغۇچى دۇنياۋى پەزىلەت دولقۇنىنى كۆرۈپ تۇرۇپتى-
مىزدىكى ، توسۇپ قالالمايدۇ . دۇنيا ئىنسانىيەت بەختىگە ئەلا
مۇۋاپىق كېلىدىغان تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى
بويلاپ كېتىۋېرىدۇ . ئەقىدە ۋە مىللىي مەدەنىيەتمۇ شۇ دولقۇنـ
دىن كۈچ ئېلىشنى بىلگەندە كۈچىيىدۇ . ئىخچام ئېيتقاندا ، مە-
دەنىيەت دېگەنمۇ كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋەت تورى بولغان جەمئى-
يەتتە ئومۇمىي گەۋدىگە ئايلانغان تۇرمۇش ئەندىزىسىغۇ ؟ مەدە-
نىيىتىمىزدىكى جەۋھىرى پىكىرلەرنى جارى قىلدۇرۇشتىن باشقا ،
كونا تۇرمۇش ئەندىزىلىرى بىلەن سۆرىلىپ يۈرۈشنى كىممۇ
خالايدۇ دېيسىلەر ؟ ئەنە مەيلى كىم ۋە قايسى خەلق بولسۇن ،
ئامەتلىك پۇرسەتلەر ھايات مىنۇتلىرىنى يوسۇنغا ئايلانغان چۈ-
پەي ئىشلارغا خورىتىشتىن ئۆزىنى تارتقان ، بارغانسېرى تېخىمۇ
زور ھوشيارلىق بىلەن بۈگۈنكى جاھاننىڭ ئەلمى ـ تەلىمىنى

ئىگىلىگەن ، ئەقىل ۋە پەزىلەت كامالىتىنى ئىزدىگەن ، ئۆزگەر-
گەن يېڭى دۇنياغا لايىق ئىجادچان مائارىپقا پەرۋانە بولغانلارنىڭ
بولۇپ كەتمەكتە . خۇراپى ، جاھىل ، بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكى ۋا-
قىتلىق مەنپەئەت بىلەن ئىچكى تەپرىقىگە بېرىلگەن ، زامان تە-
لىپى بويىچە ئۆزىنى جىددىي تۈزىمىگەنلەر بولسا ئامەتلىك مەدە-
نىي ئىنسانلارغا داڭ قېتىپ قاراپ قالماقتا . بۇنداق ئىكەن ، ھازىر
بىزگە ئۆزلىكنى بايقاش ، ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى يەتتە
خىل ئەقلىي ئىقتىدارنى ئاختۇرۇپ تېپىپ ، ئۇنى جانلاندۇرۇش-
تىن باشقا يول بارمۇ ؟ ياق ! بۇ دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيانقى
ئەقىل مەركەزلىرى باي ـ باياشاتلىق ، دەۋرلەر كۆچتۈڭگۇر-
لۈكنىڭ سىمۋولى بولدى . ئىجادچان پەرزەنتلىرىنى بىلىم ۋە
ئىلمىي ئىجادىيەتكە باتۇرلۇق قىلىشقا باشلىغانلار ھۆرلۈك باغچە-
سىغا كىردى . قەدىمكى مىسىر ۋە يۇنان ، ئۇنىڭ ئىلمىنى ئىجا-
دىي ئۆزلەشتۈرگەن ئىسلامىي شەرق ، بۇ ئىككى مەدەنىيەت رو-
ھىنى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش نامىدا تۇتاشتۇرۇپ
ئۆزلەشتۈرگەن ئىتالىيە ، ناپالېئون نامىدا تۈنجى بولۇپ زامانىۋى
پەنلەرنى ئاساس قىلىپ خانلىق ئاكادېمىيىسى قۇرغان فرانسىيە ،
پارىژ ئاكادېمىيىسىنى ئۆزگىچە تىرىلدۈرگەن ئەنگلىيە ، پەلسە-
پىۋى پاراسەت باتۇرلۇقى بىلەن ئىلىم ـ پەندە لوندوندىن ھال-
قىپ كەتكەن گېرمانىيە ، نېمىس ۋە ياۋروپا ئالىملىرىنى ئىك-
كىنچى جاھان ئۇرۇشىدا ئېلىپ كېتىپ ئىلىم ـ پەن مەركىزىنى
يېڭىدىن ھاسىل قىلغان ئامېرىكا ، غەرب دۇنياسىنى دورىسىمۇ
ئۆزگىچە مىللىي ئۇسلۇبتا جاھانغا يۈرۈش قىلغان ياپونىيىلەر ئەنە
شۇ ئۆزلىكتىكى ئەقىل بايلىقى بىلەن دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان
دەۋرلىرىدىكى مەدەنىيەت سەركىسى بولدىغۇ ؟ بۇنداق ئىكەن
ئۆزلىكنى بايقاش ، ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئاختۇرۇپ ئۆز
كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرىدىغان روھنى جانلاندۇرۇش ھازىرمۇ
ھەر ئادەم ۋە خەلقنىڭ مەۋجۇت بولۇش ۋە ياشاپ قېلىشتىكى
تەبىئىي تەرتىپىدۇر . تارىختىكى پاسسىپ پاكىتلارنى نەزەرگە
ئالغاندىمۇ ھەر بىر جەمئىيەت ۋە خەلق بېشىدا كۆرۈلگەن ئاپەت
ۋە ئەنسىز ۋەقەلەر ئادەمدىكى روھنىڭ بۇلغىنىشى ، بۆلۈنىشى ،
زەئىپلىشىشى ، بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا ، ئۆزلىكتىكى ئە-
قىلنى نۇرلاندۇرىدىغان ئەقىدە بىلەن ئىجادچان بىر مائارىپ
قوشۇنىنىڭ يوقلۇقىدىن يۈز بەردى . بۇنىڭ سەۋەبى نېمە ؟
ئىجتىمائىي ۋەقەلەر ھادىسە بولسا ، ئادەمنىڭ دىلى ماھىيەتتۇر .
بىر جەمئىيەتتە ھەر قانچە ئېغىر قەھەتچىلىك يۈز بەرگەن تەق-
دىردىمۇ ، تەپرىقە ئۇلارنى ھالسىزلاندۇرغان بولسىمۇ ، ئادەملەر
دىلىدىكى ئەقلىي ئويلايدىغان پەلسەپىۋى پىكىر ، ئەمەلىي ئىش-
لەيدىغان تەبىئىي تەرتىپ ساقلىنىپ قالىدىكەن ، ئۇ جەمئىيەت
تۈزۈلىدۇ ، راۋاجلىنىدۇ . ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا خاراب بول-
غان گېرمانىيە ، ياپونىيىلەر شۇنىڭ مىسالى . ئەگەر ئۇ جەمئى-
يەتتە ماددىي بايلىق ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرسىمۇ ، كىشىلەر ۋۇ-
جۇدىدىن تاشقىرىدا تۇرىدىغان ئاللىقانداق نەرسىلەرنى كۆز ـ
كۆز قىلىپ ياشايدىغان يوسۇن تۇرغۇزغانىكەن ، بۇ جەمئىيەت
گۇمران بولىدۇ . چۈنكى شەخسلەر ھەرىكىتى ، ھېسسىياتى
تۇرمۇشىدىكى مەنىۋى كرىزىس ئۇ جەمئىيەتنىڭ گۇمران بولۇ-
شىدىكى نېگىزلىك ئاساس ۋە سەۋەبتۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن يەنە
ئېيتىمىزكى ، ئۆز جەمئىيىتىگە مەسئۇل بولىمەن دەيدىغان ھەر
بىر ئادەم ئۆزلىكنى بايقاش ۋە ئۇنىڭدىكى ئەقىل ، پەزىلەت بايلى-
قىنى قېزىپ ئىجاد قىلىدىغان يول تۇتۇش ئاقىللىق ، مەيۈسلە-
نىپ ، ھۇدۇقۇپ كېتىش نادانلىقتۇر . ئادەملەر پەقەت مۇشۇ يولدا
مېڭىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندىلا ئۆزىنى بىلىشكە يېتىپ بارىدۇ ،
ئۆزىنى تولۇق بىلىپ يېتىش بولسا ئادەملەرنى يوسۇنغا ئايلانغان
چۈپەيلىكلەردىن ھالقىپ ئۆتىدىغان ئىدراكقا ئېلىپ بارىدۇ .
چۈپەيي ئىشلارغا ئۆزىنى قۇربان قىلىش ھەر قانداق جەمئىيەتتە
پاسسىپلىقتۇر . ئاكتىپ كىشى بولسا ئەنە شۇ ھاياتنى تەشكىل
قىلىدىغان ۋاقىت بىلەن ھاياتنى قوغدايدىغان ئىقتىسادنى خورى-
تىدىغان چۈپەيي يوسۇنلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىجتىھاد قىل-
غۇچىدۇر .

ئاكتىپلىق بىلەن پاسسىپلىق خۇددى ماگنىت تېشىنىڭ
ئىككى تەرىپىدە تۇرغان ئىككى قۇتۇپقا ئوخشايدۇ . ھەرىكەت
جەريانىدا ئاكتىپلىق تەرەپكە ئۆتۈش ئۆزلىكنى بايقاش ، ئۆزلىك-
تىكى ئەقىل تېپىلىرىغا پەرۋانە بولۇش جەريانىدا شەكىللىنىدۇ .
بۇنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ سەۋەب شۇدۇركى ، ئەقىل چوڭقۇرلاپ
كېتىۋاتقان تەپەككۇردا كۆچىيىپ ، چۈپەيي ھەرىكەتلەردە ئا-
جىزلاپ كەتكۈچىدۇر ؛ روھ ئىجادىي ئىزدەنگەندە مۆجىزە يارات-
قۇچى بولسا ، ئىجادىيەت ۋەزىپىسىنى تاشلىۋەتكەندە ، غەيرىي بىر
مەدەنىيەتكە ئېغىپ كەتكۈچىدۇر . بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنى باي-
قاش ئادەم ۋە ئالەم ھەققىدىكى تارىخىي ئويلىنىشنىڭ خاتىمىسى
سۈپىتىدە ئەقىلنى نۇرلاندۇرغۇچى ، روھنى يېڭى رىغبەت بىلەن
قوزغىغۇچى بولۇپ ، ئۇ بىزنى يېڭى روھ ۋە يېڭى قانائەت ئاتا
قىلغۇچى ماددىي ۋە مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىجاد قىلىدىغان تە-
بىئىي تەرتىپكە باشلاپ بارىدۇ . بۇ ھەقىقىي ئاكتىپلىق ئەمەس-
مۇ ؟

ھەقىقىي ئاكتىپلىق ، چۈنكى ، ئادەم دېگەن تۇغۇلۇپ
ئۆلگىچە بېشىدا مىڭ تاش تۈگمەن چۆرگىلەيدىغان مەخلۇق .
ئۇنىڭ ھۇزۇر ھالاۋىتى ياكى خار ـ زارلىقى توسۇۋالغىلى بول-
مايدىغان تەبىئىي ئاپەتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئاساسلىقى ئۆ-
زىنىڭ شورى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ . بۇنداق بىر جەريانغا ئالدى
بىلەن ئۇنىڭ ئۆزى ئىشتىراك قىلماي مۇمكىنمۇ ؟ شۇڭا ، بىز
ئۆزلىكنى بايقاشنى ، ھەر كىم ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئەقىل نۇرىنى
ئېچىشنى زامانىمىزنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە يېتىپ مېڭىشنىڭ
تەبىئىي تەرتىپى دەپ قارايمىز .

# ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىش كېرەك

ۋۇدۇنفۇ

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋۇدۇنفۇ 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئېچىلغان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەشۋىقات، مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش بويىچە تۇنجى قارارلىق ئۆگىنىش كۇرسىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسىنى ئاداققىچە ئېلىپ بېرىش كېرەك. 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى قايتا تەربىيە ئېلىپ بېرىش بويىچە ئېچىلغان تەشۋىقات ساھەسىدىكى رەھبەرىي كادىرلار يىغىنىدىمۇ يولداش ۋۇدۇنفۇ يەنە شۇنى تەكىتلىدى، ھەممە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى يولداش ۋاڭ لېچۈەن، رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت، مۇئاۋىن شۇجى جۇشىڭتاۋ، ئىسمائىل تىلىۋالدىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى مۇھىم سۆزلىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى، كۈرەشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشنى تەكىتلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش ۋاڭ لېچۈەننىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەشنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى يوليورۇقى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ پىكرىگە ئەمەل قىلىپ ھازىر بۇ كۇرسنى ئاچتۇق. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەشۋىقات، مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى بويىچە ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىشى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۇ يىللىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى، كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيىلەش ئۇسۇلى بويىچە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى، ئاكتيورلۇق، ئاخبارات ـ نەشرىيات، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، مەدەنىيەت باشقۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تۈركۈم خىزمەت تايانچلىرىغا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇش توغرىسىدا بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيە بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ، كۇرس تۆت قارار ئېچىلىدۇ.

ۋۇدۇنفۇ ئالاھىدە تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: بىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش سالمىقىمىز تېخى دېگەندەك زور ئەمەس، ئوت كۈچىنى تازا مەركەزلەشتۈرۈپ كېتەلمىدۇق، قوشۇنىمىزدىكى بەزى يولداشلارنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى ئېنىق ئەمەس، ئاگاھلىقى ۋە ھوشيارلىقى دېگەندەك يۇقىرى ئەمەس، سىياسىي جەھەتتىكى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى دېگەندەك كۈچلۈك ئەمەس، بەزى يولداشلار ھەق ـ ناھەق ئالدىدا مەردانىلىك بىلەن پاش قىلىشقا، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ، پوزىتسىيىسى قەتئىي، مەيدانى ئېنىق ئەمەس، ئۇلار كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ قالغان، ئاز ساندىكى كىشىلەر ئىدىيە ۋە ھېسسىيات جەھەتتە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى ۋە سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە ھېسداشلىق قىلىپ، تەشۋىقات ـ ئىدىيە سېپىدىكى خىزمەت قۇلايلىقىدىن پايدىلىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە يېشىل چىراغ يېقىپ بەردى. بۇ ئىشلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەشنى كۈچەيتىش بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق مەزگىللىك خىزمەتلىرىمىزدىكى گەۋدىلىك ۋەزىپە، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەشنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇشنىڭ تەخىرسىزلىكى ۋە ئىنتايىن مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، سىياسىي ئاڭ، ئومۇمىيەت ئېڭى، مەسئۇلىيەت ئېڭى ۋە بازار ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «زېمىننى قوغداشتا مەسئۇلىيىتىمىز بار» دېگەننى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

يولداش ۋۇدۇنفۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: نۆۋەتتە خەلقئارا ۋەزىيەت مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان بولماقتا. بولۇپمۇ «11 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن بۇيان خەلقئارا ۋەزىيەتتە يەنە بىر مۇنچە مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى پەيدا بولدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى تېخىمۇ ئۆسۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى مىسلىسىز ئۆستى. مەركەزنىڭ غەربىي رايوننى ئېچىش ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ زور تەرەققىي قىلىش، زور گۈللەش ئىستىقبالىغا بولغان ئىشەنچىمىز كامىل. لېكىن، بىز ھەر قانداق ۋاقىت ۋە ئەھۋالدا دىئالېكتىكىلىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشىمىز، بولۇپمۇ نۆۋەتتە تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشىمىز، بولۇپمۇ نۆۋەتتە تۆۋقسىز

خېيىمخەتەرلەرنى ئويلاپ تۇرۇشىمىز ، مۇداپىئەدە تۇرۇش ئېڭىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك .

نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەتتە بىز دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇنۇ بەش مەسىلە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىيدۇ : ھازىر زورمىگەرلىك ۋە زومىگەرلىك سىياسىتىدە يېڭى تەرەققىيات بار ، ئىقتىسادىي مۇستەملىكىچىلىكتە يېڭى تەرەققىيات بار ، ھەربىي مۇداپىئەچىلىكتە يېڭى تەرەققىيات بار ، ئۇچۇرلارنىڭ تورلىشىشىدا يېڭى تەرەققىيات بار ، خەلقئارا تېررورچىلىقتا يېڭى تەرەققىيات بار . شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، تېررورچىلىق كۈچلىرى ، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ، خەلقئارادىكى تېررورچى كۈچلەر ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە غەرب دۇنياسىدىكى ئېلىمىزنى « غەربلەشتۈرۈش » ، « بۆلۈپ تاشلاش » قا ئۇرۇنىدىغان سۈيىقەستچى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتمەكتە . شۇنداقلا شىنجاڭدىكى بۇ ئۈچ خىل كۈچ ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ ، قەلەم ۋە ئەلەم بىلەن ئېلىشىشنى كۈچەيتمەكتە . بۇ نەيرەڭ ئۇلارنىڭ 80 ـ يىللاردىن بۇيان ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇپ ئىشقا سالىدىغان ئەكسىلئىنقىلابىي ئىككى قولىدۇر . ئۇلارنىڭ ئەلەم بىلەن ئېلىشىش ئۇسۇلى خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى بىلەن « بېشىنى كۆتۈرگەن ھامان تاياق يەيدىغان » ۋەزىيەتكە توغرا كېلىپ قالغانلىقتىن ، ئەمدى قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىشنى كۈچەيتمەكتە . يېقىندا ئۇلار ۋاستىسىنى ئۆزگەرتتى . چەت ئەللەردىكى ئۈچ خىل كۈچ ئاتالمىش « تىنچ تۇرۇپ غازات قىلىپ » ، « ئۇرۇشماي غەلىبە قىلىش » شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى . بۇ ئۇلارنىڭ قەلەم بىلەن ئېلىشىشنى كۈچەيتىپ ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە سىڭىپ كىرىش ، ئاغدۇرمىچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كېڭەيتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ ئەلۋەتتە بىزنىڭ يۈكسەك ھوشيارلىقىمىزنى ۋە دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ . بىز بۇ كۇرستا يولداشلارغا شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۈچ خىل كۈچنىڭ « قەلەم » ۋە « ئەلەم » دىن ئىبارەت ئەكسىلئىنقىلابىي ئىككى قوللۇق ۋاستە بىلەن ھۇجۇم قىلغان ، ئاغدۇرمىچىلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئەھۋاللارنى ئۇقتۇرىمىز . كىشىنى چۆچۈتىدىغان بۇ ۋەقەلەر ۋە پاكىتلار بىزگە چوڭقۇر تەربىيە بولىدۇكى ، بىزنى تونۇشنى ئۆستۈرۈشكە ، پوزىتسىيىنى توغرىلاشقا ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ، قوزغىلىپ كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ . شۇڭا ، بىز تەدبىر قوللىنىپ ، ئاڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى قاراپ تۇرۇپ تاياق يەيدىغان پاسسىپ ئەھۋالنى ئۈچ خىل كۈچنىڭ غەيرىي زوراۋان ھەرىكەتلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تارمار قىلىشقا ، ئۇلار « بېشىنى كۆتۈرگەن ھامان ئۇرىدىغان » يۇقىرى بېسىم ۋەزىيىتىگە ئۆزگەرتىپ ، ئۇلارنى سۈيىقەستلىرىگە زادىلا يېتەلمەيدىغان قىلىۋېتىشىمىز كېرەك .

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئۈچ خىل كۈچنىڭ غالجىر ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈش ھەمدە بۇ كۈرەشنى ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ، مەن يولداشلارغا تۆۋەندىكى تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىمەن .

بىرىنچى ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ، پۈتۈن زېھنىمىز بىلەن بېرىلىپ ئۆگىنىپ ، ئىدىيىۋى تونۇشنى ھەقىقىي تۈردە ئۆستۈرۈپ ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، « ئىدىيىدە قوراللىنىش » مەسىلىسىنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىش كېرەك . مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىش داۋامىدا « بەش خىل نۇقتىئىنەزەر » مەسىلىسىنى ھەقىقىي تۈردە تۇرغۇزۇش بىزنىڭ ئاڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئۈچ خىل كۈچنى پەرقلەندۈرۈش ، توسۇش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىشتىكى ئەڭ نېگىزلىك مەسىلە .

ئىككىنچى ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشتىن ئىبارەت ئېسىل ئۆگىنىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ ، قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق نەزەرىيە سۆزلەيدىغان ۋە يۈزەكىي ئۆتۈپ كېتىدىغان شەكىلۋازلىققا قارشى تۇرۇش كېرەك . ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە داۋامىدا ئۆزىنى شۇنىڭ ئىچىگە قويۇپ ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ، يېتەرسىزلىك ۋە مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىش كېرەك . بۇ تەشۋىقات ئىدىيىۋى سېپىدىكى قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ، كۈرەش كۈچىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم ئاچقۇچ .

ئۈچىنچى ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ئاساسىدا بەزى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ئويلاپ كۆرۈش كېرەك . بۇنىڭدىكى مەقسەت ، ھەر كىم ئۆزى باشقۇرغان ساھەدىكى « بازا » دا ئۈچ خىل كۈچنىڭ سىڭىپ كىرىش ئىپادىسى بارمۇ ؟ قانداق مەسىلىلەر ساقلاندى ياكى يۈز بەردى ؟ يوشۇرۇن ئاپەت ياكى كاۋاكلار بارمۇ ؟ دېگەن سوئاللار بويىچە « بازا » نى ئەستايىدىل تازىلاش ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى قاتارغا تىزىش ۋە تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت .

تۆتىنچى ، « سۆزلەش ھەم ئىشلەش » كېرەك . ئۆگىنىش كۇرسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، « ئەسكەرلەرنى بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۆتكەللەرنى ئىگىلەش ، نىزام ۋە تۈزۈم تۇرغۇزۇش » مەسىلىسىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ۋە تېز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئۈچ خىل كۈچكە قارشى كۈچلۈك مۇداپىئە سېستىمىسى تۇرغۇزۇش ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك . دۆلەتنىڭ قانۇن ـ نىزام ، قائىدە ۋە سىياسەتلىرى بويىچە جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى بازىسىدىكى ھالقىلار ۋە ئېغىزلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپلا قالماستىن ، بەلكى ، تەشۋىقات خىزمىتى داۋامىدىكى سىياسىي ۋەقەلەر مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ھەقىقىي تۈردە تۇرغۇزۇش ۋە يولغا قويۇش كېرەك . شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئۈچ خىل كۈچكە قارشى تېزلىكتە ئىنكاس قايتۇرۇش مېخانىزمىنى قانداق تۇرغۇزۇش ، « باش كۆتۈرگەن ھامان ئۇرۇش » فاڭجېنىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش كېرەك .

# دېڭ شياۋپىڭنىڭ ماركسىزملىق پەلسەپە تەرەققىياتىغا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى

ياسىن سېيىت

يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىمىزنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك يادروسى ، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلىشنى ئاساسىي بەلگە قىلىپ ، ماركسىزمغا ، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىگە كۆپ تەرەپلەردىن ئىجادىي تۆھپىلەرنى قوشتى . بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىق ۋە جەۋھەرلىك ئورۇندا تۇرىدىغىنى ، ئۇنىڭ ماركسىزملىق پەلسەپە تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسىدۇر . بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتە ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بىر قاتار نەزەرىيىلىرى ۋە زور تەدبىرلىرىنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن ، بەلكى بۇ نەزەرىيە ، نۇقتىئىنەزەر ۋە تەدبىرلەرگە سىڭگەن پەلسەپىۋى ئىدىيىلەرنى ئۆگىنىشكە ، يەنى ئۇنىڭ مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ۋە ھەل قىلىشتىكى مەيدان ، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك . مۇشۇنداق قىلغاندىلا ، ئاندىن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلەردىكى مەزمۇنىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ، ئەمەلىيەت داۋامىدا بۇ نەزەرىيىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرالايمىز .

## 1 . ماركسىزملىق پەلسەپە ۋە ماۋزېدوڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدىكى بەزى مۇھىم نۇقتىئىنەزەرلەرنى قايتىدىن تەكىتلىدى ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كونكرېتلاشتۇردى

يولداش دېڭ شياۋپىڭ تىنچلىق ۋە تەرەققىيات دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي تېمىسىغا ئايلانغان يېڭى تارىخىي شارائىتتا ، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا گەرچە ماركس ، ئېنگېلس ، لېنىنلارغا ئوخشاش ماتېرىيالىزم ، بىلىش نەزەرىيىسى ، دىئالېكتىكىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى مەخسۇس بايان قىلمىغان ، يولداش ماۋزېدوڭغا ئوخشاش « ئەمەلىيەت توغرىسىدا » ، « زىددىيەت توغرىسىدا » دېگەندەك پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ، ئۇ ماركسىزملىق پەلسەپىنى قوللىنىشقا ۋە تەتقىق قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ ، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ ئۆز ئارا باغلىنىشى ، ئاممىۋى نۇقتىئىنەزەر ۋە ئاممىۋى لۇشيەن ، ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى قاتارلىق پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنى ھەمدە ماركسىزملىق پەلسەپىنى ئۆگىنىش ، بولۇپمۇ ماۋزېدوڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشنى كۈچلۈك تەكىتلىدى ۋە تەشەببۇس قىلدى . گەرچە ئۇنىڭ بۇ توغرىسىدىكى تەكىتلەشلىرى ۋە تەشەببۇس قىلىشلىرى پەلسەپە نەزەرىيىسىگە يېڭىدىن كۆپ مەزمۇنلارنى قوشمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئەڭ مۇھىمى يۇقىرىقى پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنى كۈچلۈك رېئال قاراتمىلىققا ئىگە قىلىپ ، ئۇنىڭ كىشلەرنىڭ نەزەرىيىۋى خىزمىتى بىلەن ئەمەلىي خىزمىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رېئال تۇرمۇشىدىكى مۇھىم يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى .

ئۇنىڭدىن باشقا يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزملىق پەلسەپە ۋە ماۋزېدوڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدىكى بەزى نۇقتىئىنەزەرلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كونكرېتلاشتۇرۇپ ماركسىزملىق پەلسەپە ۋە مازېدوڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى بېيىتتى . « ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش » ، بۇ ئەسلىدە ماۋزېدوڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدىكى يادرولۇق مەسىلە بولۇپ ، يولداش ماۋزېدوڭ 1940 ـ يىللاردىلا بۇ مەسىلە ئۈستىدە چوڭقۇر بايانلارنى ئېلىپ بارغان . لېكىن ، بۇنىڭدا ئۈچ ئاساسىي نۇقتا بارلىقىنى ، يەنى ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەت جەريانىدا سىناش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى ئېنىق كۆرسەتكەن كىشى دېڭ شياۋپىڭدۇر . يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بايانلىرىدا ، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنىڭ يولى ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەت جەريانىدا سىناش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشـ

نىڭ مۇھىم شەرتى قىلىنغان . بۇ ئۇچىنى بىرلەشتۈرۈپ ، ھەقىـ
قەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت بۇ پەلسەپىۋى مەسىلىگە
قارىتا بىر پۈتۈن تونۇشنى ئېنىق شەكىللەندۈرۈش يولداش دېڭ
شياۋپىڭنىڭ بىرىنچى چوڭ تۆھپىسىدۇر .

« ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۆلچىمى نۇقتىئىنەزەرى » ،
بۇ مەسىلىنى يولداش ماۋزېدۇڭ 1945 ـ يىلى پارتىيىنىڭ 7 ـ
قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويغان ، لېكىن ، كېيىن بۇ نۇقتىئىيەزەردە
ئىزچىل چىڭ تۇرۇلمىدى . يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭى تارىـ
خىي شارائىتتا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۆلچىمىنى قايتىدىن
ئورنىتىپلا قالماستىن ، بەلكى ، بۇ ئۆلچەمنى « ئاساسلىقى ئۇنىڭ
سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى
راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىگە ، سوتسىـ
يالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنىڭ ئېشىشىغا پايدىلىق
ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىگە ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى
ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىگە قاراش كېـ
رەك » ( « دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما » 3 ـ توم ،
ئۇيغۇرچە نەشرى 775 ـ بەت ) دېگەنگە كونكرېتلاشتۇردى . بۇ
« ئۈچ پايدىلىق بولۇش » ئۆزۈل ـ كېسىل تارىخىي ماتېرىيا-
لىزملىق نۇقتىئىنەزەردۇر .

2 . ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ باقمىغان بەزى پەلسە
پىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، بەزى يېڭى پەلسە
پىۋى ئومۇملاشتۇرۇشلارنى جاكارلىدى

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزمدا ئەزەلدىن بار بولغان
پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنى قايتا تەكىتلىگەن ، قوللانغان ۋە
يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا كونكرېتلاشتۇرغاندىن باشقا ، ئۇ يەنە
پەلسەپىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئىلگىرىكىلەر ئوتتۇرىغا قو-
يۇپ باقمىغان يېڭى پەلسەپىۋى ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ،
بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ پەلسەپە جەھەتتىكى نەزەر دائىرىسىنى
كېڭەيتىپ ، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىـ
رىگە بولغان پەلسەپىۋى چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ،
ماركسىزملىق پەلسەپە ۋە ماۋزېدۇڭ پەلسەپە ئىدىيىسى خەزىنىسىگە
يېڭى مەزمۇن قوشتى . بۇ نۇقتا ، ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئىككى
يېڭى پەلسەپىۋى ھۆكۈمدە ئالاھىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ :

( 1 ) « ئىسلاھاتمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىـ
لىدۇ » دېگەن ھۆكۈم . ئىنقىلاب ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى
ئازاد قىلىدۇ ، بۇ ماركسىزملىق پەلسەپىدىكى بىر ئەنئەنىۋى تۈپ
نۇقتىئىنەزەر بولۇپ ، بۇ نۇقتىئىنەزەرنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكى
ئاللىبۇرۇن ئەمەلىيەت تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان . لېكىن ، ماركـ
سىزمچىلار ئىلگىرىكى پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرىدە ، ئومۇمەن
سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە بارغاندا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى

ئازاد قىلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالغان بولىدۇ ، كىشىلەر پەقەت
يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئاساسىدا ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرىنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقىلا ئېھتىياجلىق بولىدۇ
دەپ قاراپ كەلگەن . ئەمەلىيەت بۇ خىل پىكىر ۋە چۈشەنچىدە
مۇئەييەن بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى . سوتسىيا-
لىزم تۈزۈمى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يۇقىرى سۈرئەتتە تە-
رەققىي قىلدۇرۇشى ھەمدە كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭكىدىنمۇ يۇ-
قىرى بولغان ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى يارىتىشى كېرەك . مەملىكـ
تىمىزدە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىن ، ھەر قايسى
تەرەپلەردىن ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى . لېكىن ،
شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى
تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىدى . بۇنىڭدىكى بىر مۇھىم سەۋەب ،
ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە ۋە باشقا بەزى باشقۇرۇش تۈزۈلمىلىرىدە
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىـ
غان ، ھەتتا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر
هالدا توسقۇنلۇق قىلىدىغان نۇرغۇن نۇقسانلارنىڭ مەۋجۇت بو-
لۇپ تۇرغانلىقىدۇر . شۇڭا سوتسىيالىزم شارائىتىدىمۇ ئىشلەپچىـ
قىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش مەسىلىسى يەنىلا مەۋجۇت .
مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ تارىخىي
تەجرىبىلەر ئۈستىدە ئويلىنىش ۋە يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش
ئاساسىدا : « ئىنقىلاب ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ ،
ئىسلاھاتمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ . جاھانگىر-
لىك ، فېئوداللىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ ئەكسىيەتچىل
ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىشلەپـ
چىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ـ بىر ئىنقىلاب . دېمەك ،
ئىنقىلاب ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ . سوتسىيالىسـ
تىك ئاساسىي تۈزۈم ئورنىتىلغاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى
تۈپتىن ئۆزگەرتىپ ، جۇشقۇن ۋە ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشـ
قان سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىپ ئىشلەپـ
چىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكىمۇ توغرا
كېلىدۇ ، بۇ ـ بىر ئىسلاھات ، دېمەك ئىسلاھاتمۇ ئىشلەپچىقـ
رىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ . ئىلگىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچـ
لىرىنى سوتسىيالىزم شارائىتىدا تەرەققىي قىلدۇرۇشلا تىلغا ئېلىـ
نىپ ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنە ئىسلاھات ئارقىلىق ئازاد
قىلىش لازىملىقى تىلغا ئېلىنمىغانىدى ، بۇ ئەتراپلىق بولمىغان .
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەڭ تىلغا ئېلىش لازىم » ( «
دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما » 3 ـ توم 769 ـ 770 ـ
بەتلەر ) دەپ ئوتتۇرىغا قويدى . بۇنىڭغا ئاساسەن ، ئۇ يەنە 1992

ـ يىلى جەنۇبنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە قىلغان سۆزىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىرلىكتە سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىگە يىغىنچاقلاپ كىرگۈزدى. « ئىسلاھاتمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ » دېگەن بۇ ھۆكۈم « ئىنقىلاب ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ » دېگەن ھۆكۈمنىڭ داۋاملىشىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىدۇر. ئىسلاھات بىلەن ئىنقىلابنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغانلىقتىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ « ئىسلاھاتمۇ ئىنقىلاب » دەپ ئاتاشنى كۆپ قېتىم قوللانغان. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ يەنىلا مەۋجۇت بولىدىغانلىقى ۋە ئىسلاھات ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزىرى، ماركسىزمنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى زور دەرىجىدە بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى.

( 2 ) « پەن ـ تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى » دېگەن ھۆكۈم. پەن ـ تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى نۇقتىئىنەزىرى، ماركسىزمنىڭ بىر تۈپ نۇقتىئىنەزىرى بولۇپ، ماركس « كاپىتال » 1 ـ تومدا « ئەمگەكنىڭ ئۈنۈمدارلىق كۈچى مۇرەككەپ ئەھۋاللار بىلەن جۇملىدىن، ئىشلارنىڭ ئوتتۇرىچە مەلىكىلىك دەرىجىسى بىلەن، ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە ئۇنىڭ ھۈنەر ـ سەنئەتتە تەتبىقلىنىش دەرىجىسى بىلەن، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئىجتىمائىي بىرلىشىش بىلەن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ كۆلىمى ۋە رولى بىلەن شۇنىڭدەك تەبىئىي شارائىتلار بىلەن بەلگىلىنىدۇ. » ( « ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئەسەرلىرىدىن تاللانما » سىياسىي ئىقتىساد قىسمى، 87 ـ 88 ـ بەتلەر ) دەپ كۆرسەتكەن. بۇ بىر ئابزاس سۆز، ماركسنىڭ پەن ۋە تېخنىكىنى ئىشلەپچىقىرىش كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ماۋزېدۇڭ 1963 ـ يىلى 12 ـ ئايدا مەركىزىي كومىتېت ئىلىم ـ پەن گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا پىلانىنى ئاڭلىغاندا، پەن ـ تېخنىكىدىن ئىبارەت بۇ ئىنقىلابنى چوقۇم ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئېلىپ بارغاندىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك، پەن ـ تېخنىكا بىلەن شۇغۇللانمىغاندا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئامالسىز قالىمىز دەپ تەكىتلىگەن. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركس بىلەن ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ ئىدىيىسىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، « ماركس، پەن ـ تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش كۈچىدۇر دېگەنىدى، ئەمەلىيەت بۇ سۆزنىڭ ئىنتايىن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، مېنىڭ قارىشىمچە، پەن ـ تېخنىكا ـ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى » ( « دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما » 3 ـ توم 567 ـ بەت ) دەپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىق كۆرسەتتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ « پەن ـ تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى » دېگەن بۇ ھۆكۈمى، ھازىرقى زامان دۇنيا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى بىلەن يېڭى تەجرىبىلىرىگە قارىتا ئېلىپ بارغان يېڭى ئومۇملاشتۇرۇشى بولۇپ، روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. دەل ئۇ 1978 ـ يىلىدىكى بىر قېتىملىق سۆزىدە كۆرسەتكەندەك : « ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسى ئۇلۇغ بىر ئىنقىلابنى باشتىن كەچۈرمەكتە. يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان، ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسى ئايرىم ئىلىم ـ پەن نەزەرىيىسى، ئايرىم ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى جەھەتتە راۋاجلىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغىنى يوق، ئومۇمىي مەنىدىكى تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات بىلەنلا توختاپ قالغىنى يوق، بەلكى پەن ـ تېخنىكىنىڭ ھەممىلا ساھەسىدە دېگۈدەك چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، يېڭى سەكرەش ۋۇجۇدقا كەلدى . . . ئىجتىمائىي ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنىڭ قىياپىتى يېڭىلانماقتا. » ( « دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما » 2 ـ توم 185 ـ 186 ـ بەتلەر ) بۇ ئۇنىڭ « پەن ـ تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى » دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنىڭ بەلگىلىك دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە خەلقئارا مۇھىتىدۇر. مەملىكەت ئىچى مۇھىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ جۇڭگو دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن، ئىشنى ئىلىم ـ پەن ۋە مائارىپتىن باشلاش كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. دەل مۇشۇنداق بەلگىلىك دەۋر، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەھۋالدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزمنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش كۈچى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرىدە چىڭ تۇرغان ئاساستا، بۇ ئىدىيىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

3. ھازىرقى زامان جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى بارلىققا كەلتۈردى

ماركسىزمچىلار پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن خىزمەت ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىشقا ئەزەلدىنلا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن خىزمەت ئۇسۇلى پەلسەپىۋى مېتودولوگىيىنىڭ ئەمەلىيەتتە قوللىنىلىشى بولۇپ، خىزمەت ئۇسۇلىنىڭ ماھىيىتى پىكىر قىلىش ئۇسۇلى مەسىلىسىدۇر. تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا پەلسەپىۋى مېتودولوگىيە مەسىلىسى پەلسەپە جەھەتتىن تەربىيىلىنىش مەسىلىسىدۇر. يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىمىزنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىدىكى

يادرولۇق شەخسكە ئايلانغاندىن كېيىن ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ، ئاممىۋى لۇشيەن ، مۇستەقىل ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش قاتارلىق تۈپ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلغاندىن باشقا ، ئۇ يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە مۇھىم پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى بارلىققا كەلتۈردى :

( 1 ) « يەكدىللىك بىلەن بوشاشماي چىڭ تۇتۇش » . 1980 – يىلى 2 – ئايدا ، ئۇ پارتىيىنىڭ 11 – نۆۋەتلىك 5 – ئومۇمىي يىغىنى 3 – سانلىق يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە : « پارتىيىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى سىياسىي لۇشيەنى ، يىغىپ ئېيتقاندا يەكدىللىك بىلەن تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش . . . بۇ ئىشنى زادى بوشاشماي چىڭ تۇتۇش لازىم ، بىر كۈنمۇ ھايال قىلىشقا بولمايدۇ » ( « دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما » 2 – توم 597 – 598 – بەتلەر ) دەپ كۆرسەتكەن . « يەكدىللىك بىلەن بوشاشماي چىڭ تۇتۇش » ئۇسۇلى بىزدىن ئىقتىسادىي خىزمەتتىن ئىبارەت بۇ مەركىزىي خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلماسلىقنى ، ئارىسالدى بولماسلىقنى ، بىلىش ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە قەتئىي بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . بۇ ئۇسۇلغا ئاساسەن ، بىز ھەممىدە تەۋرەنمەستىن ، باشتىن – ئاخىر بىردەك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىمىز ، باشقا بارلىق خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇ خىزمەتنى چۆرىدىگەن ئاساستا ئېلىپ بېرىلىشى ، بۇ خىزمەتنى ھەر قانداق كاشىلىغا ئۇچراتماسلىقىمىز كېرەك . « يەكدىللىك بىلەن بوشاشماي چىڭ تۇتۇش » ئۇسۇلى ناھايىتى مۇھىم يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە . ئۇ بىزدىن ھەر قانداق ۋاقىتتا ، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ، ۋەزىيەتنى توغرا تەھلىل قىلىپ ، تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى سوغۇققانلىق بىلەن ھەل قىلىشنى ، خىزمەت ۋەزىيىتىنى قەتئىيلىك بىلەن ئىگىلەپ ، ھەر قايسى تەرەپلەردىكى خىزمەتلەرنى پۇختا ھالدا ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ . ئۇ بىزدىن ناھايىتى كۈچلۈك مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا ۋە توسالغۇغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشنى ، توغرىلىقىغا كۆز يەتكەن ئىشلارنى دادىللىق بىلەن ئىشلەشنى ، دادىللىق بىلەن يول ئېچىشنى تەلەپ قىلىدۇ .

( 2 ) « پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي تاپقۇزۇش » . بۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1992 – يىلى باھاردا جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزىدە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان بىر ئۇسۇل . نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزنى تەرەققىي تاپقۇزىمىز ؟ چۈنكى نۆۋەتتە بىزنىڭ سەۋىيىمىز تېخى بىر قەدەر ئارقىدا قالغان . بۇنى ئاساسلىق كونا جەمئىيەتتىكى فېئودال ھۆكۈمرانلىق بىلەن جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىزنىڭ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشىمىزدىمۇ مەلۇم خاتالىقنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن بولغان . دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ، بىز ئۆزىمىزنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك . كەلگۈسىدە بىز تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كېتەلىگەن تەقدىردىمۇ ، خەلق ئاممىسىنىڭ يەنە داۋاملىق ئېشىپ بارىدىغان ماددىي مەدەنىيەت ئېھتىياجىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، بىز يەنە ئۆزىمىزنى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈشىمىز كېرەك . بۇ نۇقتىغا نىسبەتەن ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ : « تەرەققىيات – چىڭ قائىدە » ( « دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما » 3 – توم 787 – بەت ) دەپ تەكىتلىگەن . « پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي تاپقۇزۇش » تىن ئىبارەت بۇ ئۇسۇلنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئۆزىمىزنى تەرەققىي تاپقۇزۇش ئۈچۈن ، چوقۇم پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش كېرەكلىكىدە . پۇرسەت دېگىنىمىز – شەيئىلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولغان ماكان ، زامان ۋە باشقا پايدىلىق شارائىتلارنى كۆرسىتىدۇ . يولداش دېڭ شياۋپىڭ 90 – يىللاردىن بۇيان خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدە ئېلىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان تېپىلغۇسىز پۇرسەتلەر مەيدانغا كەلدى ، ئۇنى چوقۇم چىڭ تۇتۇش كېرەك دەپ قارىغان ھەمدە : « پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش لازىم ، ھازىرقى پۇرسەتنىڭ ئۆزى ياخشى پۇرسەت ، مەن پۇرسەتنىڭ قولدىن كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن . تۇتماساق پۇرسەت قولدىن كېتىدۇ ، ۋاقىتمۇ ھەش – پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدۇ » ( « دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما » 3 – توم 783 – بەت ) دەپ قايتا – قايتا تەكىتلىگەن . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە باشقا جەھەتلەردىكى زور تەرەققىياتى دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ ئۇسۇلىنىڭ مۇھىملىقىنى ئىسپاتلىدى .

( 3 ) « ئىككى قولدا تۇتۇش ، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش » . بۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭ 80 – يىللاردىن بۇيان قايتا – قايتا تەكىتلىگەن بىر خىل ئۇسۇل بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدىكى « ئىككى قولدا تۇتۇش » – « ئىككى نۇقتىچىلىق نەزەرىيىسى » نىڭ قوللىنىلىشى ۋە جارى قىلدۇرۇلۇشىدۇر . ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا كىشىلەردىن تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى بىلگەن ۋە بىر تەرەپ قىلغاندا ، ئۇنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي ئىككىلا تەرىپىنى تۇتۇشنى ، بىر تەرەپىنىلا تۇتۇپ بولدى قىلماسلىقنى ، بىر نۇقتىچىلىق قاراشتا بولماستىن ، ئىككى نۇقتىچىلىق قاراشتا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان « ئىككى قولدا تۇتۇش » ناھايىتى كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە : بىر قولدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى تۇتۇش ، يەنە بىر قولدا ئىقتىسادىي جىنايەتلەرگە

زەربە بېرىشنى تۇتۇش ؛ بىر قولدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى تۇتۇش ، يەنە بىر قولدا ، چىرىكلىكنى جازالاشنى تۇتۇش ؛ بىر قولدا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشنى تۇتۇش ، يەنە بىر قولدا قانۇنچىلىقنى تۇتۇش ؛ بىر قولدا ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنى تۇتۇش ، يەنە بىر قولدا مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنى تۇتۇش قاتارلىقلار بار . يولداش دېڭ شياۋپىڭ « ئىككى قولدا تۇتۇش » نى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە « ئىككى قول قاتتىق بولۇش » نىمۇ ئالاھىدە تەكىتلىگەن . بۇ يەردىكى « ئىككى قول قاتتىق بولۇش » ئىككى تەرەپنى تۇتۇشنى كۆرسىتىپلا قالماستىن ، بەلكى ، چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇشنىمۇ كۆرسىتىدۇ . ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش ئاساسلىق ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا كۆرۈلگەن بىر قول قاتتىق بولۇش ، بىر قول يۇمشاق بولۇش ئەھۋاللىرىغا قارىتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان . ئىككى قولدا تۇتۇش ، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش ئىككى قولدا تۇتۇشنىڭ چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇشى ۋە تولۇقلىمىسى . ئىككى قولدا تۇتۇش بىلەن ئىككىلا قول قاتتىق بولۇشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ، ئىككى نۇقتىچىلىق نەزەرىيىسىنى قوللىنىپ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىشتەك ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلى شەكىللەندۈرۈلگەن .

( 4 ) « ھەر قەدەمنى باسقاندا بىر قېتىم ئارقىغا قاراش » . 1993 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى يولداش دېڭ شياۋپىڭ شاڭخەيدىكى ھەر ساھە زاتلار بىلەن بىرلىكتە باھار بايرىمىنى كۈتۈۋالغاندا قىلغان سۆزىدە : « ھەر قەدەمنى باسقاندا بىر قېتىم ئارقىغا قاراش زۆرۈر » ( شىنجاڭ گېزىتى 1993 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ، ئۇيغۇرچە سان 5 ـ بەت ) دەپ كۆرسەتكەن . بۇ ئەمەلىيەتتە ناھايىتى بىر مۇھىم ئۇسۇلنى ئوتتۇرىغا قويغانلىق ، جۈرئەتلىك بولۇش بىلەن مۇۋاپىق بولۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى دىئالېكتىك ھالدا ئىگىلىگەنلىكتۇر . ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش پۈتۈنلەي يېڭى ئىش ، ئۇنىڭدا جۈرئەتلىك بولۇش ، نەشان قەتئىي بولۇش كېرەك ، ئۇنداق بولمىغاندا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ . لېكىن ، بىزدە تەجرىبە بولمىغانلىقتىن ، خىزمەتلەردە ئۇنداق ياكى مۇنداق خاتالىقلاردىن خالىي بولۇش قىيىن ، خاتالىق ئىسلاھاتقا پايدىسىز . شۇڭا يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۈرئەتلىك بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئۇ يەنە : « مۇۋاپىق بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش ، زىيان تارتىشتىن ساقلىنىش ، بولۇپمۇ چوڭ زىيان تارتىشتىن ساقلىنىش لازىم . ئازراق زىيان تارتساق كارايىتى چاغلىق ، ئارقىغا قاراپ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ، كەمچىلىكلەرنى تۈزەتسەكلا بولىدۇ » ( يۇقىرىقى گېزىت 5 ـ بەت ) دەپ ئوتتۇرىغا قويغان . تەجرىبىلەر بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا ھەم ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغىلى ، ھەم خاتالىقنى تۈزىتىشكە ماھىر بولغىلى بولىدىغانلىقنى ، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا تەشەببۇسكارلىقنى ساقلاپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقنى ئىسپاتلىدى .

( 5 ) « زامانىۋىلىشىشقا ، دۇنياغا ، كەلگۈسىگە يۈزلىنىش » . 1983 ـ يىلى 10 ـ ئايدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ بېيجىڭ جىڭشەن مەكتىپىگە : « مائارىپ زامانىۋىلىشىشقا ، دۇنياغا ، كەلگۈسىگە يۈزلىنىشى كېرەك » ( « دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما » 3 ـ توم 68 ـ بەت ) دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەرگەن . بۇ بېغىشلىما مەملىكىتىمىز مائارىپىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، باشقا ھەر قايسى تەرەپلەردىكى خىزمەتلەردىمۇ ئومۇمىي مېتودولوگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە . « ئۈچ يۈزلىنىش » كىشىلەردىن زامانىۋىلاشتۇرۇشنى مەۋقە قىلىپ ، ئىستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ مەسىلىلەرنى كۆزىتىشنى ؛ تېخىمۇ ئېگىزدە تۇرۇش ، تېخىمۇ يىراقنى كۆرۈش . بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ . بىز لۇشيەن ، فاڭجېن ، سىياسەتلەرنى تۈزگەن ، ھەر قانداق بىر خىزمەتنى ئىشلىگەن ۋاقتىمىزدا تار ، بېكىنمىچىلىك نۇقتىئىنەزەرىنى بۇزۇپ تاشلاپ ، ئەنئەنىۋى كونا قائىدىلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ ، زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئومۇمىيلىقتىن ، دۇنيادىن ئىبارەت بۇ كەڭ دائىرىدىن ، كەلگۈسىدىن ئىبارەت بۇ ئۇزاق نۇقتىدىن مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشىمىز كېرەك . بۇ ئۇسۇل ، بىر خىل ئىستراتېگىيىلىك نەزەر ۋە ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە تەپەككۇر ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىدۇ .

ئۇنىڭدىن باشقا ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا تەشەببۇس قىلغان پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئۇسۇللىرىدىن يەنە : زور تارىخىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا بەك زىغىرلاپ كەتمەسلىك ، سىياسىي ھەرىكەت شەكلىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بارماسلىق ، كۈندىلىك كونكرېت خىزمەت داۋامىدا ئابستراكت ھالدا سىياسىي خاراكتېرلىك مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ بارماسلىق قاتارلىقلار بار . بۇ ئۇسۇللار ئىچىدە ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنى ئەمەلىي خىزمەتتە قوللانمىغان ۋە جارى قىلدۇرمىغانلىرىدىن بىرسىمۇ يوق . يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسىتىپ بەرگەن ھازىرقى زامان جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلى ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش كۈرىشى داۋامىدا مۇھىم يېتەكچى رولىنى جارى قىلدۇرۇپلا قالماستىن ، بەلكى ، بۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن ۋە سىڭدۈرۈلگەن پەلسەپىۋى ھەقىقەتلەر كىشىنى ھەر قايسى تەرەپلەردىن تېخىمۇ ئىلھاملاندۇرىدۇ .

# شىنجاڭدا خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى بىر نەچچە تەدبىر توغرىسىدا

جېلىل ناسىر

( لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى )

پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيى مۇنداق كۆرسەتتى : « ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ ، ھەر خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى بىر تۈرلۈك ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمى » ، « خۇسۇسىي ئىگىلىك ـ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى » ، « ئۇنى داۋاملىق ئىلھاملاندۇرۇپ ، يېتەكلەپ ، ساغلام راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم » . دۆلەتنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتتى . خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە رولىغا قارىتا ، 2000 ـ يىلى 6 ـ ئايدا « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نىزامى » ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ ، شىنجاڭنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئاساس تىكلەندى . بولۇپمۇ غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتەك پايدىلىق شارائىت ئاستىدا شىنجاڭدىكى خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئىقتىسادىي رىقابەتنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، بۇ ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن ھاياتىي كۈچ قوشۇپ ھەرىكەتلەندۈرۈش كۈچى ھاسىل قىلىشتىكى مۇقەررەر يول ، پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئايلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستە ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، تېز سۈرئەتتە شەرقىي قىسىم رايونلار بىلەن بولغان پەرقنى كىچىكلىتىشكە پايدىلىق . سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى قۇرۇش ، مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەش داۋامىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكى ئالاھىدە جەسۇر ھاياتى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىپ ، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى ، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، شىنجاڭنىڭ شەھەر ـ يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشنى يېتەكلەش ، ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش جەھەتتە كۈنسېرى تېخىمۇ زور رول ئوينىماقتا . دۆلىتىمىز خەلقئارا سودا تەشكىلاتىغا كىردى ، WTO غا ئەزا بولغاندىن كېيىن ئىچكى ـ تاشقى بازار مۇھىتىدا مۇھىم ئۆزگىرىش بولىدۇ ، بىرىنچىسى ، بازار چەكلىمىسى ئەنئەنىۋى ئىمپورت ـ ئېكسپورت چېگرا چەكلىمىسى كونتروللۇقىدىن بازارغا كىرىش ۋە ئادىل رىقابەت تەركىبىنى قوغداشقا ئايلىنىدۇ ، WTO غا كىرگەندىن كېيىن ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى خاراكتېرلىك سودا چەكلىمىسىدە زور ئۆزگىرىش ۋە ئايلىنىش يۈز بېرىدۇ ، يەنى ئەنئەنىۋى تاموژنا بېجى چەكلىمىسى سىستېمىسى قەدەممۇ قەدەم ئېچىۋېتىلگەن بازار سىستېمىسىغا ئۆزگىرىدۇ . يېڭى مۇھىت شارائىتى ئاستىدا ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە كارخانىلار قانداق قىلىپ بازار ئادىل رىقابەت مۇھىتىنى بەرپا قىلىش ، بازارغا كىرىش رىقابەت تەرتىپىنى قوغداش ۋە مونوپول قىلىۋېلىشقا قارشى تۇرۇش ، نامۇۋاپىق رىقابەتكە ، تولۇقلىمىغا قارشى تۇرۇش قاتارلىق ۋاسىتىلەرگە بولغان چۈشىنىشى تېخى يېتەرلىك ئەمەس ، ئۆزگىرىۋاتقان مۇھىتتىن ئەركىن پايدىلىنىش ، كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن سۆز ئاچقىلىمۇ بولمايدۇ . ئىككىنچىسى ، بازار قۇرۇلمىسى بىر قەدەر يېپىق ۋە بۆلۈنۈپ كەتكەن دائىرە بازاردىن بىر تۇتاش ئېچىۋېتىلگەن مەملىكەتلىك بازار سىستېمىسىغا ئايلىنىدۇ . دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشكە ئەگىشىپ ئېچىۋېتىلىش دەرىجىسى زورىيىپ ، دۆلىتىمىزنىڭ ھەر خىل بازارلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە يېتىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ ، بىر تۇتاش ، ئېچىۋېتىلگەن ، رىقابەت بولغان ، تەرتىپلىك بولغان چوڭ بازارنىڭ شەكىللىنىشىگە پايدىلىق بولىدۇ . ئۈچىنچىسى ، بازار ئىگىلىكىنىڭ قېلىپلىشىشى تەرتىپسىز ۋە ئىناۋەت كەمچىل بولغان تۈزۈم سىستېمىسىدىن تەرتىپلىك ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى ئىناۋەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان تۈزۈم سىستېمىسىغا ئايلىنىدۇ . تۆتىنچىسى ، ئىچكى ـ تاشقى بازارلارنىڭ ئېچىۋېتىلىشى رايونلار ئارىسىدىكى رىقابەتنىڭ چوڭقۇرلىشىدىغان ۋەزىيىتىنى زورايتىدۇ . غەربىي رايوندىكى كۆپ ساندىكى كارخانىلارنى قايتا كۆزەتكىنىمىزدە ئېچىۋېتىلگەن ئىگىلىك بولمايلا قالماستىن ، يەنە سىنىشىدىغان ئىقتىدار يېتەرسىز بولۇپ ئىچكى ـ تاشقى بازارنىڭ ئېچىۋېتىلىشى ۋە كەسكىن رىقابەتنىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا بىر قەدەر قىيىن ھالغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن . يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن ئۆزگىرىشلەرگە نىسبەتەن غەربىي قىسىم رايونلار بولۇپمۇ شىنجاڭغا قارىتا ، مېنىڭچە ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىنكى بازار مۇھىتى ئىقتىساد-

نىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ساغلام تەرەققىي قىلىشى بازار ئىگىلىكى ئىسلاھاتى ۋە سىرتقا ئېچىۋېتىشكە پايدىلىق. شۇنداقلا رايونلار ئارىسىدىكى ئاشكارا رىقابەت ۋە ھەمكارلىشىشقا پايدىلىق دېيىشكە بولىدۇ، يېڭى مۇھىت ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ھەممىدە ئىلگىرى ناتونۇش بولغان بىلىم ۋە ئىقتىدارنى باشتىن باشلاپ ئۆگىنىش كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئەركىن ـ ئازادە ھالدا بۇ ئۆزگىرىشلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرغىلى بولىدۇ.

1. WTO بازارغا كىرىش ۋە ئادىل رىقابەتكە ئالاقىدار قانۇن، قانۇن ـ تۈزۈم سىستېمىسىنى ئۆگىنىپ ۋە ئىگىلەپ، بازارنىڭ ئادىل رىقابەتلىشىش تەرتىپىگە كاپالەتلىك قىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئۆز ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى مۇۋاپىق قوغداش كېرەك.

ھۆكۈمەت بازارنى ئېچىۋېتىش تەرتىپى، قەدەم باسقۇچى ۋە مۇناسىپ كاپالەت سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. دۆلەت ئەمەلىيەتكە ئاساسەن ئۆزگەرتكەندىن كېيىنكى قانۇن، قانۇن ـ تۈزۈم ۋە بازارغا قارىتا ئوتتۇرىغا چىقارغان يېڭىدىن ئېچىۋېتىلگەن ساھەلەرنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتكە ئائىت قانۇن، قانۇن ـ تۈزۈملەرنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، مۇناسىپ بولغان قانۇن ـ تۈزۈم ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، بازار رىقابىتىنىڭ ئۈنۈمى ۋە ئادىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئادىل، كەسكىن، ئېنىق بولغان قانۇن تۇرغۇزۇش، قانۇن ئىجرا قىلىشنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قاتتىق جازالىشى لازىم. مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئاشكارا ۋە ئادىل بولغان ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مۇھىتنى بەرپا قىلىش ۋە قوغداش، ئومۇمىيۈزلۈك بولغان غەيرىي كەمسىتىش خاراكتېرلىك مۇئامىلىنى تولۇق يولغا قويغان ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇن، قانۇن ـ تۈزۈم سىياسەتلەرنى تۈزگەن ۋاقىتتا، يەنىلا بازارغا كىرىش باسقۇچى رېتىم ۋە قائىدە ـ تۈزۈم قاتارلىق تەرەپلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بولۇپمۇ ئىچكى بازارنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر قىلىدىغان مونوپول قىلىۋېلىش، تۆكمە قىلىپ سېتىش ۋە ناتوغرا رىقابەت قىلمىشلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك قانۇن، قانۇن ـ تۈزۈملەرنى تېزدىن تەتقىق قىلىپ، بۇنى ئىشتىن بۇرۇن قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئىشتىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئاساس قىلىش لازىم. دۆلەت ئىچىدىكى كەسىپلەرنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، WTO نىڭ ئالاقىدار ماددىلىرى ۋە كۆلرەڭ رايونلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىچكى قانۇن تۇرغۇزۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق بېكىتىپ، مەملىكەت سىرتىدىكى كارخانىلارنىڭ ھۇجۇمىنى پەسەيتكەن شارائىت ئاستىدا، دۆلەت ئىچىدىكى كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. WTO نىڭ قائىدىسىنى ئۆگىنىپ، قانۇن، قانۇن ـ تۈزۈملەرگە تايىنىپ يېڭىدىن كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش، بولۇپمۇ مونوپول قىلىۋېلىش، تۆكمە قىلىپ سېتىش ۋە نامۇۋاپىق رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك قانۇنلار ۋە خەلقئارادا يۈز بەرگەن ئالاقىدار دېلولارنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگىنىپ بۇ ئارقىلىق ئېچىۋېتىلگەن شارائىتتا رىقابەتلىشىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ھەمدە قانۇن، قانۇن ـ تۈزۈملەرگە ئاساسلىنىپ ئۆز ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ئاكتىپ ھالدا قوغداش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر فۇنكسىيىنى، ئىستىلنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىپ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تىرىشىپ ياخشى مۇھىت يارىتىشى لازىم. خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ماسلاشتۇرۇش رەھبەرلىك تەشكىلاتىنىڭ رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، قەرەللىك ياكى قەرەلسىز ھالدا يىغىن چاقىرىپ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا دۇچ كەلگەن ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىش لازىم. ھەقىقىي مۈلۈكچىلىكى بولغان يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاقىدار تەدبىر ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ كەسىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەممىسىگە بىر نەزەردە قاراپ، مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پۈتكۈل جەمئىيەت خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان ياخشى مۇھىتنى شەكىللەندۈرۈشىمىز لازىم.

خۇسۇسىي ئىگىلىكنى قاپلىغان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق سىستېمىسى قۇرۇپ، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ پارتىيە تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرى خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى « ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيىلەش، يېتەكلەش، مۇلازىمەت قىلىش » رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكنى باشقۇرۇشتىكى ياخشى ياردەمچىسى بولۇپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىك بىلەن ئالاقىلىشىشىدىكى كۆۋرۈك ۋە زەنجىرگە ئايلىنىشى كېرەك.

2. ئۆز ـ ئۆزىمىز بېكىنىۋېلىش ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ، مەۋقەنى بىرلىككە كەلگەن پۈتۈن مەملىكەتلىك چوڭ بازار قۇرۇلۇشىغا قارىتىشىمىز لازىم.

ئاۋۋال دۆلەت WTO غا ئالاقىدار قائىدىلەرنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە بىر تۇتاش يولغا قويۇلۇشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. دۆلىتىمىزنىڭ سىرتقا بولغان سودا، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى، چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ مەبلەغ سېلىشىدىكى قانۇن ـ تۈزۈملەرنىڭ بىردەكلىكىنى قوغداپ دۆلىتىمىزنىڭ WTO نىڭ قائىدىسى ۋە سىرتقا بەرگەن ۋەدىلەرگە ئۇيغۇن كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن چوقۇم مەركەز بىر تۇتاش قائىدە چىقىرىش لازىم. ئاپتونوم رايونىمىز چوقۇم مەركەز ئوتتۇرىغا چىقارغان بۇ جەھەتلەردىكى قانۇن ـ تۈزۈملەرنى ئىجرا قىلىشى كېرەك، بۇ تەرەپتىكى بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈش ھوقۇقى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە جايلار، تارماقلار ھەقىقىي، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، WTO قائىدىلىرى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشقا ئائىت ۋەدىلىرىنىڭ بىر تۇتاش يولغا قويۇلۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەھۋاللارنىڭ كۆرۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم. WTO غا كىرگەندىن كېيىن، ھەر قانداق جاي، تارماقلار تۈزگەن يەرلىك خاراكتېردىكى، تارماق خاراكتېردىكى قانۇنىي تۈزۈم، قائىدىلەر ناۋادا دۆلەتنىڭ ئالا-

قىدار قانۇن ـ تۈزۈملىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالسا ، چوقۇم تۈزىتىشى لازىم . بۇنىڭدىن سىرت ، شىنجاڭ ئىسلاھات ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ ، يېپىق كارخانا ۋە رايون تەرەققىياتىدەك كونا ئەندىزىدىن چىقىپ ، سىرتقا يۈزلىنىپ ، رىقابەت بولغان ، ئېچىۋېتىلگەن ۋە ھەمكارلىق بولغان يېڭى مۇھىتقا يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلىشى كېرەك . ئۆز رايونىمىزنىڭ WTO نىڭ قائىدىلىرى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇنىغا زىت كېلىدىغان يەرلىك خاراكتېردىكى قانۇن ، قانۇن ـ تۈزۈملەرنى ئەستايىدىل تۈزىتىش ، شۇنىڭ بىلەن بىللە WTO ۋە قانۇنىي قورالدىن پايدىلىنىپ شۇ رايوننىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك . ئېچىۋېتىشتە ئەلۋەتتە رايونلار ئارىسىدىكى رىقابەت سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك . ئەمما بېكىنىۋېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇش ۋە كەينىگە تارتىش چىقىش يولى ئەمەس . چاكار ئالدىدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىشتەك ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن ئامال بار خەلقئارادا قېلىپلاشقان ئۇسۇللار بىلەن ئىقتىساد باشقۇرۇپ ، پاسسىپ بولماي بەلكى ئاكتىپ ھالدا يېڭى رىقابەتنى كۈتۈۋېلىپ ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزگىرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان مۇھىتقا ماسلاشقاندىلا ئاندىن ئۆزىمىزنى ئارقىدا قالغان پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويمايمىز .

3 . تىرىشىپ ئىككى بازارغا يۈزلىنىپ ، يوشۇرۇن ئەۋزەللىكلەرنى جارى قىلدۇرۇپ ، يەر شارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىنىڭ يۈكسەكلىكىدە رىقابەت ۋە ھەمكارلىقنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ ، ئىككىلا تەرەپتىن يېڭىش نەتىجىسىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم .

تورلاشقان ئىقتىسادىي مۇھىت ئاستىدىكى بۈگۈنكى كۈندە ، رىقابەت ۋە ھەمكارلىق دۆلەت چېگرىسى چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كېتىپ ، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى ، شىنجاڭدىكى كارخانىلار مەيلى تېخنىكا ياكى باشقۇرۇش جەھەتتىن بولسۇن ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا ئارقىدا قالغان ئورۇندا بولۇپ ، رىقابەت داۋامىدا بىر قەدەر چوڭ بولغان ھۇجۇمغا ئۇچرىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ ، كارخانا قاتارلىق تەرەپلەر رىقابەت داۋامىدا مەغلۇپ بولۇشتەك روھىي تەييارلىقنى قىلىش بىلەن بىللە ، چوقۇم ھازىردىن باشلاپ ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق يوشۇرۇن ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ ، رىقابەتلىشىش كۈچىنى ئاشۇرۇشى كېرەك . بۇنىڭدىن سىرت رىقابەت ۋە ھەمكارلىق ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، ھازىرقى دۇنيادا بىر قىسىم مۇھىم دۆلەتتىن ھالقىغان شىركەتلەر كۈندىن ـ كۈنگە يادرولۇق رىقابەت ئىقتىدارى ۋە بايلىقنى سىرتتىن ھۆددىگە ئېلىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ ، غەيرىي يادرولۇق تېخنىكىلىق بۆلەكلىرىنى باشقا رايونلاردىكى كارخانىلارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىشىگە ھۆددىگە بېرىۋاتىدۇ . كارخانىلارنىڭ روھىي ھالىتى ، كۆڭلى ـ كۆكسى بىر قەدەر كەڭ ۋە تىنچ بولۇشى ، كىچىككىنە ئىشلار ئۈستىدە زىغىرلاپ يۈرمەسلىكى ، مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى تېخنىكا ۋە ئەمەلىي كۈچى بولغان شىركەتلەرنىڭ قوشۇمچە رولچىسى بولۇپ ، ھەقىقىي تۈردە باشتىن باشلاپ ئۆگىنىپ ، باشتىن باشلاپ ئىشلەپ ، بۇنىڭ تەرەققىيات داۋامىدىكى زۆرۈر دەرسلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، بۇ ئارقىلىق قانداق قىلىپ بىر تۇتاش يولغا قويۇلۇۋاتقان بازار قائىدىسىنى ۋە ئىناۋەت سىستېمىسى ئاستىدا تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئېلىپ بېرىش ۋە بازارنى كېڭەيتىشكە ئائىت ھەقىقىي ئىقتىدارنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم . ھەمكارلىق ئارقىلىق ، شەرت ـ شارائىت يارىتىپ ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، زورايتىپ ، تېگىشلىك ئىقتىسادىي پايدىغا ئېرىشىش ، شۇنىڭ بىلەن بىللە قارشى تەرەپنىمۇ تېگىشلىك نەپكە ئېرىشتۈرۈپ ، قوش غەلىبىگە قىلىشتەك نەتىجىگە ئېرىشىشى لازىم .

4 . ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ ، نۇقتىئىنەزەرنى ئۆزگەرتىپ ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈش لازىم .

خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم ھالقا ـ ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ ، نۇقتىئىنەزەرنى ئۆزگەرتىپ ، WTO نىڭ قائىدىسى بويىچە ، مۈلۈكچىلىك نەزەرىيىسىنى بۆسۈشنىڭ يۈكسەكلىكىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنى قايتا تونۇشتا . خۇسۇسىي ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ـ خەلقنىڭ كۆپ خىللاشقان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ ، تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى يارىتىپ ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ نامۇۋاپىق بولۇشىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە بولغان توسالغۇسىنى تۈگىتىپ ، بازار ئىگىلىكىنىڭ يېتىلىشى ۋە كارخانا ئىسلاھاتىنى تېزلىتىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنى يېتەكچى قىلىپ ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ، يېڭى نەزەرىيە يۈكسەكلىكىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنى قايتا تونۇپ چىقىشىمىز لازىم . « كوپېراتىپ » ، « مەبلەغ » نامىنىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ ، ھەر خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ھەممىسىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەركىبىي قىسمى ، ھەممىسى سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك ۋە قىلسا بولىدۇ دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى تىكلەش لازىم ؛ خۇسۇسىي ئىگىلىكنى پائال يېتەكلەيدىغان ، زور كۈچ بىلەن قوللايدىغان سىياسەت مۇھىتىنى بەرپا قىلىپ ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ خۇسۇسىي ئىگىلىك بىلەن قارمۇ قارشى ئورۇنغا قويىدىغان ئىدىيىۋى خاھىشنى تۈگىتىپ ، ھەر خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى تەركىبلىرى باراۋەر رىقابەتلىشىپ ، ئورتاق راۋاجلىنىدىغان يېڭى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش لازىم ؛ پۇرسەتنى تۇتۇپ ، كەڭ كۇشادە ھالدا خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تېخىمۇ تېز ، تېخىمۇ ياخشى راۋاجلىنىشىغا ئىلھام بېرىش ۋە يېتەكلەش لازىم .

5 . قانۇن ، قانۇنىي تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، سىياسەت جەھەتتىن يار يۆلەكتە بولۇشنى كۈچەيتىپ ، يەككە ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئازادە مۇھىت يارىتىشىمىز لازىم .

دۆلەتنىڭ WTO نىڭ قائىدىلىرى بويىچە تۈزگەن قانۇن ، قانۇن ـ تۈزۈملىرىگە ئۇيغۇن بولۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئائىت بەلگىلىمىلەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەيدىغان بارلىق رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاپ ، سىياسەت جەھەتتىن يەككە ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيا-

تىنى زور كۈچ بىلەن قوللىشىمىز لازىم ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغداپ ، قالايمىقان ھەق ئېلىش ، قالايمىقان جەرىمانە قويۇش ، قالايمىقان تەقسىماتچىلىقنى قەتئىي توسۇش لازىم . ھەر قانداق تارماق ياكى ئورۇننىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ مال ـ مۈلكىنى تەگىشىشكە ، زورلۇق بىلەن قانۇنسىز ھالدا مۈلۈكدارنىڭ مۈلۈك ھوقۇق تەۋەلىكىنى ئۆزگەرتىشكە يول قويماسلىق لازىم . خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە زىيان سېلىش قىلمىشلىرىنى قەتئىي چەكلەپ ، قانۇن بويىچە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى ، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى ، مەبلەغ سېلىش ھوقۇقى ، ئەمگەك ئىشچى ياللاش ھوقۇقىنى قوغداش لازىم .

مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىغا بولغان نازارەتچىلىكنى زورايىتىپ ، مەمۇرىي ، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ھەق ئېلىش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھەقلەرنى چوقۇم ھەق ئېلىش ئىجازەتنامىسى بېجىرىپ ، ھەق ئېلىش تۈرى ۋە ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى جەمئىيەتكە ئاشكارىلاش ، كىنىشكا كۆرسىتىپ ھەق يىغىشنى يولغا قويۇپ ، ئۆز ئىختىيارىچە ھەق ئېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىۋېتىش ۋە ماشىنىغا چىققانىنى ئاز دەپ يەنە ھەق يىغىشنى قاتتىق چەكلەش ، ئومۇمەن ھەق ئېلىش ئىجازەتنامىسىنى بېجىرمىگەنلەرنى بىردەك ناموۋاپىق ھەق ئېلىش دەپ قاراش كېرەك . بازارغا كىرىش شەرتىنى تەكشۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ ، تېزىمغا ئالدۇرۇش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ ، يېڭىدىن ئېچىلغان خۇسۇسىي كارخانىلارغا قارىتا دۆلەتنىڭ قانۇن ، قانۇن ـ تۈزۈملىرىدە بەلگىلەنگەندىن سىرت ، باشقا مەخسۇس تۈردىكى تەستىقلاشنى بىردەك بىكار قىلىش لازىم . ھەر دەرىجىلىك مالىيە ، پۇل ـ مۇئامىلە تارماقلىرى ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە ئېتىبار بېرىلگەن مەبلەغ سېلىش سىياسىتى بىلەن تەمىنلەپ ، مەبلەغ جەھەتتە بەلگىلىك كۆز قاراش قىلىپ ، پەن ـ تېخنىكىلىق تەركىبى يۇقىرى ، بازار ئۈنۈمى ياخشى ، قايتۇرۇش ئىقتىدارى بولغانلىرىغا ئالدىن يار ـ يۆلەك بولۇشى لازىم .

6 . خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات بوشلۇقىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىشىمىز لازىم .

خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا ھەر تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش لازىم . WTO نىڭ قائىدىلىرى ۋە دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتىگە ۋە مەزكۇر رايوننىڭ ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىگە ئاساسەن ، بازارنى يېتەكچى قىلىپ ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات بوشلۇقى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ساھەسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشىمىز لازىم . خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈپ ، « تۆت چەكلىمە » نى بۇزۇپ تاشلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش ، جۇملىدىن مۈلۈكچىلىك چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك ، چەت ئەل مەبلىغى كارخانىلىرى قاتارلىق مۈلۈكچىلىك شەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرۇش ؛ كەسىپ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ كەسىپلەردە ئومۇمييۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش ؛ بازار چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ئىچكى ـ تاشقى سودا ، ئىچكى ـ تاشقى بازارلاردا تولۇق راۋاجلاندۇرۇش ؛ مەمۇرىي رايون چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ خۇسۇسىي ئىگىلىكنى بازار رىقابىتىدە تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم .

رايون ئىقتىسادىي ئۆزگىچىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشنى چىڭ قىلىپ ، مەۋقەنى ئورۇن ، بايلىق ۋە كەسىپ ئەۋزەللىكىگە قارىتىپ ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ئېچىش خاراكتېرلىك كەسىپ ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا پائال يېتەكلىشىمىز لازىم . خۇسۇسىي ئىگىلىك رايونى ، ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى ، تەجرىبە رايونى ، بىر كوچا قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق تېزلىتىپ ، كىچىك رايون قۇرۇلۇشىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى ، بولۇپمۇ يەر ئىشلىتىش سىياستىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، ئۇنى يەككە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ تەرەققىياتىدىكى بوشلۇق ئېغىزى قىلىپ ، ئاستا ـ ئاستا كۆلەم ئەۋزەللىكىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم .

7 . باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ، ھەرىكەتنى قېلىپلاشتۇرۇپ ، بىر يۇقىرى سەۋىيىلىك خۇسۇسىي كارخانىچىلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش لازىم .

خۇسۇسىي كارخانىلار زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىشنى يۆنىلىش قىلىپ ، يۈرۈشلۈك ھالدا تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىش ئېلىپ بېرىپ ، ئىلمىي باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ ، كارخانىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم . خۇسۇسىي ئىگىلىك ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيىلەش بازىسى قۇرۇپ ، پىلانلىق ھالدا خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرىغا قارىتا ساپا تەربىيىسى ۋە كەسپىي تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىش كېرەك . ئالىي ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى خۇسۇسىي كارخانىلارغا بېرىپ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا پائال رىغبەت بېرىپ ، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش قاتلىمىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك . خۇسۇسىي كارخانىلار چوقۇم « ئەمگەك قانۇنى » ۋە باشقا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا ئائىت قانۇن ، قانۇن ـ تۈزۈم ۋە ئۆلچەملەرنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ ، ئەمگەك قوغدىنىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ ، زۆرۈر بولغان ئەمگەك قوغدىنىش ئەسلىھەلىرى ۋە بۇيۇملىرىنى سەپلەپ ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ روھى ، جىسمانىي ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك .

خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلىرىغا قارىتا دائىم ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيە ، قائىدە ، سىياسەت ، قانۇن ـ تۈزۈم تەربىيىسى ۋە كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ ، ياخشى بولغان ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىدىيىسى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسلۇبىنى تۇرغۇزۇپ ، سەمىمىيەتلىك بىلەن ، ئادىل رىقابەتلىشىپ ، قانۇن بويىچە ئىگىلىك باشقۇرۇپ ، قائىدە بويىچە باج تاپشۇرۇشى كېرەك . ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا پائال قاتنىشىپ ، تىرىشىپ مەدەنىي خۇسۇسىي كارخانا قۇرۇپ ، ياخشى بولغان كارخانا ئوبرازى تىكلىشىگە ئىلھام بېرىش ۋە يېتەكلەش لازىم .

# يېڭى ئەسىردە بىلىم ۋە مەۋجۇتلۇق رىقابىتى

ئازاتگۈل مەتىمىن

21 ـ ئەسىردە بىلىم ھەر بىر ئادەم ۋە خەلقنىڭ مەۋ-
جۇتلۇق ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىنى ساقلاشتا ھېچنېمىگە تەڭلەش-
تۈرگىلى بولمايدىغان تۈتىيا. ئەمدى بىز كىتابىي قارىلىق ياكى
باشقىلارنىڭ ۋەزخانلىقىغا تايىنىپ ياشىيالمايمىز. مەۋجۇت بو-
لۇش، ياشاش، تەرەققىي قىلىش پەقەت كوللى ئىنسانىيەت تال-
لىۋالغان ئىجادىي ئۆگىنىش ئارقىلىق مۇكەممەللىك قوغلىشىدىغان
ئادەتنى ئۆزىمىزنىڭ ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرغاندىلا نېسىپ بولىدۇ.
بىز ياشاۋاتقان بۇ دەۋر بىلىم ئىگىلىكى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆت-
كەن ئىجادىيەت دەۋرى بولۇپ، بىلىم ئۆگىنىش، بىلىم ئىشلەپ-
چىقىرىش، بىلىم بايلىقىنى بازارلاشتۇرۇش بۇ دەۋرنىڭ ھەممە
سەھەلىرىگە سىڭىپ كىرگەن باش ھۆنەردۇر.

قارىماسىز، ئەڭ ئارقىدا قالغان تاغلىقلاردا ياشاۋاتقان
كىشىلەر قولىدىمۇ دۇنياۋى ئالاقە تورىغا كىرگەن كومپيۇتېر بى-
لەن يانفون، توكۇر كىشىلەرنىڭ ئاستىدىمۇ غىلدىرلاپ ماڭىدى-
غان شەيتانچاق، «جەدىتلىق» قا ئەڭ قارشى بولغان خۇراپىي
سوپىلارنىڭ تەرەت ئالىدىغان ئۆيرىقلىرىدىمۇ يەر ئاستىغا كۆمۈ-
ۋېتىلگەن تۆمۈر ئېرىقلاردىن كەلگەن سۇ! بۇلاردىن مەلۇمكى،
ھازىر ھايات شارائىتلىرى ئۆزگىرىپ كەتتى. كۆۋر تەرەققىياتىغا
ئەگىشىپ بىلىم تۇرمۇشتا ھەممە نەرسىنىڭ ئاساسىنى ئىگىلىدى.
ئۇ يەنە يېڭى تەپەككۇر ئارقىلىق نۇرلىنىپ ھەر كىمنىڭ ھاياتلىق
ئاساسى بولۇپ قالدى. بىلىمسىزلەر خورلىنىپ، بىلىملىكلەر
بەختلىك بولىدىغان بىر زامان توسۇۋالغىلى بولمايدىغان مۇقەر-
رەرلىك بولۇپ كەتتى. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، 21 ـ
ئەسىردە كىشىلەرنىڭ خىزمەت تېپىش، مەۋجۇت بولۇش مۇسا-
پىسىدە بىلىم بىردىنبىر دەسمايە بولۇپ قالدىكى، بىلىم تولۇقلاش
ئادىتىنى يېتىلدۈرمىگەنلەردە جان بولمىدى.

مەن «ئادىمىلىك ۋە جاھاندارچىلىق» ژۇرنىلىنىڭ
2001 ـ يىل 12 ـ سانىدىن شاڭخەيلىك بالا باققۇچى جاۋگۈاڭ
دېگەن قىزنىڭ چەت ئەللىكلەر ئۆيىدە بالا بېقىش جەريانىدا ئەر
ـ ئايال ئىككەيلەننىڭ خىزمىتىنى زىيادە ياخشى قىلىپ ئۇلار ئا-
رىسىغا يىلتىز تارتقانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەت، تەقى
ـ تۇرۇق، سالام ـ سائەت يوسۇنلىرىنى ئىگىلەپ ئۇلارنى
خۇش قىلغانلىقى، ئۇلاردىن ئىنگلىز تىلى، كومپيۇتېر بىلىملى-
رىنى ئىگىلەپ ئۈچ يىل ئىچىدە چەت ئەل شىركەتلىرىدە ئۈنۈم-
لۈك خىزمەت قىلىش لاياقىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئەمدى ھەر ئايدا
3000 يۈەن مائاش ئېلىۋاتقانلىقى، بۇنىڭدىن باشقا شۇنداق
قىزلارنىڭمۇ يەنە تۆرلۈك يوللار بىلەن بىلىم ئىگىلەپ دۇنياغا نە-
زەر تاشلايدىغان بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ قىزلار
تېخى ئۆزلىرىنى تەربىيىلىگەن چەت ئەللىكلەر چىقىپ كەتكەن-
دىن كېيىن شۇ قابىلىيىتى بىلەن ئىمتىھان بېرىپ، چەت ئەل-
لىكلەرنىڭ كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان
شىركەتلىرىدە يارامىلىق خىزمەتچى بولۇپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ
ئايلىق ئىش ھەققىنىڭ بىز بىلەن بىر مەملىكەت تۇرۇپ بىزنىڭ
بۇ يەردىكى ۋالىي، نازىر، ھەتتا پروفېسسورلاردىن ئۈستۈن ئى-
كەنلىكى بىزنى قىزىقتۇرۇپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشتىكى
نەتىجىسىنىڭ بەزى جەھەتلەردە بىزنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈت-
تۈرگەن ستۇدېنتلاردىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىمۇ بىزنى ئاجايىپ
قىزىقتۇرىدۇ. دېمەك، ھازىرقى جەمئىيەتتە كۆڭۈل قويغان ھەر
قانداق تۆۋەن تەبىقىدىكى بىر ئادەمگە ئۆگىنىش پۇرسىتى بار.
ھەممە يەردە ئوقۇشقا كىتاب تاپقىلى بولىدۇ. سوراي دېگەنگەن
ھەممە يەردە ئاددىي بولسىمۇ ئۆگىتىپ قويىدىغان ئادەم بار. كى-
تاب ـ ژۇرناللار ئەرزان، ئاشۇ قىزلار ئەنە شۇ پۇرسەتلەردىن
تولۇق پايدىلىنىپ بىلىمگە يۈرۈش قىلغان زامانىمىزنىڭ باتۇرلى-
رىدۇر.

دېمەك، بىلىم شۇنداق زور بايلىق، ئۇ ئۆزىگە پەرۋانە
بولغان ھەر قانداق بىر ئادەمگە تېگىشلىك مۇكاپات بېرىدۇ.
ئۇنى ھەر بىر خەلق ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ئى-
جادىي مۆجىزىسىدىن بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك ئالىدۇ. ئۇ، شۇ
خەلقلەرنىڭ مىڭ قېتىملاپ ئۇتقان ۋە ئۇتتۇرغان كۈلكە ۋە يىغا
مەيدانلىرىدىن يىغىپ ئېلىنغان بايلىقكى، ئۇ ئەنە شۇ يىغىنى
تۈگىتىپ كۈلكىنى كۆپەيتىدىغان پاك رىغبىتى بىلەن ھەر قانداق
خەلقنى قوغدايدىغان قورال. مەنىۋى ۋە ماددىي جەڭگاھلاردىكى
تىل ۋە ئەلەم قوراللىرىمۇ ئەنە شۇ بىلىمنىڭ سىمۋول ـ بەلگىلى-
رىدۇر. بىلىم شۇنچە مۇقەددەم چاغلاردا ھېكمەت بولغىنىدىن
ھازىرغىچە ۋەزنىنى يوقاتماي كەلدىكى، جاھىللارنىڭ پەتىۋالىرى
بىلىم نۇرى ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمىدى. قاراڭلار، بۇگۈنكى
كۈندە ئاغزىدا بىلىم دېسىمۇ دىلىدا ئۇنىڭغا قوزغالمايدىغان جا-
ھىللارغا، ئۇلار پىكىردىكى نامراتلىقى بىلەن تۇرمۇشىمىزدىكى
پاراكەندىچىلىكنى ئۇلغايتىشتىن باشقا نېمە قىلالىدى؟ قاراڭلار،
ئارىمىزدىكى قارا قورساق «تىجارەتچى» لەرگە، ئۇلار خەلقى-
مىزنىڭ يانچۇقى تېگىدە قالغان بىر نەچچە ياماقنىمۇ «سودا»
يولى بىلەن باشقا جايلارغا يۆتكىۋېتىشتىن باشقا نېمە قىلالىدى؟

بۇ ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، بىلىم قوغلىشىش
بىلەن نوقۇل بايلىق قوغلىشىش نېگىزىدىن پەرقلىنىدىغان ئىككى

خىل قوغلىشىش بولۇپ، بىلىم ھەر قاچان كىشىلەرنىڭ دىلىغا چىراغ يېقىپ، كىشىلەرنى ئىزدىنىپ ھالال ياشاشقا باشلايدۇ. نوقۇل بايلىق قوغلىشىش بولسا، بىر مۇنچە ئەكس تەسىرلەرنى قالدۇرىدۇ. ئالايلۇق، پۇلنىلا ئۆلچەم قىلغان بىر جايدا، بىر ئادەم ئۇتۇق قازانسا، نەچچە، قانچە رىقابەتچىلىرىنى ھىيلە ـ مىكىرلەر بىلەن مەغلۇپ قىلىش ھېسابىغا ئۇتۇققا يېتىپ بارسا، بىلىم ۋە پەزىلەت مۇسابىقىسى بولغان جايدا، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۇتۇقى ئۆزى بىلەن تەڭ جەمئىيەتكە تۆھپە قوشىدۇ. بۇ پۈتكۈل تارىختا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بىر قانۇنىيەت. بۇ قانۇنىيەت بىزگە بىلىم بىلەن بايلىق قوغلىشىش بىرلەشكەن، بۇ بىرلىككە پاك پەزىلەت ۋە غۇرۇر قوماندانلىق قىلغان ۋەزىيەت يارىتىشنى ۋەزىپە قىلدى. بىلىمگە باتۇرلۇق قىلغان ھەر قانداق بىر خەلققە ۋەزىپە قىلىنغان بۇ پەزىلەت تاجىسى بۈگۈنكى كۈندە ھەقىقىي ئۇتۇق قازانغۇچىلارنىڭ خاسلىقىدۇر. بىز بۇ خاسلىقنى مەيلى قوغلىشايلى، مەيلى قوغلاشمايلى، بىلىم بۇ دەۋرىمىزدە بوۋىلىرىمىزنىڭ «بىلىمنى قورال»، «تەپەككۇرنى ئىبادەت» دېيىدىغان ئەنئەنىۋى ھېكمەتلىرىدىكى سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىپ، ئەقىدىلىك ھەر بىر ئىنساننى ئۆزىگە پەرۋانە قىلىدۇ. بۇ سېھرىي ئەسرارنى چۈشىنىش ئۈچۈن زامانىمىزدىكى بايلىق ئولجىلىرىغا قارايلى.

بىز بىلىمىزكى، ئىنسانلار پۈتكۈل تارىخىدا دۇنيانى ئەمگەك ياراتقان دېگەندە، بىز جىسمانىي ئەمگەكنى نەزەردە تۇتۇپ كەلگەنىدۇق. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى دۇنيانىڭ كاتتا بايلىرىدىن ئامېرىكىلىق بىر گېتىز ياش بالا ھالىتىدە ئالىي مەكتەپتىن چىقىپ شىركەت ئاچتى. ئۇ كىچىك تىپتىكى يۇمشاق دېتاللار ئىگىلىكىدە پايچىكلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆزى يالغۇز 51 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا ئىگە بولدى. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر چۆچۈپ كەتتى ـ دە، بۇ دەۋردە بايلىقنىڭ بىلىمگە قاراپ ئېقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشتى. راست، بىر گېتىز ۋەقەسى ئادەمنى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ سودا ـ سېتىق سورۇنىدا ئەنئەنىۋى بايلارنىڭ بايلىق توپلاش يوللىرى بەربات بولغان بولۇپ، يا كۆلەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىش مەيدانلىرى، يا زاۋۇت ـ كانلىرى يوق ئىدى. بايلىق ئۇنىڭ مېڭىسى ئارقىلىق تاشقى دۇنياغا ئاشكارا بولدى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ يۇمشاق دېتاللىرىغا ھېچقانچە خام ئەشيامۇ كەتمىدى. ئۇنىڭغا مەھسۇلاتلىرىنى ئامبارلاشتۇرىدىغان ئايۋان ـ سارايلارمۇ كېرەك بولمىدى. ئۇنىڭ شىركىتىنىڭ يۈرىكى ئېچىش بۆلۈمى بولۇپ، بۇ بۆلۈمدىكىلەر پەقەت ھەر بىرسى $5m^2$ كېلىدىغان ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيدە 4 ـ 5 كومپيۇتېر بىلەنلا ئىشلەيتتى. ئۇلار ئەنە شۇنداق تېجەشلىك ھەم كىچىك ئورۇندىن دۇنياۋى سودىنىڭ چوڭ تورىغا قول سالدى. تور ئارقىلىق ئۇ ھېچقانداق ئاللا ـ چوقان كۆتۈرمەي دۇنيانىڭ جاي ـ جايلىرىدىكى ساناپ تۈگەتكۈسىز خېرىدارلار بىلەن ھېسابىنى ئاڭلىسا ئادەمنى چۆچۈتكىدەك كاتتا سودىلارنى قىلدى. ھازىرقى كۈندە ئېلىمىز جۇڭگودىمۇ مىليونلىغان ئادەملەر ئەنە شۇلارنىڭ يۇمشاق دېتاللار تورىغا ھەۋەس بىلەن خېرىدار بولماقتا. دېمەك، بىر گېتىزنىڭ باش كۆتۈرۈشى بىلىم ئارقىلىق بايلىق يارىتىش بولۇپ، ئۈسكۈنە، ماشىنا، خام ئەشيالار ۋە ياكى زېمىن ـ كانلارغا تايىنىپ بايلىق يارىتىدىغان كونا بايلىق چەمبىرىكىدىن چىقىپ كەتتى. بۇ ھال بىلىم ئىگىلىكى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان جەمئىيەتلەردە تەبىئىي بايلىقلارنىڭ رولى بۇرۇنقىغا يەتمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، بىلىمنىڭ جۇغلىنىشى بىلەن ئىجادىيەت بايلىق يارىتىشنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى بولۇپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. دېمەك، بىلىم يالغۇز مەنىۋىيەت بابىدا تەكىتلىنىشتىن ئىقتىساد ساھەسىگە ئۆتۈپ، باي بولۇش جەھەتتە ماددىي ئەشيا ۋە كاپىتال دەسمىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى.

بىز ھازىر شۇغۇللىنىۋاتقان بىلىم ئىگىلىكى ئاشۇ كاپىتالنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن بىلىمنى ئاساس قىلدى، تېخىمۇ مۇھىمى يېڭى بىلىمنى ئاساس قىلدى. ھەر بىرىمىزنىڭ قىلىۋاتقان خىزمىتى، تىجارىتى، كەسپى ئوخشاش بولمىغاچقا يەنە ھەر كىم نېمە ئىش قىلسا، شۇنىڭغا لايىق يېڭى بىلىم بولۇشنى شەرت قىلدى. چۈنكى، ھازىرقى كۈندە بىلىم ناھايىتى تېز يېڭىلىنىپ بارغانلىقتىن، كىتابىي بىلىملەر، ھەتتا ئوقۇۋاتقان دەرسلىكلىرىمىزدىكى بىلىملەرمۇ تېز ـ تېز كونىراپ باردى ـ دە، يېڭى بىلىم بەرپا قىلىنمىسا كونا بىلىملەر بىلەن يېڭى ئىشلاردا ئۇتۇق قازانغىلى بولمىدى. بولۇپمۇ سودا ـ سانائەت، تۈرلۈك تىجارەت ھازىرقى كۈندە بىرىنچى ئىگىلىك بولۇپ قالغاچقا، ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە يارىشا باشقىلاردا يوق يېڭى بىلىمى بولمىسا، ئىگىلىك يارىتىش، تىجارەتنى راۋاجلاندۇرۇش مۇمكىن بولمىدى. شۇڭا، بىز بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە يېڭى بىلىم ۋە يېڭى بىلىم ئاساسىدىكى ئىگىلىك بەرپا قىلىش بىلەن غەلىبە قىلىشقا موھتاج بولدۇق. بەرپاچىلىققا بولغان موھتاجلىقنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن تەييار بىلىملەرنى قۇتىلارغا قاچىلاپ قويغان يېمەكلىكلەرگە ئوخشىتىش مۇمكىن، ئەگەر بىز بىر قەدەر بىلىملىك بولغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر ئۇ بىلىملەرنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ بىلىملەر خۇددى قۇتىغا قاچىلانغان يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەر بەلگىلەنگەن ۋاقتى توشقىچە ئىستېمال قىلىنمىسا سېسىپ كەتكەندەك كونىراپ كېتەتتى ـ دە، كارغا كەلمەس بولۇپ قالدى. بىلىملىك ئادەملىرى بار، ئەمما، ئۆز كەسپلىرىدە يېڭى لايىھە، يېڭى تېخنىكا، يېڭى تاۋار، يېڭى مەھسۇلات ئىختىرا قىلالمايدىغان ئورۇنلار بازار رىقابىتىدە مەغلۇپ بولۇپ كەتتى. شۇنداق بولغانلىقتىن، بىزنىڭ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە كېرەكلىك بىلىملەرنى ئىگىلەش ۋە ئىجاد قىلىپ مېڭىش ھەر بىر ئادەم، جاي، شىركەت، كارخانىنىڭ يادرولۇق خىزمىتىدۇر.

# ئىگىلىك تىكلەشتە بىلىمنىڭ مۇھىم ئورۇنغا ئۆتۈشى

گۈلزەپەر مۇھەممەت

ھازىر بىز شۇغۇللىنىۋاتقان بىلىم ئىگىلىكى كاپىتال ئىگىلىكىدىن پەرقلىق بولغان يېڭى كۆز قاراشلار ئارقىسىدا تەرەققىي قىلىدۇ.

يېڭى كۆز قاراشلار ئەمەلىيەتتە يېڭى بىلىملەر قاتلىمى بولۇپ، يېڭى كۆز قاراش يەنە يېڭى بىلىملەر ئاساسىدا سىزگە تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ. ھەتتا سىزنى ئۇچالمايدىغان باچكا ھالىتىدىن قانات كېرىپ ئۇچىدىغان قارچۇغا ھالىتىگە كەلتۈرىدۇ. بىلىمنىڭ زادى قانچىلىك مۇھىملىقىنى شۇنىڭدىن بىلىمىزكى، بىر بىلىملىك ئادەم ئۆزى مەشغۇل بولۇۋاتقان كەسپىي ياكى ئىگىلىكىدە ئۇتۇق قازانغاندا، باشقىلاردىن چەبدەس، ئىلمىي، ياخشى ھەرىكەت قىلالايدۇ. ئۇ نېمىشقا ياخشى ھەرىكەت قىلالايدۇ ؟ چۈنكى ئۇ باشقىلاردىن كۆپنى بىلىدۇ. تەبىئىيكى، ئەگەر سىزنىڭمۇ بىلگىنىڭىز كۆپ بولسا، قىلىدىغان ئىشىڭىزمۇ شۇ كىشىدەك كۆپ بولىدۇ - دە، سىز كۆپ ئىش قىلالىغان ئىكەنسىز، ئۇتۇق قازىنىشىڭىزمۇ ئاسانلىشىدۇ.

ئەتراپىمىزغا سەپسېلىپ ئادەتتە كىشىلەرنىڭ كىملەر بىلەن كۆپرەك بىللە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى. ئۇلار ئادەتتە بىلىملىك ئادەملەر بىلەن، ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىسى تېگىدىغان ئادەملەر بىلەن بىللە يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىلىملىك ئادەملەر گەپ قىلسا ئىشىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئىشلىرىغا كۆرسەتمە قىلىدۇ. بۇنداق ئەمەلىيەتكە قاراپ بىلىملىك ئادەملەرنى جامائەت ئىچىدىكى تەبىئىي رەھبەرلەر دەپ ئاتاش مۇمكىن. چۈنكى، بىلىملىك ئاق كۆڭۈل ئادەملەر گەرچە ئۇلار سايلانغان رەھبەر بولمىسىمۇ، بىلىملىكلەرنىڭ سۆزلىرى كىشىلەرنى نادانلىقتىن، نامراتلىقتىن، يامانلىقتىن قانداق قۇتۇلۇش، ئۆزىدىكى كەمتۈك تەرەپلەرنى قانداق تولۇقلاش، ھەر خىل يامان نەرسىلەرنىڭ ئازدۇرۇشىغا قانداق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدىكى پەلسەپىۋى ۋە ئەخلاقىي بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نامراتلىق، ئاجىزلىق، كېسەللىك، تەپرىقىچىلىكنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ساغلاملىق ۋە پاكلىق يولىغا قەدەم بېسىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئادەتتىكىچە بولۇپ قېلىشى ئۇلار باشتىلا بىلىمنىڭ قىممىتىگە دېگەندەك ئەھمىيەت بەرمىگەن. كىتابخانىلارغا بېرىپ كىتاب سېتىۋېلىشنى ھاشار - مەدىكارغا بارغاندەك ئېغىر كۆرسە، ھەتتا ئۆزى تەربىيىلىنىشكە تېگىشلىك دەرسلىك كىتابلارنىڭ باھاسىنىمۇ قىممەت كۆرۈپ ۋاقتىدا سېتىۋالمىغان. بۇلار كىتابقا تەتۈر قاراش بىلەن بىلىم ئۇلاردىن يىراقلاشقانكى، بۇلار بىلىملىك ئادەملەردەك ياخشى ھەم ئۈنۈملۈك ھەرىكەتلەرنى كۆپ قىلالماي ئۇتۇق قازىنىش پۇرسەتلىرىدىن ۋە ئاتاق - ئابرۇيدىن مەھرۇم قالغان. بۇنداق ئىكەن، بىز ئۇتۇق ئۈستىدە ئويلانغاندا، كىتابقا تەتۈر قارايدىغان بۇنداق پوزىتسىيىنى تازا يارىماس پوزىتسىيە دەپ قارايمىز.

ئەگەر بىز ئىگىلىك تىكلىشىمىزدە ئۈنۈم قازىنىشقا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر، ئۇسۇل، تەجرىبە بار بىر قېتىملىق دەرسكە نەچچە ئون ياكى نەچچە يۈز يۈەن بەدەل تۆلەپ كىردۇق دەيلى، بۇ دەرستىكى بىر يېڭى بىلىم ئۇچۇرى ياكى يېڭى بىر ئۇسۇل بىزگە ئەسقېتىپ قالسا، نەچچە مىڭ، نەچچە تۈمەن ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ پايدا ئېلىپ كېتىشىمىز مۇمكىن. بۇنداق دەرسلەرنى ئاڭلاش، ئىگىلىك تىكلىشىمىزگە ماياك بولىدىغان كىتابلارنى سېتىۋېلىش ئەرزىمەيدىغان ئىشمۇ ؟ بىزنىڭ ئەھۋالىمىزدا بىر ئۇستا ئارتىس ئويۇن قويسا 100 يۈەنگە بېلەت ئېلىپ كىرىشنى خالايدىغانلار خېلى بولسىمۇ، ئۆزىگە ئەسقاتىدىغان ئاشۇنداق بىلىم سورۇنلىرىغا 10 يۈەن خەجلەشكە كۆڭلى ئۇنىمايدىغانلار بار. كىتاب ئوقۇپ بىلىم ئېلىش، رەھبەرلەر، ئۇستازلار ۋە ئالىملارنىڭ پايدىلىق دەرسلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش، ئۇچۇر ئىگىلەپ ئۆز ئىگىلىكلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ھازىرقى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە يوسۇنغا ئايلىنىپ بولدى. بىزدەك بوۋىلىرى « بىلىك » ، « بىلگە » ، « ئەردەن » ، « ئەزگۇ » ئەقىدىسىدە ئۆتكەن مەدەنىيەت يىلتىزى بار خەلقنىڭ كىتابلارغا، مەكتەپلەرگە، بولۇپمۇ داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆزىنى ئاتماسلىقىنى دۇنياغا چۈشەندۈرۈش مۇمكىنمۇ ؟ ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ نامراتلىشىپ كېتىشىمىزدىكى سەۋەبلەرنى بىزنىڭ بىلىمگە پەرۋا قىلمايدىغان يامان ئىللەتلىرىمىزگە ئارتىپ قويسا، تىلىمىز تۇتۇلامدۇ ؟ تىلىمىز تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، ھازىر پۈتۈن دۇنيا ئورتاق بىلىپ بولدىكى، بۇ دۇنيادا ئادەمنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ۋە ئادەم توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تەبىئىي ئاپەتلەردىن باشقا بارلىق خورلۇق ئادەمنىڭ ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن كېلىدۇ. شۇڭا، دۇنيا بۇرۇنقى سىنىپىي جەمئىيەتلەردە قۇللارنى، نامراتلارنى، رەزىل گىزەندىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىقنى يوسۇن قىلغان بولسا، ئەمدىلىكتە بىلىمسىز نادانلارنى ۋە نادانلىقتىن قول ئۈزمەي بىلىمگە تەتۈر قارايدىغان جاھىللارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئۇلارنىڭ بېشىغا بالا كەلسىمۇ « ئۆزۈڭنىڭ شورى » دەيدىغان يوسۇن تۇرغۇزدى.

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئۇتۇق بىلىم ۋە باتۇرلۇقنىڭ، ئۇتتۇرۇش نادانلىق ۋە قورقۇنچاقلىقنىڭ مەھسۇلى. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ بىلىمى بولمايدىكەن، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ دىلى ئاسارەت ئىچىدە قالىدۇ. ئۇنىڭدىكى قىزغىنلىق، باتۇرلۇق بېسىلىدۇ. بىھۇدە دەپسەندە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى قابىلىيەتلەرمۇ ئاجىزلاپ بارىدۇ، قىسقىسى، ئۇنىڭ ھاياتى لاي سۇدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەگەر بىزنىڭ جۇڭگو جەمئىيىتىمىز ھۆرلۈك ئۇچىقى دېگەندىمۇ، ئۇتۇقنىڭ مۇھىتى تاشقى ۋە ئىچكى دۇنيادىن تەركىب تاپقانىكەن، ئۇ كىشى ئۇلۇغ ھايات دەرىخىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئىچكى مۇھىتىنى ھۆر قىلىدىغان بىلىمنى كۆپەيتىش ئارقىلىق ئىچكى دۇنياسىنى قۇل قىلىۋالغان ئاسارەت،

روھىي توسالغۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغان جاسارەتكە كېلىشى كېرەك. چۈنكى نۇرغۇن ئادەملەر بىلىمنىڭ ئازلىقى تۈپەيلى روھىي جەھەتتە ئاشۇنداق ئاسارەتكە چۈشۈپ قالغان. ئۇلار ئۆزىنىڭ مۇنتىزىم مائارىپ تەربىيىسى كۆرمىگەنلىكى سەۋەبلىك بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرىدا كەتكۈزۈپ قويغان پۇرسەتلەرنى تولۇقلاپ بىلىم جەھەتتىكى ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن. «ئەمدى ئوقۇپ نېمە قىلارمەن» دەپ روھى ئاسارەتنى قوبۇل قىلغان ـ دە، مۇشكىلات ۋە نامراتلىق ئىلكىدە تېگىرقاپ يۈرگەن. ئۇلارنىڭ تېخىمۇ بىچارىلىكى شۇكى، ئۇلار ئۆزىدىكى بىلىم، جۈرئەتنىڭ ئازلىقىدىن كېلىۋاتقان بۇ ئاسارەتنى بىلەلمەي بۇ ئاقىۋەتلەرنى تەقدىرگە باغلاپ قويغان. ئەمەلىيەت شۇكى، ھەتتا بىز ساۋاتسىز بولغان تەقدىردىمۇ ياخشىلىق تەرەپلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بىلىم ۋە پەزىلەت قۇدرىتىدىن ھاسىل بولغان بولسا، يامان ۋە ناچار تەرەپلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بىلىم ۋە پەزىلەت جەھەتتىكى قارىغۇلۇق، كەمتۈكلۈك تۈپەيلى ھاسىل بولغان.

ئويلاپ باقايلى، بىز چوڭ بولۇپ شۇ چاققا كەلگىچە بىۋاستە بىلىم يۇرتلىرىغا كىرەلمىسەكمۇ، تۇرمۇشىمىزغا، سالامەتلىكىمىزگە، خىزمەتلىرىمىزگە كېرەكلىك بىلىملەرنى ھېچبولمىغاندا جەمئىيەت ئۆلىمالىرىدىن «قۇلاق موللىسى» بولۇپ ئاڭلىدۇق. قارا ساۋات بولساقمۇ ئىش ـ ئەمەللىرىمىزنىڭ يولىنى ئاتا ـ ئانىمىزدىن، يار ـ بۇرادەرلىرىمىزدىن ئاڭلاپ بىلىۋالدۇق. جامائەت سورۇنلىرىدىكى ۋەز ـ نەسىھەتلەر بىلەن ئۆزىمىزنى تۈزىدۇق. ھېچبولمىغاندا، لوقمان ئۆزى كۆرگەن يامان نەرسىلەردىن ھەزەر ئەيلەپ ئالىم بولغاندەك، كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن قەبىھ ئىشلارنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ھەزەر ئەيلەپ ئادەمگەرچىلىك كوچىسىغا كىردۇق. بۇلار بىلىم ئەمەسمۇ؟ ئىش قىلىپ بىز ئىنسانلارنىڭ بىلىم تەجرىبىلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا پايدا ئالساق، بىلىمگە قارشى كويلاردا بولغاندا زىيان تارتتۇق. بۇنداق ئىكەن، ئىگىلىك تىكلەپ باي بولۇشنى، جامائەت ئالدىدا سەركە بولۇپ مېڭىشنى، بەختلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشنى خىيال قىلغۇچى ئادەم بىلىم ئېلىشقا ھەممىدىن بۇرۇن ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

مەيلى قانداقلا بولسۇن، بىلىم ئىنسان قەلبىنى يورۇتىدىغان نۇر، ئۇ ئادەمگە گۈزەللىك، يىراقنى كۆرەرلىك، چېۋەرلىك ئېلىپ كېلىپ، ھەر قانداق بىر تاشلاندۇق ئادەمنى خار ـ زارلىقتىن سائادەت ـ چىمەنلىكىگە باشلاپ بارىدۇ. شۇڭا، ئۇ تارىختا ھەيۋەتلىك كۈچ سۈپىتىدە ئىنسانلارغا بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كەلدى، ئۇنى قانچە كۆپ بىلگەن، ئىگىلىگەن، ئىجاد قىلغان ئادەم، مىللەت، دۆلەتلەرگە شۇنچىلىك كۆپ بايلىق ۋە شان ـ شەرەپلەرنى بەردى. شۇڭا بىلىمگە ئىگە بولۇش، پەقەت ماددىي نېمەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ قىممەتلىك، ئۇنىڭ ئەخلاقىي ـ پەزىلەت ۋە خاسلىق كامالىتى جەھەتتە ئادەمگە بېرىدىغان پايدىسى تېخىمۇ يۇقىرى، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ھازىرقى كۈندىكى ھەر قانداق بىر دۆلەت ئادەمنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى دۆلەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى دەپ قارايدۇ.

«ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشى» دېگەن ئەسىرى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغان ئا. ئىنكېلېس 1962 ـ يىلىدىن 1964 ـ يىلىغىچە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئالتە دۆلەتتە چوڭ كۆلەملىك سېلىشتۇرما جەمئىيەت تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، دېھقان، ئىشچى ۋە باشقا قاتلاملاردىكى ئاددىي كىشىلەردىن مىڭ ئادەمنى تىپ قىلىپ كۆزىتىش نەتىجىسىدە مۇنداق يەكۈنگە كەلگەن: «ئادەم، بولۇپمۇ ئادەتتىكى ئادەملەر بىر دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى دېگەن ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشىدىن ئىبارەت. مۇكەممەل بولغان ھازىرقى زامان تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگەن يېتەكچى تىزىسلەر، باشقۇرۇش نىزاملىرى ماھىيەتتە قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق قاسراق. ئەگەر بىر دۆلەت خەلقىدە مۇشۇنداق تۈزۈملەرگە چىن مەنىسىدىن ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدىغان كەڭ زامانىۋى روھىي ھالەت ئاساسى بولمايدىكەن، ئەگەر بۇ تۈزۈملەرنى ئىجرا قىلىۋاتقان ۋە تەتبىقلاۋاتقان ئادەملەر ئۆزلىرى تېخى روھىي ھالەت، ئىدىيە، پوزىتسىيە ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلى جەھەتلەردە زامانىۋى بىر سەۋىيىگە يەتمىگەن ئىكەن، مەغلۇبىيەت ۋە غەيرىي نورمال تەرەققىياتتىن ئىبارەت تراگېدىيىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ھەر قانچە گۈزەل زامانىۋى تۈزۈم ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى، ھەر قانچە ئىلغار تېخنىكا، ھۈنەر ـ سەنئەتلەر ئەنئەنىۋى ئادەملەرنىڭ قولىدا بىر دۆۋە قەغەزگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.» (جې ئىنس: «خەلقىمىزنىڭ ساپاسى ھەققىدە قايغۇ» يازغۇچىلار نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى 6 ـ بەت)

بىر دۆلەت شۇنداق بولغانىكەن، بىر جامائەت ياكى شەخسىي نېمە بولماقچىدى؟ دېمەك، ئادەمنىڭ ساپاسى دۆلەت، مىللەت ۋە شەخسلەرنىڭ تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان رىقابەتلىرىدە ئۇزاققىچە بەل تىكلەپ تۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى بىلىم بولسا، ساپانى ئۈستۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتىمۇ بىلىم. بىلىم ئاساسىدا ئۈستۈرۈلگەن ساپا خۇددى بىناغا قويۇلغان ئۇيۇل تاشتەك دۆلەت، مىللەت، شەخسلەرنى ھەيۋەتلىك تىك تۇتۇپ تۇرىدىغان ئۇل قۇرۇلۇشى.

چۈنكى، بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدە بىر ئىنقىلاب كېتىۋاتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئەقلىي ئىقتىدار ئىنقىلابىدۇر. بۇ ئىنقىلابنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى شۇ بولدىكى، بايلىق ماددىي بايلىق مەنبەلىرىنى ئىگىلىگۈچىلەرنىڭ قولىدىن بىلىم مەنبەلىرىنى ئىگىلىگۈچىلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتمەكتە. ھەر قانچە تاپا ـ تەنە ۋە ئاھۇزارلار بۇ يۆنىلىشنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ پۈتكۈل تارىخىدا بايلىق بىلەن ئەقلىي ئىقتىدار ئەزەلدىن بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدىكىدەك چىڭ باغلىنىپ كەتمىگەن. بىلىم بىلەن ئەقلىي ئىقتىدارمۇ بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدىكىدەك ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا بۇنچىۋالا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ كېتەلمىگەن. ھازىرقى بىلىم ئىگىلىكى بىلىم ۋە ئۇچۇرنى ئاساس قىلغان ئىگىلىك بولغانلىقتىن، بۇ ئىگىلىكنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلىمنى جەمئىيەت بايلىقلىرىنى تەقسىملەشنىڭ بىرىنچى ئامىلى قىلىپ قويدى. شۇڭا، ھەر قانداق بىر ساھەدە ئالدى بىلەن بىلىم ۋە ئىقتىدارنى يۈرەككە پۈكۈپ ئىش قىلىش ئەقىل تەقەززاسى بولۇپ قالدى. شۇڭا، سىز مەيلى قايسى بىر تەرەپتە ئىگىلىك تىكلىمەكچى بولۇڭ، شۇ جەھەتتىكى بىلىملەر بىلەن قوراللىنىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويماي بولمايدۇ، ئەگەر سىزدە شۇ جەھەتتە بىر تۈرلۈك

بىلىم ئاز بولىدىكەن . قىلىۋاتقان ئىشىڭىز ياكى تىكلىگەن ئىگىلىكىڭىزدىن ئاقىۋەتتە يۈرەكنى ئېزىدىغان چاتاقتىن بىرى چىقىدۇ .

بۇنداق ئىكەن ، بىلىم خۇددى سىزنىڭ تاماق بىلەن ئوزۇقلىنىشىڭىزغا ئوخشاش ئىگىلىك تىكلەشتىكى ئەقلىي ئىقتىدارىڭىزنى ئۈستۈرىدىغان ئوزۇقتۇر .

ھازىرقى زامانىۋى ئىگىلىكتە ئۇتۇق قازانغان كىشىلەرنىڭ تولىسى خېلى بۇرۇنلا بىلىم ۋە ئىقتىداردىن ئىبارەت مۇشۇ ئاچقۇچنى بىلىۋالغانلىقتىن جان تىكىپ كىتاب ئوقۇغان ، دەرس ئاڭلىغان ، نەق مەيدانغا بېرىپ باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگەنگەن . ئۇلار ئۆز بىلىمىنىڭ كەملىكىدىن ئەنسىرەپ بىزدىن بۇرۇن ئەنە شۇنداق بىلىم جېڭىدە باشقىلارنىڭ ئالدىغا كىرىۋالغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇلاردا جۇغلانغان بىلىمنىڭ كۈچى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەس مەبلەغ بولۇپ ، ئۇلارنى باشقىلاردىن ئاۋۋال باي قىلىپ قويغان . بۇلارنىڭ گەۋدىلىك ئورنىنى كۆرگەن بەزىلەر ھەتتا ئۇلاردا پۇل يوق چاغدىمۇ ئۇلار بىلەن ھەمكارلاشقان ، ئۇلارغا مەبلەغ بەرگەن . بۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىكى بىلىم ۋە ئابرۇي ئوراپ تۇرسا كۆكلەۋېرىدىغان بېدىدەك ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بارغان . شۇڭا ، بىلىمنىڭ كۈچ ئىكەنلىكىگە ھەرگىز گۇمانلانماسلىق كېرەك .

سىزدە مەيلى نەچچە پۇل بولسۇن ھامان بىرەر ئېھتىياجىڭىز ئۈچۈن خەجلىنىپ كېتىدۇ . شۇنداق بولغانىكەن يەپ ـ ئىچىش ، ئويۇن ـ تاماشا قىلىش ، كىيىم ـ كېچەك كىيىپ ياسىنىش ۋە ياكى سۆلەتۋازلىقتا ياتىدىغان تەرەپلەرگە خەجلىگەندىن كۆرە مېڭىڭىزنى باي قىلىشقا خەجلەپ ، مېڭىڭىزگە بىلىم قاچىلىۋالسىڭىز تېخىمۇ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولىسىز . يەنە تېخى ئاشۇ ئىشلارغا ئىسراپ قىلغان ۋاقتىنىمۇ تېجىۋالىسىز ـ دە . پۇل تېپىشقا ھەم ۋاقىت ھەم چارە ـ تەدبىر تاپالايسىز . شۇ پۇلنى بانكىدا قويۇڭ دەيلى ، بۇنىڭدىن كەلگەن ئۆسۈممۇ تايىنلىق بولىدۇ . ئەگەر ئۇ پۇل بىلىمگە ئايلىنىپ مېڭىگە قاچىلىنىپ كەتسە بىلىمىڭىزنىڭ قىممىتى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بارىدۇ ، چۈنكى بىلىم كۆپ بولغاندىن كېيىن ھەر ئىشتا ئەقلىڭىز نۇرلۇق چىراغ بولۇپ يورۇپ تۇرىدۇ . ئەمدى شۇ پۇلىڭىزنى تەكىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدىڭىز دەيلى ، شۇنداقتىمۇ ئوغرىلىنىپ كېتىش ئېھتىمالى بولىدۇ . ئۇ پۇل مېڭىڭىزدىكى بىلىمگە ئايلىنىپ كەتكەندە ، باشقىلارنىڭ ئوغرىلاپ كېتىشىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ . ئەگەر سىز مۇشۇ قاراشقا كېلىدىكەنسىز ، ئىشىنىمىزكى ، سىزنىڭ ھاياتىڭىز تېخىمۇ پارلاق بىر مەنزىلگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ .

بەزىلەر « پۇلۇم يوق » دەپ كىتاب سېتىۋالمايدۇ ، ئازغىنە پۇل كېتىدىغان كۇرسلاردا ئوقۇمايدۇ ، پۇل تۆلەيدىغان دوكلاتلارنى ئاڭلىمايدۇ . لېكىن ، پۇلنىڭ يوقلۇقى پۇل تېپىشنىڭ چارىسىنى بىلمىگەنلىكتىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ . « پۇل يوق ئوقۇمايمەن » ، « پۇل يوق كىتاب سېتىۋالمايمەن » دېيدىكەنمىز ، بىزدە پۇل تېپىش ئۈچۈن زۆرۈر بىلىملەر بولمايدۇ ـ دە ، بېشىمىزدىكى نامراتلىق ، بىر ئىزىدا توختاپ بىزگە زادىلا ئارام بەرمەيدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، يامان يېرى كەلسە باشقىلاردىن قەرز ئېلىپ بولسىمۇ ئوقۇش ، ئۆتنە سوراپ كىتاب سېتىۋېلىش ، ئىختىراچىلار ، كارخانىچىلار سۆزلىگەن سورۇنلارغا ھەرباب بىلەن قىستۇرۇلۇپ كىرىپ دەرس ئاڭلاش كېرەك . ئەگەر بىزنىڭ بىلىم ئاساسىمىز بار دەيلى ، ناۋادا بىز ئۇتۇق قازانغۇچىنىڭ بىر نەچچە سائەتلىك دەرسىنى بېرىلىپ ئاڭلاپ بىلىم ئالساق ، ئۇ بەلكىم شۇ دەرسىدە ئۆزى ئۇتۇق قازانغىچە سەرپ قىلغان 20 ـ 30 يىللىق كەچۈرمىشىنى تىلغا ئالسا ، ئىشنىڭ ئىلمىي تەلىمىنى ئىگىلەپ ئۇتۇق قازانغان 5 ـ 10 يىللىق تەجرىبىسىنى سۆزلەپ بېرىشى مۇمكىن . بۇ ئارقىلىق بىز 15 ـ 20 يىل ۋاقىتنى تېجەپ تېز غەلىبە قىلىدىغان تەجرىبىگە ئىگە بولۇشىمىز مۇمكىن . دېمەك ، پۇلۇم يوق دېمەي ، ھەرباب بىلەن شۇ كىتابلارنى سېتىۋالساق ، شۇ كۇرسلاردا ئوقۇساق ، شۇ لېكسىيەلەرنى ئاڭلىساق قەرز ئالغان پۇللارنى قايتۇرۇشقىمۇ ، پۇل تېپىپ باي بولۇشقىمۇ پۇل بولىدۇ . شۇڭا ، قانچە كۆپ پۇل تېپىشنى ئويلىغان ئادەم ، شۇنچە كۆپ ئۆگىنىپ بىلىم ئېلىشى ، نامراتلاشقانسېرى بىلىم ئارقىلىق بۇ بالادىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىنى قىلىشى كېرەك . ھازىر بار بولغان ئىقتىسادنى ياخشىلاشنى ئويلىغان ھەر بىر ئادەممۇ يېڭى كەسىپلەرنى ئىگىلەش ھەققىدە يېڭى دەرسلەرنى ئۆگىنىش كېرەك .

ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە شۇ كىشى ئۆزى تىكلىگەن ئىگىلىكنىڭ مۇتەخەسسىسى بولۇپ كېتىشى كېرەك . ئەگەر ئۆزى ئۇ كەسىپنىڭ ئەھلى بولمىغان ئىكەن ، كەسىپ ئەھلىنى ھەقلىق تەكلىپ قىلىپ سوراپ ئۆگىنىش ، مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ ئۇلارنىڭ لايىھە چىقىرىپ بېرىشىگە پۇل خەجلىشى كېرەك . ئادەمنىڭ ئىچىدە ئادەم بولغاندەك ، ھۈنەر ئىچىدە پىر ـ ئۇستاز بولىدۇ . بۇ خۇددى پاكار ئادەم ئېگىزدىكى مېۋىنى ئېگىز ئادەمگە ئۈزدۈرۈپ يېگەندەك ياكى ئىلمەك ياساپ ئېلىپ يېگەندەك ئىش . شۇڭا ، سىز كومپيۇتېر ھەققىدە كۆپ بىلمىگەن ئىكەنسىز ، كومپيۇتېر ئۇستىسىنى تەكلىپ قىلىدىكەنسىز كۆپ ئاۋارىچىلىكلەردىن قۇتۇلىسىز ؛ يېڭى كەسىپلەرنى باشقۇرۇشنى بىلمەيدىكەنسىز باشقۇرۇشقا ماھىر ئادەمنى ، نۇتۇق سۆزلەشكە ماھىر بولمىسىڭىز ، ئۇستا ناتىقنى ، تاۋارلارنى سېتىشقا ئۇستا بولمىسىڭىز ماھىر سودىگەرنى ياردەمگە چاقىرىپ ، ئۇلارنىڭ ئەقلىي ئەمگىكىگە ھەق بېرىپ ئىشىڭىزنى يۇقىرى سۈپەتلىك پۈتتۈرۈشىڭىز كېرەك . ئۇتۇق قازانغان كارخانىچىلارنىڭ كۆپچىلىكى مانا مۇشۇنداق يۇقىرى سەۋىيىلىك مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى تولۇقلاپ ماڭغان ، بارغانسېرى يۇقىرى سەۋىيىلىك ئادەملەرنى دوست تۇتقان ، تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكەن ، ئۆزلىرى بېرىلىپ ئۆگىنىپ توختىماي ئۆرلىگەن ئادەملەردۇر . بىزدىكى نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىگىلىك تىكلەشتە يېرىم يولدا توختاپ قېلىشى ياكى ۋەيران بولۇپ پۇشايمان قىلىشى مانا مۇشۇ بىلىمگە سەل قارىغانلىقتىن بولغان . بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى ، بىلىم ئازلىق ياكى بىلىمنىڭ يوقلۇقىدىن ئىدىيىنىڭ بېكىنمە ھالەتتە قېلىشى ، باتۇرلۇق ئىرادىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى ئادەمنىڭ ئۇلۇغ ئىستەكلىرىنى گۇمران قىلىدۇ ، ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنى ئۇچۇرىدۇ ، ئالغا بېسىش غەيرىتىنى يوقىتىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىز نەدە ، نېمە ئىش قىلمايلى ئۆزىمىزدىكى بىلىم قىزغىنلىقىنى قوزغىشىمىز ، ھايات شادلىقىنى بىلىم ئارقىلىق ئىزدىشىمىز كېرەك .

# ئەلشىر نەۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە تەلقىنلىق سۆھبەت

غەيرەتجان ئوسمان

B . ئاز ساندىكى بەزى كىشىلەر ئەلشىر نەۋائىنى نېمە ئۈچۈن ئۆزبېك شائىرى دەۋالغان . بۇنىڭ سەۋەبى ۋە ئېنىقراق ۋاقتى توغرىسىدا تېخىمۇ ئوچۇقراق سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز .

A . بۇنىڭ سەۋەبلىرى بىر قانچە خىل . قىسقىچىرەك سۆزلىسەك مۇنداق تەرەپلەردىن دەسلەپكى قەدەمدە يورۇتۇپ بەرگىلى بولار .

1 . نەۋائىنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدە ئىپادە قىلىنغان تىل ـ چاغاتاي تىلىنى ئەينى زاماندا ئۆزبېكلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋلىرىمۇ ئىشلەتكەن . نەۋائى بىلەن زاماندىش ، ئاتالمىش ئۆزبېك شائىر ـ ئەدىبلىرى ھەم نەۋائىنىڭ تىلى بىلەن ئوخشاش تىلدا ئەسەر يازغان . مۇشۇ جەھەتتىن ، نەۋائى ئۆزبېك بولۇشى كېرەك ، دەپ ھېسابلاش .

روسىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەزى تۈركولوگلىرى ئۆزبېك تىلىنى كىلاسسىفىكاتسىيە قىلغاندا ، ئۇنى كونا ئۆزبېك تىلىنىڭ بىۋاستە ۋارىسى ، كونا ئۆزبېك تىلى دەل چاغاتاي تىلى ، ئۇنى يەنىمۇ ئالدىغا سوزساق قارا خانىيلار دەۋرىدىكى خاقانىيە تىلىغا بېرىپ تۇتىشىدۇ . نەۋائى كونا ئۆزبېك تىلى بىلەن ئەسەر يازغان ، شۇڭا نەۋائى ئۆزبېك بولۇشى كېرەك ، دەپ ھېسابلاش . يەنى روسىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۈركىي تىلىنى تەتقىق قىلىشنى يادرو قىلغان تۈركولوگىيە ئىلمىنى رۇس ئالىملىرى ياكى روسىيە ئالىملىرى دەسلەپ قولغا ئالغان ھەم بەزى ئالىملار مۇشۇ قاراشنى ياقلاپ چىققان .

2. ھىرات قاتارلىق جايلاردا نەۋائى دەۋردە تۈركىي تىلىنى ئىشلەتكەن ئايرىم خەلقلەر كېيىنچە ئۆزبېك مىللىتىگە ئايلانغان . شۇڭا نەۋائى ئۆزبېك مىللىتى بولۇشى كېرەك ، دېيىش . يەنى ئەمىر تۆمۈر ئاساس سالغان تۆمۈرىلەر خانلىقى ( 1370 ـ 1507 ) ئۆزبېك مىللىتىنىڭ تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقە ، ئۇ ئۆزبېكلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە دۆلەت قۇرۇش تارىخىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بولۇپمۇ ھىراتنى مەركەز قىلغان خوراسان مەملىكىتى بىلەن سەمەرقەندنى مەركەز قىلغان سەمەرقەند ئېلى قاتارلىق تۆمۈرىلەر خانلىقىنىڭ پارچىلانغاندىن كېيىنكى ئىجتىمائىي ، تارىخىي ۋە مىللىي ئەھۋالىنى ئېلىپ ئېيتقاندا ، بۇ دەۋر ئۆزبېك مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئاساسى بولغان ، دېيىش .

3 . سوۋېت ئىتتىپاقىدا 1924 ـ يىلى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان ، بۇ ئەلدە ئۆزبېكلەر ئاساسىي بىرمىللەت بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبلىك ، سوۋېت ھۆكۈمىتى بىر تەرەپلىمە ھالدا ئۆز ئېلىدىكى ئاساسلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش سىياسىتىنىڭ تەسىرىدە ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئاز ساندىكى تۈركولوگلار تۈركولوگىيە تەتقىقاتىنى ئايرىم ئەھۋالدا ئۆزبېكلەرنىڭ مەنپەئىتىگە پايدىلىق بولۇش نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىپ ، بەزى ئەھۋالدا ئىلىم ـ پەننىڭ ئىلمىيلىكىنى ، توغرىلىقىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ، نەۋائى ئۆزبېك شائىرى دېيىلىشكە يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگەن . ھەتتا بەزى نوقۇل سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان رۇس ۋە باشقا مىللەت ئالىملىرى تارىخىي پاكىتلارغا مۇراجىئەت قىلمايلا ، ھېچبىر ئويلىماستىن ، نەۋائى ئۆزبېك شائىرى ، دېگەن بىر تەرەپلىمە ئويدۇرما قاراشنى دېيىشكە رايى بارغان .

4 . « تارىخىي رەشىدى » دىكى نەۋائىنىڭ نەسەبى توغرىسىدىكى بايانلارغا 1950 ـ يىللاردىن ئىلگىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا دىققەت قىلىدىغان ئادەم بولمىغان . ياكى دىققەت قىلغانلار بار بولسىمۇ ، بۇ ئىلمىي جۈملىنى دەماللىققا ئاڭقىرالمىغان .

5 . ئۆزبېكىستاندىكى ئۆزبېك مىللىتى ئارىسىدىكى ئايرىم ئاتالمىش مەمەدان ئالىملار بېشەملىك قىلىنسا بىر گەپ بولىدۇ ، دەپ قارىغان . يالغاننى قىرىق قېتىم تەكرارلىسا راستقا ئايلىنىدۇ ، دەپ ھېسابلىغان . ئۇلار ئارىسىدا نەۋائىغا مۇناسىۋەتلىك ، تارىخنى بىلىدىغان ، تارىخىي پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان ، ھەقىقەتنى كۆرەلەيدىغان ، ئىلىم ـ پەننىڭ دۇنياۋىلىكى بىلەن بىردەكلىكىنى ساقلىيالايدىغان ، لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن تارىخىي تەپەككۇرنى بىرلەشتۈرەلەيدىغان ، ساختىلىقتىن خالىي بولغان ، ھەقىقىي ئىلمىي ئالىملىرى كەم بولغان ياكى يوق بولغان . تار مىللەتچىلىك خاھىشى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ ، باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ، كۆڭلىنى ، ئىلىم ـ پەننى دەپسەندە قىلسا بولىۋېرىدۇ دەپ ھېسابلىغان .

6 . ئاز ساندىكى ئۆزبېك ئالىملىرى نەۋائىنى ئۆزبېك دېيىشتە ئۇيغۇر خەلقى قەددىنى مەڭگۈ كۆتۈرەلمەيدۇ ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇلارغا ئەبەدىي ئەركىنلىك بەرمەيدۇ ، ئۆز مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ، ئۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىش پۇرسىتى بەرمەيدۇ ، نەۋائى توغرۇلۇق ئىلمىي دەۋا سورۇنىغا چىقالمايدۇ ، دەپ ئويلىغان .

يەنە جۇڭگودا نەۋائىشۇناسلىق تەتقىقاتى ھازىرقىدەك بۇنداق پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلالمايدۇ ، جۈملىدىن 2001 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇلۇغ پايتەختى بېيجىڭدىكى ھەيۋەتلىك خەلق سارىيىدا « ئەلشىر نەۋائى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 560 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى » دەك كاتتا يىغىنلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنى جۇڭگودا ئېچىلىشى مۇمكىن ئەمەس دەپمۇ پەرەز قىلغان .

7 . 1957 ـ يىللىرى ئۈرۈمچىدە بولغان بىر مەزگىللىك مۇنازىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا پۈتكۈل 20 ـ ئەسىر ئىچىدە ئۆزبېكىستاندىكى ئاز ساندىكى ئۆزبېك ئالىملىرىنىڭ ۋە باشقا قىس-

مەن ئالىملارنىڭ نەۋائىنى ئۆزبېك دەۋلىشتىن ئىبارەت ساختا
مۇقامىغا تارىخىي پاكىت، ئىلمىي ـ پەن نۇقتىسىدىن رەت قىلە-
لىشىپ ئەجەللىك زەربە بېرىدىغان ئىلمىي مۇنازىرە بولمىغان.
1949 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا
ئۇيغۇرلارنىڭ بىرەر ئاپتونوملىيىلىك ھاكىمىيىتى بولمىغانلىقى
ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئورنى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۆز
بېكلەرنىڭ ئورنىدىن تۆۋەن بولۇشىنى بەلگىلىگەن. نەتىجىدە،
ئۇيغۇرلارغا قىلىنغان مۇئامىلە بىلەن ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى
تەتقىقات ئۆزبېكلەرگە سېلىشتۇرغاندا، تۆۋەن سەۋىيىدە بولغان.

جۇڭگودا، يەنى ئۇنىڭ غەربىي ئۆلكىسى بولغان شىن-
جاڭدا 1911 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاش-
قاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ يەرلىك خانلىرى بولۇۋالغان ياڭ
زېڭشىن ( 1912 ـ 1928 )، جىن شۇرېن ( 1928 ـ 1933 )،
شېڭ شىسەي ( 1933 ـ 1944 ) قاتارلىق مىلىتارىستلار ۋە گو-
مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى باشقا مىللەتلەر قاتارىدا ئۇيغۇر خەلقى-
نىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشى ۋە بۇ توغرۇ-
لۇق يۈرەكلىك پىكىر ئېيتىشقا قەتئىي ئىمكانىيەت بەرمى-
گەن. 1949 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو
ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ناھايىتى
ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقى دۆ-
لەت مەنپەئىتىنى ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، نەۋائىي
مەسىلىسىدە جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىگە تەسىر
يېتىپ قالىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن ئۈچۈن، تالاش ـ تار-
تىشلىق مۇھاكىمىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ پۇرسەت كۈت-
كەن. 1956 ـ، 1957 ـ يىللىرىدىكى ئىزدىنىشنى ھېسابقا ئالمى-
غاندا 1966 ـ، 1976 ـ يىلغىچە، جۇڭگودا ئاپەتلىك « مەدە-
نىيەت زور ئىنقىلابى » بولۇپ، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي مىراسلىرى
توغرىسىدا مۇھاكىمە بولۇش چەكلەنگەن. جۈملىدىن، 1950 ـ
يىللارنىڭ ئاخىرىدىن تا 1990 ـ يىللارغىچە، جۇڭگو ـ سو-
ۋېت مۇناسىۋىتى ئىزچىل جىددىي بولۇپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار
نەۋائىي توغرىسىدا ئۇنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بىلەن پىكىر قى-
لمىسا، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە سۈركىلىش ئەدەب
كەتمىسۇن ئۈچۈن، يەنىلا ئۆزىنى بېسىۋالغان. 1990 ـ يىلى،
ئۆزبېكىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى
تېزلىك بىلەن ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، مۇنا-
سىۋەتنى ياخشىلاشقا تۇتۇنۇۋاتقان پەيتتە، ئۇيغۇرلار يەنىلا ئۆ-
زىنى تۇتۇۋالغان. بۇنىڭ ئەكسىچە، يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار ئۆز-
بېكىستاندىكى بەزى نەۋائىشۇناسلارغا داۋاملىق پايدىلىق ئىمكانى-
يەتلەرنى يارىتىپ بېرىۋەرگەن. ئۇ يەردىكى بىر قىسىم نەۋائىشۇ-
ناسلار ئىگىسى بولمىغان، ھېچقانداق تالاش ـ تارتىشقا دۇچ
كەلمىگەن، بەھىس قوزغىمىغان ئەھۋالدا، بەخىرامان، كۆزنى
يۇمۇۋالغىنىچە نەۋائىي ئۆزبېك شائىرى، دېگەن ساختا قاراشنى
بازارغا سېلىۋەرگەن.

8. ئۆزبېكىستاندىكى ئۆزبېك مىللىتى ئارىسىدا كۆتۈرۈل-
گەن يېڭى دەۋرگە خاس مەدەنىي ئويغىنىش ھەرىكىتى، ئۇلاردا
ئايرىم ئەھۋالدا مىللىي قىزغىنلىقنى بىراقلا ئويغۇتىۋېتىپ، ئاز
ساندىكى كىشىلەر ئارىسىدا راست ـ يالغاننى پەرقلەندۈرمەيدى-
غان، تارىخىي پاكىتلار بىلەن ھېسابلاشمايدىغان، نوقۇل ئۆز-
مىللىتىنىلا كۆز ـ كۆز قىلىپ، باشقا بەزى مىللەتلەرنى كۆزگە
ئىلمايدىغان، مىللىي ئەسەبىيلىكنى ئۇلغايتىپ، مىللىي قىزغىن-
لىقنى كۆچەيتىۋەتكەن. بۇنىڭدا، 1924 ـ يىلىدىكى « ئۆز-
بېك » نامىنىڭ ئومۇمىي مىللىي نام سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشى ۋە
شۇ يىلى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئۆزبېكلەر-
نىڭ مىللىي ھېسسىياتىنى بالداقمۇ بالداق ئۆرلىتىپ، نەۋائىشۇ-
ناسلىق تەتقىقاتىغا ئوخشاش ئايرىم ساھەلەردە يالغانچىلىقنىڭ،
ئۆكتەملىكنىڭ، بېشەملىكنىڭ، ھاماقەتلىكنىڭ ۋە گاللىۋاڭلىقنىڭ
باش كۆتۈرۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

9. يەنە باشقا مىللەتتىن بولغان بەزى ئاتالمىش ئالىملار-
نىڭ نەۋائىنى ئۆزبېك شائىرى دەپ بېرىشتىكى سەۋەبلەرگە
كەلسەك، ئۇنىڭمۇ بەزى « سەۋەب » لىرى بار. مەسىلەن، ئاز
ساندىكى باشقا مىللەتنىڭ ئالىم، مۇتەخەسسىلىرى ئايرىم
ئەھۋالدا نەۋائىنى ئۆزبېك شائىرى دەپ ساختا مۇقام تۈۋلاپ
بەرگەن. بۇنىڭدا ئايرىم رۇس ئالىملىرى دەسلەپتە، نەۋائىي
ئىشلەتكەن تىل چاغاتاي تىلى كونا ئۆزبېك تىلى، نەۋائىي ئۆز-
بېك تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور ھەسسە قوشقان،
شۇڭا نەۋائىي ئۆزبېك شائىرى بولۇشى كېرەك، دېگەن « تىل
نەسەبى » ئارقىلىق « مىللەت نەسەبى » نى پەرقلەندۈرىدىغان
بىر تەرەپلىمە قاراشنىڭ تەسىرى چوڭ بولغان. بۇ خىل قاراش
سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا مەزگىلىدە
راسا بازار تاپقان. بۇ ھەتتا ئۆزبېكلەر ۋە ئۆزبېكىستاننىڭ سو-
ۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۇتقان ئورنى بىلەن بىۋاستە سەۋەب ـ
نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى بولىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يېتىپ قال-
غان. ئۆزبېكىستاندا خىزمەت ئىشلەپ تۇرغۇچى رۇسلارنىڭ ئى-
چىدە نەۋائىي ئۆزبېك شائىرى دەپ بەرگەنلەرنىڭ ئەمەلىي ۋە
ئىلمىي ئۇنۋانى ئۆسۈپ بارغان. دېمىگەنلەر زەربىگە ئۇچرىغان.
بۇنىڭ تەسىرى ئىنتايىن يامان بولغان. بەزى قازاق، خۇيزۇ قا-
تارلىق مىللەت ئالىملىرىنىڭ نەۋائىي ئۆزبېك شائىرى، دېگەن
ساختا مۇقامغا دوست تارتىشىپ بېرىشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ
بەزىلىرىنىڭ تارىخىي بىلىم قۇرۇلمىسى تولىمۇ تۆۋەن، شاتۇتى-
دەك ئىلگىرىكىلەر نېمە دېسە، توغرا ـ خاتاسىنى ئايرىماي،
شۇنداق دەۋەرگەن. يەنە تېخىمۇ ئاز ساندىكىلىرى ئىنتايىن
ھەسەتخور بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن تارىخى، مول
مەدەنىي مىراسلىرى ۋە ئۇلۇغ ئەربابلىرى بولغانلىقىنى كۆرەل-
مەيدۇ. ئۇلار ئامال بار، ئۇيغۇرلارنى چۆكۈرىدىغان، مەدەنىيە-
تىنى كەمسىندۈرىدىغان، ئۇلۇغ سىمالىرىنى باشقىلارغا تەۋە قى-
لىپ بېرىدىغان قىلىقلارنى قىلىدۇ. تارىخىي پاكىتلارنى ئەتەي
كۆرمەسكە سالىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى
ئىقتىدارىنىڭ بەكلا تۆۋەن ئىكەنلىكىنى، ئىلىم ـ پەنگە ساختا
ھېسسىيات ئارلاشتۇرۇۋالىدىغانلىقىدەك چاكىنىلىقىنى ئىپادىلەپ
قويۇشتىن ئۇيالمايدۇ.

بۇلاردىن باشقا سەۋەبلەرمۇ بار، ھازىرمۇ يۇقىرىقىلارلا
دەپ تۇرۇلدى.

يۇقىرىقىلار تارىخ بولۇپ قېلىشى لازىم. دۇنيادا نۇرغۇن
مىللەتلەر ياشىغان. ئۇلار ئۆزىنىڭ تارىخىنى ئالدى بىلەن ئۆزى
ياراتقان، شۇنىڭ بىلەن بىللە باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ يېتەرلىك
ياردىمىنى قوبۇل قىلغان. مىللەت ئۆزىنىمۇ ئويلىشى، باشقىلار-

نىمۇ ئويلىشى لازىم . بۇ ئەقىل ـ پاراسەتلىك دۇنياۋى ئاڭغا ئىگە مىللەتنىڭ پەزىلىتى ، ئۆز مىللىتى ئۆزىگە قانچىلىك ئەۋزەل ، قانچىلىك ئۇلۇغ بولسا ، باشقا مىللەتلەرمۇ ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى شۇنچىلىك تونۇسا ئاندىن بۇ دانالىق بولىدۇ . ئۆزىنى ھەممىدىن تەڭداشسىز دەپ ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتسە ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمىسا ، ئۇنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلسا ، ئىلگىرىكى چاغلاردا بولغان بىلەن ، بۈگۈنكى مەدەنىي دۇنيادا مازاق قىلىنىدىغان ، ئەيىپلىنىدىغان كۈلكىلىك ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ .

ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ئۆزبېك خەلقى قېرىنداش خەلق . ئۇنىڭ ئۇزاق تارىخى بىرلىكتە يارىتىلغان . بىر خىل تىل ئائىلىسىگە مەنسۇپ تىلدا سۆزلىشىپ ، تارىخنىڭ كۆپ چاغلىرىدا ئورتاق تېررىتورىيىدە ياشاپ ، كۆپلىگەن مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى بىرلىكتە ياراتقان . قايغۇدا ۋە شادلىقتا بىللە بولغان . ئۇيغۇر خەلقى ئۆزبېك خەلقىنى چەكسىز ھۆرمەتلەيدۇ . ئۇنىڭ تارىختا ياراتقان بۈيۈك تۆھپىلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ . ئۆزبېك مىللىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا بارىكاللا ئېيتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزبېك خەلقىنىڭمۇ ئۇيغۇر خەلقىگە شۇنداق مۇئامىلىدە بولۇشىنى چىن قەلبىدىن ئۈمىد قىلىدۇ . ئۇيغۇر خەلقى شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى ، ئۆزبېك خەلقى ئىچىدىكى ئايرىم مەمەدان ئالىملار ئايرىم روسىيىلىك ئالىملار قارىسىغا بەلگىلەپ بەرگەن مۇقامىغا ئۇسسۇل ئويناپ بىر پۈتۈن ئۆزبېك مىللىتىگە ۋەكىل بولۇۋېلىپ نەۋائىينى ئۆزبېك دەپ تارىخنى بۇرمىلىغانلىق ، پاكىتنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلغانلىق ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق ئازار بەرگەنلىك ھاماقەتلىكى ئۈچۈن كۈنلەردىن بىر كۈنى پۈتكۈل ئۆزبېك خەلقى نامىدىن ئۇيغۇر خەلقىدىن كەچۈرۈم سورايدۇ ، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە ئۆكۈنىدۇ . ھەقىقەت ئالدىدا تۆۋە قىلىدۇ ، تارىخىي پاكىتلار ئالدىدا باش ئېگىدۇ . كۈنلەردىن بىر كۈنى نەۋائىينىڭ مىللىي كېلىپ چىقىشىنىڭ تەۋەلىكى جەھەتتىكى پاتېنت ھوقۇقىنىڭ دەۋاسى بولىدىغانلىقىغا جىددىي ئېتىبار بىلەن قارىماي قالمايدۇ . يەنە ئۇلۇغ شائىر نەۋائىينىڭ تارىخىي ئىگىسىنى ئانىي تېپىپ بۆزەك قىلىش ۋە ئەخمەق قىلىش قىلمىشلىرى ئورۇنسىز داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا ، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىش ئۈچۈن گائاگا خەلقئارا سوتىغا ئەرزمۇ قىلىنىپ قېلىنىشى مۇمكىنلىكى بولىدىغانلىقىنى ئويلىماي قالمايدۇ .

ئۆزبېك خەلقى ئۇلۇغ خەلق . ئۇلارنىڭ ئۇزۇن تارىخى ۋە شانلىق مەدەنىيىتى بار . ئۆزبېكىستان ئوتتۇرا ئاسىيا ، جۈملىدىن دۇنيانىڭ مەرىپەت تارىخىغا مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشقان . دۇنيانىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا تېگىشلىك ئورۇن ئىگىلىگەن . بۇلار يېتەرلىك دەرىجىدە ئىزاھلىنىشقا ، تەتقىق قىلىنىشقا ، يۈكسەكلىكى نامايان قىلىنىشقا ئەرزىيدۇ . ئەمما ئۆزبېكىستاندىكى ئاز ساندىكى ھېسسىياتچان ۋە ساختا ئىلىم نوپۇزى بولۇۋالغان ئاتالمىش نەۋائىيشۇناس « ئالىملار » نەۋائىينى ئۆزبېك شائىرى دەپ ، تارىخنى ساختىلاشتۇرۇۋەتكەندىن باشقا ، بىر پۈتۈن ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئوبرازىغا غايەت زور دەرىجىدە ئوقساق يەتكۈزمەكتە .

نەۋائىينىڭ مىللىي تەۋەلىكى نۇقتىسىدىن قوشنا مىللەتلەر ، بىر تىل ئائىلىسىدىكى مىللەتلەر ۋە باشقا بەزى مىللەتلەر ئارىسىدا ، ئۆزبېك مىللىتىدىن چىققان بەزى نەۋائىيشۇناسلار يالغانچى ، مۇغەممبىرى ، ساختا ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئىكەن ، دېگەن تەسىرات بېرىپ قويۇلسا ، كېيىن ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىپمۇ بۇ خىل ئاھانەتنى يۇيۇۋەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇپ يېتىش لازىم . ئاز سانلىق ساختا ئىلىم تونىغا ئورىنىۋالغانلارنىڭ نەۋائىينى ئۆزبېك شائىرى دېيىلىشى بىلەن ئۆزبېك مىللىتىنىڭ پۈتكۈل تارىخىي مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى تىكلەيەلەيدىغان ، ئۆزىنىڭ يۈكسەكلىكىنى نامايان قىلىدىغان ، نەۋائىي ئۆزبېك شائىرى بولماسلىقى بىلەن ، ئۆزبېكلەرنىڭ مەدەنىيەت ، جۈملىدىن ئەدەبىيات تارىخى ئۆز قىممىتىنى يوقىتىدۇ ، دېيىلىدىغان بولسا ، ئۇنداقتا بۇ ئاشۇنداق قارىغۇچىلارنىڭ تارىخىي بىلىم سەۋىيىسىنىڭ تولىمۇ تۆۋەن ئىكەنلىكى ، مەنتىقىي تەپەككۇر شەكلىنى ھازىرلىمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . چۈنكى دۇنيادا بىر مىللەتنىڭ ئۆز مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئاز كېلىپ قالغانلىق سەۋەبلىك ،باشقا بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ۋە ئۇلۇغ سىمالىرىنى ئۆكتەملىك ۋە ھاماقەتلىك بىلەن تارتىۋېلىپ مەرىپەت ـ مەدەنىيەت تارىخى ھاسىل قىلىپ چىقىش ياكى سەمرىتىش ئۈچىغا چىققان ئەخمەقلىق ۋە مەككارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ، ئەلۋەتتە . بۇ مەسىلىدە ، ھەقىقىي ئىلىم نوپۇزلۇقلىرى قاتارىدا ، ئۆزبېك مىللىتىدىن چىققان ، دۇرۇس گەپ قىلىدىغان ، تارىخ پەننى ئىلىم نۇقتىسىدىن تۇرۇپ كۆزىتىدىغان ۋە تەتقىق قىلىدىغان ئالىملار ئىچىدە كۈنلەردىن بىر كۈنى ھەقىقانىيەتنى ياقلاپ ، پاكىت ئاساسىدا پىكىر بايان قىلىپ ئۆزىنى ، ئۆزبېك مىللىتىنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ كامىل بولۇشى لازىم . شۇنداق بولىدىغان بولسا ، ئۆزبېك مىللىتىنىڭ ئەسلىدىن راست گەپ قىلىدىغان ، تارىخىي پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان ، خۇددى ئۆز مىللىتىنىڭ كۆڭلىنى ھۆرمەت قىلغاندەك ، باشقا مىللەتنىڭ كۆڭلىنىمۇ ئىززەت قىلىدىغان ئېسىل مىللىي پەزىلىتى ۋە چىن مەنىسىدىكى مىللىي غۇرۇرى قوشۇلۇپ ، ئۆزبېك مىللىتىنىڭ بىر پۈتۈن ھالدىكى ئىززەت ـ ئابرۇيى قوغدىلىدۇ . باشقا مىللەتنىڭ تارىخىنىمۇ ھۆرمەت قىلىنىدۇ . ئېپتىخارلىق ئىشلارغا ئورتاق ھالدا بارىكاللا ئېيتىلىدۇ .

ئۇيغۇر خەلقى ئارتۇقچە دەۋا ۋە تالاش ـ تارتىش پەيدا قىلىۋاتقان نەۋائىينىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدىكى مەسىلىنىڭ بۇرۇنراق ئاخىرلىشىشىنى ، ئاز ساندىكى ئاتالمىش نەۋائىيشۇناسلارنىڭ نەۋائىينى ئۆزبېك شائىرى دېيىلىپ ، قەستەن ئادەم كولدۇرلىتىپ ، تارىخنى بۇرمىلاپ ، ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستىن قىلىۋاتقان قىلمىشنى تېزرەك ۋە ۋاقتىدا ئاخىرلاشتۇرۇشنى ، ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ ھەقلىق ۋە تارىخىي ئىگىسىنىڭ نامى بىلەن دۇنيانىڭ ئىلىم ـ پەن سەھنىسىدە شۆھرىتىنى يەنىمۇ نامايان قىلىشنى چىن قەلبىدىن ئۈمىد قىلىدۇ .

# ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ نەسەبنامىسى توغرىسىدا

ئۆمەر ئوسمان شىپائى

ھاياتلىق رىشتىسى . ئەجداد ۋە ئەۋلاد تىنىقلىرىنى تۇتاشتۇرغۇچى زەنجىرسىمان ئېقىندۇر . يېرىم ئەسىردىن بۇيان مەشھۇر ئەدىب ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئۆز تەرجىمىھالى توغرىسىدىلا بىر قىسىم يۈزەكى مەلۇماتلار بىلەن قانائەتلىنىپ نەسەبنامىسى توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىلمىدى ، بۇ بىر ئەپسۇسلىنارلىق ئىشتۇر .

تەكشۈرۈشكە قارىغاندا نىزارىنىڭ سەلىمە خېنىم ، ھەسەن مەخسۇم ، ھۈسىين مەخسۇم ، نۇرئەلا خېنىمدىن ئىبارەت تۆت پەرزەنتى بولغان . ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ تەقدىرى ۋە ئەۋلادلىرى ئۈستىدە توختىلىش بىلەن بىر چاغدا نىزارىنىڭ ئەجدادلىرى ھەققىدە ئېرىشىلگەن دەسلەپكى مەلۇماتنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمىز .

1 . نىزارىنىڭ ئەجدادلىرى ھەققىدە

1996 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ چەۋرىسى مەرھۇم ئابدۇخېلىل ھاجىم ئاكا مۇنداق دېگەنىدى :

قىيىناتام ئوسمان بىننى ئابدۇرەھمان ناتەۋانى ( 1860 ـ 1955 ) ، بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن « دالائىل » ناملىق بىر كىتابنى ماڭا تەقدىم قىلىۋېتىپ « تەزكىرە تول زەكىيە » ( دانىشمەنلەر تەزكىرىسى ) ناملىق كىتابى يوقىلىپ كەتكەنلىكىدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىپ : « ئۇ كىتابقا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ تەزكىرىسى يېزىلغانىدى » دېگەن ھەم ئۆزىنىڭ ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ 5 ـ ئەۋلادى ئىكەنلىكى ، ئەجدادلىرىنىڭ نەسەبى ھەزرىتى موللامغا تۇتىشىدىغانلىقى ، ئابدۇرېھىم نىزارى بولسا ھەزرىتى موللامنىڭ 29 ـ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى .

مەن يەنە شۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن ئۇ ساقلاپ كەلگەن بىر سىجىرە ( ئەجدادلار تىزىمنامىسى ) نى ئوقۇپ چىققان . شۇنىڭدىن ئېسىمدە قالغانلىرىنى سىلەرگە دەپ بېرەي ...

تۆۋەندىكىلەر مېنىڭ ئەينى چاغدا ئابدۇخېلىل ھاجىم ئاكىنىڭ ئاغزىدىن خاتىرىلىۋالغانلىرىم :

نىزارىنىڭ دادىسى موللا نەزەر ئاخۇنۇم ئوپال « مەھمودىيە مەدرىسى » گە مۇدەررىس بولغان موللا غوجىلاق خەلپىتىمنىڭ ئۇستازى . چوڭ دادىسى : موللا باقى ئاخۇن خەلپىتىم . بوۋىسى : ئەلقۇت ۋەلى خوجا ئىشانەم . بوۋىسىنىڭ دادىسى : موللا مۇھەممەدى مۇپتى ئاخۇنۇم . بوۋىسىنىڭ چوڭ دادىسى : ئۆمەر قازى ئاخۇنۇم . بوۋىسىنىڭ بوۋىسى : خوجا ئابدۇرەھمان خەلپەم بولۇپ ، ئۇ موللا يۇنۇس خەلپىتىمنىڭ ئوغلى ئىكەن . موللا يۇنۇس خەلپىتىم بولسا ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ 22 ـ ئەۋلادى ئىكەن .

بۇ قېتىم مەن خاتىرە دەپتىرىمگە يېزىلغانلارنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ھازىر ھايات ياشاۋاتقان پەي نەۋرىلىرىدىن قەشقەر شەھىرىنىڭ ئېگىرزېرىق بېشى مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق 65 ياشلىق ھەپىزە خېنىم ( ئۆلىما ، تارىخچى ئىمىر ھۈسىين قازى ئاخۇنۇمنىڭ قىزى ) ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ پېنسىيىگە چىققان ئوقۇتقۇچىسى بۈۋى مەريەم خېنىم ،①قەشقەر شەھىرى موپاڭ مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق پېشقەدەم مائارىپچى 70 ياشلىق ناجىيەم سىدىق ، يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ پېنسىيىگە چىققان كاتىپى ئىبراھىم ھاجىم ، قەشقەر شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم مائارىپچى رىشات مۇسا ئەپەندى②قاتارلىقلارنى ئايرىم ـ ئايرىم زىيارەت قىلغىنىمدا ، ئۇلار بىردەك مەن ئابدۇخېلىل ھاجىم ئاكىنىڭ ئاغزىدىن خاتىرىلىۋالغان نەسەبنامىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش بىلەن بىر چاغدا ، بەزى يېڭى يىپ ئۇچلىرى بىلەن تەمىنلىدى .

بۈۋى مەريەم خېنىم مۇنداق دەيدۇ :

ئادەمنىڭ نىمىگە ئىنتىلىشى ئۇدۇم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك . دادام ئىسمائىل بېگىم ( قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ئىنىسى ) دائىم مۇنداق دەيتتى : « دەپتەر ـ دۇنيا ـ ۋاقىتلىق ، بىلىم ـ ئادەمگە مەڭگۈلۈك ھەمراھ . شۇڭا ئىجتىھاد بىلەن ئۆگىنىڭلار ... ئەجدادىمىز ھەزرىتى موللام ( مەھمۇد كاشغەرى ) غا تۇتىشىدۇ . ئابدۇرېھىم نىزارى تېخى تۇنۇگۈنكى بوۋىمىز ... » مەن ئائىلە تارىخىمىزغا نەزەر سېلىپ باقسام ئەجدادلىرىمىز ئىچىدىن نۇرغۇن كاتتا زاتلار چىقىپتىكەن . دادام « ھەقىقىي تەخەللۇسلۇق ئەدىب ( بىر قىسىم ئەسەرلىرى بىزدە بار ) توقۇزاق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان جامائەت ئەربابى . مەن قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن پېنسىيىگە چىقتىم . 11 يىلدىن بۇيان ئوغلۇم پەرھادجان ( ياپونىيىدە ) ، ئىسمائىلجان ( ئامېرىكىدا ) دوكتورئاشتى ئۇنۋانى ئۈچۈن دىسسېرتاتسىيە ياقلاۋاتىدۇ ...

ھەپىزە خېنىم مۇنداق دەيدۇ :

---

① بۈۋى مەريەم خېنىم ـ قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ئىنىسى ئىسمائىل بېگىمنىڭ قىزى .
② رىشات ئەپەندى ـ قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ئىنىسى مۇسا بېگىمنىڭ ئوغلى .

دادام ئىمىر ھۇسەيىن قازىھاجىم ئۆزى نىزارىنىڭ 5 ـ ئەۋلادى، نىزارى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ 29 ـ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئېيتاتتى. «مەھمۇد كاشغەرى دېگەن كىم بولىدۇ؟» دەپ سورىساق: «ئوپالنى بېسىپ ياتقان ھەزرىتى موللام دېگەن زاتنىڭ ئۆزى شۇ ...» دەپ كۆزىگە ياش ئالغانلىقى ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ ...

ناجىيەم سىدىق مۇنداق دەيدۇ:

ئانام ھەزرىخېنىم (قۇتلۇق شەۋقىنىڭ سىڭلىسى) دائىم ماڭا نەسىھەت قىلغاندا، چوڭ دادام ئابدۇرېھىم بەگھاجىم ھەزرىتى موللامنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكى، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ناھايىتى ئۇلۇغ كىشىلەر ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ، ياخشى ئوقۇشۇمنى تاپىلايتتى. ھەر يىلى نورۇز ئېيىدا ھەممىمىزنى ئېلىپ ئوپالغا بېرىپ، ھەزرىتى موللامنى تاۋاپ قىلدۇرۇپ، نەزىر ـ نىياز ئۆتكۈزۈپ كېلەتتى ...

رىشات مۇسا مۇنداق دەيدۇ:

ـ مېنىڭ 70 يىللىق ھاياتىمدا بېشىمدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتتى. مەن جەددى ـ جەمەتىمىز توغرۇلۇق چوڭراق بىر ئەسەر يېزىش نىيىتىدە نۇرغۇن ماتېرىيال توپلىغانىدىم. سول لۇشيەن مېنى تۈرمىگە تاشلاپ ماتېرىياللىرىمنى كۈلگە ئايلاندۇرىۋەتتى. تېنىمنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، زېھنىمنى يەپ كەتتى ... «ھەزرىتى موللام» نىڭ مەھمۇد كاشغەرى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشكەن دەسلەپكى چاغلاردا، مەن نەۋرە ئاكام ئىمىر ھۇسەيىن قازى ئاخۇنۇمدىن① «نېمىشقا ئۆز نەسەبلىرىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويمايلا؟» ـ دەپ سورىسام، ئۇ: «ھازىر تېخى ۋاقتى ئەمەس، بالدۇرلۇق قىلىدۇ ... بىر چاغلاردا نەسەبىمىزنىڭ ئىسمىلىكى توغرۇلۇق گەپنىڭ ئۇچىنى چىقارماي تۇرۇپلا نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدىم؟! ۋاقتى كەلسۇن.» دېگەنىدى. ئۇ ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىش ئالدىدىكى بىر قېتىملىق سۆھبىتىمىزدە: «مەن ھەجدىن قايتىپ كەلگىچە، سەن ئەجدادلىرىمىز بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىزغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى ئىگىلىگەچ تۇر. مەن كېلىپلا نەسەبنامىمىزنى تەييارلاشقا كىرىشىمىز ... بوۋىمىز ئابدۇرېھىم نىزارى قەشقەر شەھىرىدە 50 نەچچە يىل ياشاپ زوھورىدىن ھېكىمبەگ ئوردىسىدا باش مىرزا (كاتىپ) لىقتەك كاتتا ئەمەل تۇتقان تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ئوپالدا ياتىدۇ؟ ئۇنى ئۇلۇغ بوۋىسى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ روھى چاقىرغان ...» ئېسىڭلاردا بولسۇنكى: «ئەجدادلىرىمىز ئەزەلدىن ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئايىغىدا يېتىشنى ئادەت قىلغان. مېنىڭمۇ شۇنداق مۇددىئايىم بار ...» دېگەندىن كېيىن؛ ئۆزىنىڭ كارغا يارىغىدەك ئوغلى يوقلۇقىدىن (ئوغلى موللا رىزا خەلپەمنىڭ ئىككىلا كۆزى ئەما) خۇرسىنىپ، قازايى قەدەر يەتسە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدا مېنىڭ چىڭ دەسسەپ تۇرۇپ، ئۆزىنى مەقسىتىگە يەتكۈزۈشۈمنى ئالاھىدە تاپىلىغانىدى. ئەپسۇسكى ھەج قىلىپ قايتىشىدا كۇۋەيتتە قازا تېپىپ، ئاخىرەتلىك ئىشى بىزگە ئاشمىدى ...

ھۇسەن مەخسۇمنىڭ ئەۋرىسى ئىبراھىم ھاجىم مۇنداق دەيدۇ:

ـ دادام ھاجى قازى ئاخۇنۇم② ماڭا ئانام ھاۋا خېنىمنىڭ نەسەبى توغرۇلۇق سۆزلەپ: «ئۇ شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئەۋرىسى، نىزارىنىڭ نەسەبى ھەزرىتى موللامغا تۇتىشىدۇ ...» دېگەنىدى.

غۇلجا شەھىرى ئايدىڭ مەھەللە 110 ـ قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق مۇساجان ئابدۇكېرىم 2000 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ناچۇق كەنتىگە تۇغقان يوقلىغىلى كەلگەندە مۇنداق دېگەنىدى:

ـ كوپېراتسىيىلىشىشتىن سەل ئىلگىرى (1954 ـ يىلى) چوڭ دادىلىرى ئوسمان بىننى ئابدۇرەھمان ناتەۋانى: «ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا سىلەرنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ تۇپرىقىنى تاۋاپ قىلدۇرۇپ كېلەي» دەپ ئىككى ھارۋا ـ مەپە جابدۇتۇپ بىزنى ئاۋۋال ئاتۇشتىكى ھەزرىتى سۇلتانىم (سۇتۇق بۇغراخان)، ئاغۇدىكى «جايپاچچىم»، «بوشۇك ئانام» مازارلىرىنى زىيارەت قىلدۇرۇپ «بۇلار بىزنىڭ ئەجدادىمىز» دېگەن. ئاندىن ئوپالغا بېرىپ تۇغقانلارنىڭكىگە چۈشتۇق. «ھەزرىتى موللام» قەبرىگاھىنى تاۋاپ قىلىپ، بىر كېچە قونۇپ قايتىپ كەلدۇق. ئۇ چاغدا تاشمىلىق، زەمىن، ئوغۇساق، ئاۋات يېزىلىرىدىمۇ خېلى يېقىن تۇغقانلىرىمىز بار ئىدى. كېيىن ئۇزۇن يىل ئىزدەشمىگەچ ھەممىسى بىلەن ياتلىشىپ كېتىپتۇق. بۇ ئىشلار ئەسلىرىدە باردۇ؟ دەپ سوئال نەزىرى بىلەن ماڭا قارىدى، كۆز يېشى قىلدى ...

يۇقىرىقىدەك مەلۇمات بەرگۈچىلەر خېلى كۆپ بولسىمۇ، ھەممىسىنىڭ ئېيتقىنى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرمىدۇق.

2. نىزارىنىڭ ئائىلە ئەھۋالى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ تەقدىرى.

ئابدۇرېھىم (نىزارى) 4 ـ ئوغۇلنىڭ كەنجىسى (ئۇلار تۆت ئوغۇل، ئىككى قىز، جەمئىي ئالتە بالا ئىكەن). دادىسى موللا نەزەر ئاخۇنۇم ئالەمدىن ئۆتكەندە تېخى 15 ـ 16 ياشلاردا بولۇپ، ئاكىسى ئابدۇقادىر ئاخۇن ئۇستام (موزدۇز) نىڭ تەربىيىسىگە قالغان. كىچىك ئاكىسى ئوسمان مەزىن «ھەزرىتى موللام» قەبرىگاھىدا سۇپىرىخانلىق (ئىگىدارچىلىق) ھەم مەزىنلىك قىلىدىكەن. ئابدۇرېھىمنىڭ دىنىي ساۋاتىنى مۇشۇ ئاكىسى چىقىرىپ موللا غوجەش خەلپىتىمگە③ شاگىرتلىققا بەرگەنىكەن. ئابدۇرېھىم «مەھمۇدىيە مەدرىسى» نى تاماملىغاندىن كېيىن، موللا غوجەش خەلپىتىمنىڭ مۇھەممەد سادىق ئەلەم (كاشغەرى) گە يازغان خېتىدە: داموللا نەزەر ئاخۇنۇمنىڭ بۇ كەنجى سەركىسىنى بۇرادەرلىرى داموللا نەزەر ئاخۇنۇمنىڭ يۈز خاتىرىـ

---

① بۇ كىشى قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ئوغلى بولۇپ 1990 ـ يىللىرى مەھمۇت كاشغەرىنى ئېنىقلاشتا مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپ چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن.

② ھاجى قازى ئاخۇنۇم. ئازادلىقتىن كېيىنمۇ (دىن دەرس ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانغا قەدەر) يۇرتىنىڭ قىچىپى مەكتەپ ۋە يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 1 ـ مەكتەپلەردە دىن دەرس ئوقۇتقۇچىسى بولغان.

③ موللا غوجەش خەلپىتىم ئوپالدىكى «مەھمۇدىيە» مەدرىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن «كاشغەرى خانلىق مەدرىسى» گە بېرىپ مۇھەممەد سادىق ئەلەم كاشغەرىدە ئوقۇغان.

سىدىن بولسىمۇ تەربىيىلەپ قويۇشلىرىنى ئۆتۈنۈمەن » دېگەنلە-
كىدىن قارىغاندا ، موللا نەزەر ئاخۇنۇم هايات چېغىدا مۇھەممەد
سادىق ئەلەم بىلەن خېلى قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان ئىكەن .

ئەمدى نىزارىنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز :

نىزارى قەشقەردە نۇر ئامىنە خېنىم بىلەن نىكاھلىنىپ
ياندۇرقى يىلى ( 1801 ـ يىلى ) بىر قىز ، بىر ئوغۇل قوشكېزەك
پەرزەنتكە ئاتا بولىدۇ . قىز بالدۇر تۇغۇلغان بولۇپ ، ئۇنىڭغا
چوڭئانىسى سەلىمە خېنىمنىڭ ئىسمىنى قويىدۇ . كېيىن تۇغۇلغان
ئوغۇلغا ھەسەن مەخسۇم دەپ ئات قويىدۇ . نۇر ئامىنە خېنىم
1805 ـ يىلى ھۈسەين مەخسۇمنى ، 1808 ـ يىلى نۇرئەلا خې-
نىمنى تۇغىدۇ . ( ئەپسۇسكى بۇ ئىككەيلەن توغرىسىدىكى مەلۇ-
ماتلار ھازىرچە تولۇق ئاساسقا ئىگە بولمىغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ
كېيىنكى تەقدىرى ئۈستىدە گەپ ئېچىشقا ئامالسىز قالدۇق .
داۋاملىق ئىزدەنمەكتىمىز ) .

سەلىمە خېنىم رەسىدە بولغاندا ، نىزارى ئۇنى قەشقەر
شەھىرى بۇلاقبېشى مەھەللىسىلىك قەدىناس بۇرادىرى رېھىم مە-
زىننىڭ ئوغلى نۇر ئەھمەت بەگكە ياتلىق قىلغان . نۇر ئەھمەت
بەگ دېۋەڭ ھەم موللىخۇليار ( نېرۋا ئاجىزلىق كېسىلى ) بولۇپ ،
سەلىمە خېنىمنىڭ تويدىن كېيىنكى كۈنلىرى ئىنتايىن بەختى-
سىزلىك ئىچىدە ئۆتكەن . شۇنداقتىمۇ ئۇ دادىسى بىلەن قېيىنا-
تىسىغا بولغان يۈكسەك ھۆرمىتى يۈزىسىدىنلا دەردىنى ئىچىگە
يۇتۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئائىلىدە ياشاشنى داۋام قىلغان . ئا-
رىدىن 4 ـ 5 يىل ئۆتكەندە نۇر ئەھمەت بەگنىڭ خاپىغىنى
تۇتۇپ قېلىپ ، بۇلاققا يىقىلىپ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كەتكەن . سە-
لىمە خېنىم 7 ـ 8 يىل ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۇل
ھالەتتە ياشىغان . قىزىنىڭ خورلۇق ، ھەسرەت ـ نادامىتى ۋە
ئايالى نۇر ئامىنە خېنىمنىڭ تاپا ـ تەنىسى ئابدۇرېھىم نىزارىغا
مەجبۇرىي نىكاھنىڭ ياش قىزلارنىڭ ئىستىقبالىغا زامىن بولىدى-
غانلىقىنى تونۇتۇپ ، نىكاھ ئەركىنلىكى توغرىسىدا بىر ئەسەر
يېزىش ئىستىكىنى قوزغاتقان . كېيىن « رابىيە ۋە سەئىدىن »
داستانىنى يازغان .

30 ياشلارغا بېرىپ قالغان سەلىمە خېنىم پەيزاۋات ناھى-
يىسىنىڭ قىزىلبۇيى يېزىسىلىق مۇساخامچى ( مۇساتېكە ، دېيى-
لىدۇ ) دېگەن ماتا ـ چەكمەن سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان
باي كىشىگە ياتلىق قىلىنىدۇ . موسا تېكىنىڭ دادىسى ئۆمەر تېكە
نىزارىنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ ، ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپكە
چىقىپ كېتىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان . شۇ مۇناسىۋەت
بىلەن بىر مەزگىل پەيزاۋات ، يېڭىشەھەر ، يوپۇرغا قاتارلىق
جايلاردىن خام ـ چەكمەن يۆتكەپ نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشكەن .
ئەينى چاغدا خام ـ چەكمەن ئەڭ كۆپ توقۇلىدىغان قىزىلبۇيى
يېزىسى ( ئۈچ ناھىيىنىڭ ئوتتۇرىسى ) نى مەركەز قىلىپ تۇر-
غانلىقتىن يەرلىكتىن ئۆيلىنىپ قىزىلبۇيىلۇق بولۇپ قالغان . ئۇ
ئاشخاباد يېنىدىكى « تېك تۈركمەن » دېگەن جايدىن سودا
ئىشى بىلەن كەلگەچكە « تېكە » دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغان .

قەشقەرگە خام ـ چەكمەنلىرىنى جۆنلەپ چەت ئەلگە چىقىرىش
جەريانىدا قەشقەر بايلىرى ، سودىگەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ
يۈز ـ ئابرۇي تاپقان . نەتىجىدە يېقىن بۇرادەرلىرىنىڭ تونۇش-
تۇرۇشى بىلەن قەشقەردىكى نوپۇزلۇق زات ئابدۇرېھىم نىزارى
بىلەن قۇدىلىشىپ ئوغلى مۇسا تېكىگە سەلىمە خېنىمنى ئېلىپ
بەرگەن ۋە پەيزاۋات قىزىلبۇيىغا يۆتكەپ ئۆي تۇتۇپ بەرگەن .
سەلىمە خېنىم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇسا تېكە بىلەن ئۆي ـ
ئوچاقلىق بولۇپ بالا ـ چاقىلىق بولغان . مانا بۇ سەلىمە خې-
نىمنىڭ پەيزاۋاتلىق بولۇپ قېلىشىنىڭ قىسقىچە جەريانىدۇر .

قەشقەر يېڭىشەھەر بىنا بولغاندىن تارتىپ بۈگۈنگە قەدەر
جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم ھەربىي بازا بولۇپ بىر قانچە تۈمەن
ھەربىي قوشۇن بىرىنىڭ ئورنىنى بىرى ئىگىلەپ كەلمەكتە .
مۇسا تېكە دادىسى ئۆمەر تېكىنىڭ تىجارىتىگە ياردەملىشىش
جەريانىدا سودا ئىشلىرىغا پىشقان . ئۇ ئۆز ئالدىغا يېڭىشەھەر-
دىكى ھەربىي گازارمىنى خام ـ چەكمەن بىلەن تەمىنلەيدۇ .
( بۇ چاغلاردا ھەربىيلەرگە كىيىم ـ كېچەك ، قورال ـ ياراغ
سۇرتۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ماتا كېتەتتى . ) شۇ جەرياندا خەنزۇ
تىلىنىمۇ ئۆگىنىۋالىدۇ . ئوغلى ئابدۇرېھىم بەگنىمۇ بۇ تىجارەتكە
قاتناشتۇرۇپ ، تەربىيىلەيدۇ .

ئەمدى نىزارىنىڭ ئوغلى ھۈسەن مەخسۇمغا كەلسەك ، ئۇ
« خانلىق مەدرىس » نى ئوقۇپ تاملىغاندىن كېيىن ئابدۇرېھىم
نىزارى ئۇنى يېڭىشەھەر قېچىچىلىق ئەڭ يېقىن مۇخلىسى سادىق
موللامنىڭ سىڭلىسى بۈۋى رابىيە خېنىمغا ئۆيلەپ قويىدۇ . بىر
يىلدىن كېيىن قېچىچى خەلقى ھۈسەن مەخسۇمنى ئازنە مەسجى-
دىنىڭ ئىمام ۋە خاتىپلىقىغا تەكلىپ قىلىدۇ . ھۈسەن مەخسۇم
دادىسىنىڭ رازىلىقى بىلەن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ ، قېچىچىغا
كۆچۈپ چىقىدۇ . يۇرت ـ جامائەت ئۇنىڭغا 10 چارەكلىك
ۋەخپە يەر ئاجرىتىپ بەرگەندىن تاشقىرى كاتتا باغلىق ھويلا ،
ئىمارەت ياساپ بېرىدۇ . تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىدۇ .
1830 ـ يىلى ھۈسەن مەخسۇمنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇ يەرگە بىر
مەدرىس بىنا قىلىنىدۇ . 1831 ـ يىلى قۇربان ھېيت ئېيىدا بۇ
مەدرىستە ئوقۇش باشلانغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇ-
ناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كاتتا مۇراسىمدا ، بۇ مەدرىسكە «
مەتلەئىل ئىرفان ھۈسەنىيە » ( ئىلىم ـ ھېكمەت ، گۈزەل
ئەخلاق بۇلىقى ) دەپ نام بېرىلىپ ، ھۈسەن مەخسۇمغا ئالاھىدە
مەرھەمەت كۆرسىتىلگەن . كېيىنچە قىسقارتىلىپ « مەتلەئىل
ھۈسەنىيە » دەپ ئاتىلىدىغان بولغان .

ھۈسەن مەخسۇم : « مەجمەئىل مەسائىل » ( ئىسلام مە-
سىلىلىرى مۇلاھىزىلىرى ) ، « سىلسىلەئى خۇجىكان » ( بۇغرا-
خانلارنىڭ نەسەبى ، نام ئەمەللىرى بايانى ) ، « تەئامۇسەلات »
( ناماز قائىدىلىرى تەلىماتى ) ، « ھارۇنىر رەشىد » ، « قىسسەئى
مۇسىبەتنامە » ، « رىسالەئى موزدوزلۇق » ، « تەزكىرە ئەبۇ نە-
سىر سامانى » ، « مەجمۇئى رىسالە » ( ئايەتلەردىن تاللانما ۋە
ئاستورونومىيە بايانلىرىدىن تاللانما ) ، « ھىدايەتىل مىفتاھ »

( تەۋپىق ـ ھىدايەتنىڭ ئاچقۇچى ) ، « ماقالا تىل ئۇدابا »
( ئەدىبلەر تەزكىرىسى ) ، « قەسائىدە تول ئەنجۇم » ( يۇلتۇزلار
قەسىدىسى ) ، « دىۋان شىفائى » قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ
قالدۇرغان . ئۇ بەزى ئەسەرلىرىدە « شىپائى » تەخەللۇسىنى
قوللانغان . ھۇسەن مەخسۇم 1897 ـ يىلى 96 يېشىدا ۋاپات بول-
غان . قوۋم ـ جامائەت ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاس ۋە ھۆرمىتىنى
چىقىش قىلىپ جەسىتىنى « مەتلەئىل ھۇسەنىيە » نىڭ ھويلى-
سىنىڭ بىر بۇرجىكىگە دەپنە قىلغان . كېيىنكى بىر قېتىملىق
قاتتىق يەر تەۋرەشتە مەدرىسىنىڭ تاملىرى ئۆرۈلگەن ، قەبرە چاك
ئاجراپ ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن . شۇڭا جەسەت يۇرتىنىڭ ئوت-
تۇرىسىدىكى « قىزىل جىيىم » ( ھازىرقى توغراقلىق مازار دېيى-
لىدۇ ) غا يۆتكەپ دەپنە قىلىنىپ ، قەبرە كەڭ ـ كۇشادە گۈم-
بەز ئىچىگە ئېلىنغان . بۇ گۈمبەز دەسلەپ « قۇرئان » تىلاۋەت
قىلىشتا بوران ـ چاپقۇندىن پاناھلىنىش رولىنى ئوينىغان بول-
سا ، كېيىنچە « ئوردا خېنىم » ①غا تاۋاپقا بارغۇچىلارنىڭ
تۇغ ـ شەددە قاداپ تۈنەيدىغان تۈنەكخانىسىغا ئايلىنىپ قالغان ،
ھازىرمۇ تۇغ شەددىلەر بار . يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن گۈمبەز-
نىڭ بىر مېتىرچە كېلىدىغان تىك تۆت بۇلۇڭلۇق ئۇل تېمى
ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ، ئىچىدىكى قەبرە زەيلىشىش جەريانىدا
ئىزىنى يوقاتقان بولسىمۇ گۈمبەز ھازىرمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرماق-
تا . گۈمبەز ئەتراپىغا ھۇسەن مەخسۇمنىڭ ئەۋلادلىرى دەپنە قى-
لىنىپ كېلىنمەكتە .

3 . سەلىمە خېنىمنىڭ ئەۋلادلىرى ھەققىدە

سەلىمە خېنىم مۇسا تېكىدىن ئابدۇرېھىم بەگھاجىم ، جە-
مىلە خېنىم ، پاتىمە خېنىم ، ھەشۋانە خېنىم قاتارلىق تۆت پەر-
زەنتكە ئانا بولغان . ئابدۇرېھىم بەگھاجىم ( 1834 ـ 1917 ) ئۆ-
تالىڭ ( خەنزۇچە مەكتەپ ) دا ئوقۇپ ، خەنزۇ تىلىنى پىششىق
ئۆگەنگەن . بىر مەزگىل دادىسىنىڭ يېگىشەھەردىكى ھەربىيلەر
بىلەن بولغان ماتا ـ چەكمەن سودىسىغا ياردەملىشىپ سودىدا
پىشقان ھەم مانجۇ ئەمەلدارلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنات-
قان . كېيىن قەشقەردىكى يامۇلدا تىلماچ ( تەرجىمان ) ، لاۋازى-
مەتچى ( ئىگىلىك باشقۇرغۇچى ) بولۇپ يۈز ـ ئابرۇي تاپقان
ۋە مۇئاۋىن ۋالىي دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن . قوشۇمچە سودا بى-
لەن شۇغۇللىنىپ بېيىغان ، ئىككى قېتىم ھەج تاۋاپ قىلغان .
ئابدۇرېھىم بەگھاجىم كۆپ خوتۇنلۇق بولۇپ ، چوڭ خوتۇنى
ھاشىخېنىم ( پەيزاۋات قىزىلبۇيىلىق ) دىن قۇتلۇق ھاجىم
( شەۋقى ) ، ئۆمەر ھاجىم ، رېھىم باقى بەگ ، مۇسابېگىم ، ھەز-
رىخېنىم ؛ ئىككىنچى خوتۇنى ئاتىكە خېنىم ( قەشقەر شەھەر-
لىك ) دىن قادىر بەگ ؛ ئۈچىنچى خوتۇنى رەۋخېنىم ( كونا-
شەھەر ناھىيە زەمىن ) دىن ئىسمائىل بېگىم قاتارلىق يەتتە پەر-
زەنتكە ئاتا بولغان . ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى قۇتلۇق ھاجىم
( شەۋقى ) « مەنىۋى زەررىنى تاجىرى خۇشىنىگار خېنىم ، خۇش
كەپلا خېنىم » ( ئادەتتە « خوشىنىگار خېنىم ياكى خۇش
كەپلا خېنىم » دەپ ئاتالغان ) دىن ئىمىر ھۇسەيىن قازى ئاخۇ-
نۇمغا ؛ ئىككىنچى خوتۇنى ئۇلۇغ خېنىم ( قەشلەر شەھىرى
چەكمەنچى كوچىسلىق ) دىن باھاۋىدىن مەخسۇم ، ھوزرا خې-
نىم ، ھاشىخېنىم ، ئەسما خېنىم ، ئابلىمىت مەخسۇملارغا ئاتا
بولغان . ئۇ 1918 ـ يىلى « ئالىڭ » ، 1933 ـ يىلى « ئەركىن
ھايات » ، 1934 ـ يىلى « يېڭى ھايات » ②گېزىتلىرىنى نەشر
قىلىپ ، ئۇيغۇر مەتبۇئات ـ نەشرىياتچىلىقىغا تۇنجى بولۇپ يول
ئاچقان تالانتلىق شائىر ، مەشھۇر جامائەت ئەربابى ئىدى .
1937 ـ يىلى 83 يېشىدا جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قەتلى
قىلىنغان . ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىمىر ھۇسەيىن دادىسىنىڭ ئىزىنى
بېسىپ ، شېئىرىيەت ۋە تارىخچىلىقتا كامالەتكە يەتكەن . توق-
قۇزاق يېزىسىغا قازى بولغان . ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ
مەقبەرىسىنى بېكىتىشتە ئىلىم ساھەسىنى مۇھىم يازما ئاساسلار
بىلەن تەمىنلەپ كاتتا خىزمەت كۆرسەتكەن . ئىككىنچى ئوغلى
ئۆمەر ھاجىم دەسلەپ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدا
سودىگەرچىلىك قىلغان . كېيىن ئەنگلىيىگە بېرىپ خىمىيە سانا-
ئىتى مەكتىپىدە ئوقۇپ كېلىپ ، خوتەندە ئالتۇن تاۋلاش بىلەن
شۇغۇللىنىپ بېيىپ كەتكەن . ماخۇسەن خوتەنگە بېسىپ كەل-
گەندە ، نۇرغۇن ئالتۇن بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تانكا قىسمىدا
ئەمەل تۇتقان . ئۆمەر ھاجىم پەيزاۋات قىزىلبۇيىلىق ۋاسىل بەگ-
ھاجىمنىڭ قىزى سادەتخان ھاجىمغا ئۆيلەنگەن بولۇپ ، پەرزەنت-
لىرى توغرىسىدا ھازىرچە مەلۇمات يوق . ئۈچىنچى ئوغلى رېھىم
باقىبەگ ناتوغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ يۇرتتىن قاچقىپ
چىقىپ كەتكەنچە قايتا ئاياغ باسمىغان ، ئەھۋالى نامەلۇم . ئاب-
دۇرېھىم بەگھاجىمنىڭ قىزى ھەزرىخېنىم قەشقەر كونىشەر چۆم-
بۇسلۇق ( ھازىر نەزەر باغ يېزىسىغا تەۋە ) ئوبۇل ھەسەن ھا-
جىمنىڭ③ئوغلى سىدىق ئاخۇنغا ياتلىق بولۇپ ، مەمتىمىن سى-
دىق ، مامۇت سىدىق ، رىشات سىدىق ، ناجىيە خېنىم ، رابىيە
خېنىمدىن ئىبارەت بەش پەرزەنتكە ئانا بولغان . پەرزەنتلىرىنىڭ
ھەممىسى مائارىپ سېپىدە ئىشلەپ پېنسىيىگە چىققان . ھەزرىخې-
نىم 1948 ـ يىلى 70 يېشىدا ۋاپات بولغان .

ئابدۇرېھىم بەگھاجىمنىڭ تۆتىنچى ئوغلى ئىسمائىل بېگىم
مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ سابىق قەشقەر كونىشەھەر
توققۇزاق رايونلۇق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا رەئىس بولغان . ئۇنىڭ
پەرزەنتلىرىمۇ مائارىپ ساھەسىدە ئىشلىگەن . نەۋرىلىرىمۇ ئۇنىڭ
كەسپىگە ۋارىسلىق قىلماقتا. ئابدۇرېھىم بەگھاجىمنىڭ بەشىنچى
ئوغلى مۇسا بېگىم ئىلغار پىكىرلىك ، مەرىپەتپەرۋەر زات بولۇپ
X X ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا تۇغقانلىرىدىن ئوس-
مال بىننى ئابدۇرەھمان ناتەۋانى تالىپ قازى ، خوجائىمىر قازى ،
ئابدۇرەھمان بايھاجىلار بىلەن بىرلىشىپ مەبلەغ چىقىرىپ قېچى-
چىدا سەككىز سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىپ ، شۇ مەك-
تەپكە ئىلمىي مۇدىر بولغان . ئۇ تالىپ قازىنىڭ قىزى تۇ خې-

① ئوردا خېنىم ـ تارىختىكى مەشھۇر سەئىد ئارسلانخان ( سۇتۇق بۇغرا خاننىڭ نەۋرىسى ) نىڭ خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن جەڭ قىلىشتا تۇرغان بارگاھى
② « يېڭى ھايات گېزىتى » 1936 ـ يىلى « قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى » گە ئۆزگەرتىلىپ ، ئازادلىققا قەدەر نەشر قىلىنغان .
③ ئابدۇرېھىم بەگھاجى ۋالىي بولغاندا ئوبۇل ھەسەن ھاجى ئامارچى بولغان .

نىمدىن ئابدۇكېرىم ئەپەندى ، رىشات ئەپەندى ، ئېزىزجان ، ئىقبال خېنىملارغا ئاتا بولغان بولۇپ ، 1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان . پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسى مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەپ پېنسىيىگە چىققان . ئابدۇرېھىم بەگھاجىمنىڭ ئالتىنچى ئوغلى قادىر بېگىم نەۋرە تاغىسى تالىپ قازىنىڭ سىڭلىسى تەلەي خېنىمدىن ئابدۇرېھىم ھاجىم ، ئابلىمىت قارىم ، مۇھەممەت ساۋۇتھاجىم ، مۇھەممەد ئابىد قاتارلىق بەش ئوغۇل ، ئىككى قىز ؛ ئىككىنچى خوتۇنىدىن بىر ئوغۇل ئىككى قىزغا ئاتا بولغان . ئۇلاردىن مۇھەممەت ساۋۇت ھاجىم قەشقەر شەھەرلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسىگە باشلىق بولۇپ 1998 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققان .

سەلىمە خېنىم چوڭ قىزى جىمىلىخېنىمنى ( « جىمىلىكا » نامى بىلەن مەشھۇر ) ئىنىسى ھۈسەن مەخسۇمنىڭ ئوغلى ئەلقۇت ۋەلى موللام ( ئادەتتە ۋەلى موللام دېيىلىدىكەن ) غا ؛ كەنجى قىزى ھەمشۇانە خېنىمنى ھۈسەن مەخسۇمنىڭ نەۋرىسى تالىپ قازىغا ؛ ئوتتۇرانچى قىزى پاتىمە خېنىمنى يۇسۇپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ شەيخى ، قەشقەر شەھىرى جانان كوچا ئاغزىدىكى مەشھۇر ياگاق سارىيىنىڭ ئىگىسى ( قەشقەر شەھىرىنىڭ گۈزەردە ، يەكەندىمۇ كاتتا دەڭ ـ سارايلىرى بار ئىدى ) بابۇرخان خوجامغا ياتلىق قىلغان . ئۇنىڭدىن مامۇت شەيخ تۇغۇلغان . مامۇت شەيخنىڭ ئوغلى ئۆمەر قارى ھازىر يېڭىشەھەر ناھىيە باغچى يېزىسىنىڭ قاقچى كەنتىدە بالا ـ چاقىلىرى بىلەن ياشىماقتا . بابۇرخان خوجام ۋاپات بولغاندىن كېيىن يېڭىشەھەر قېچىلىق ئازبەگ دېگەن كىشىگە ياتلىق بولۇپ ئابلا شەيخنى تۇغقان . ئابلا شەيخ 1970 ـ يىلى ۋاپات بولغان . ئۇنىڭدىن ئەۋلاد قالمىغان .

4 . ھۈسەن مەخسۇمنىڭ ئەۋلادلىرى ھەققىدە

ھۈسەن مەخسۇمنىڭ چوڭ ئوغلى ئوسمان قارىم قېچىچىلىق رازىق مەزۇننىڭ قىزى نۇرىمان خېنىمغا ئۆيلىنىپ ئابدۇرەھمان باي ھاجىمغا ئاتا بولغان . ئوسمان قارىم دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ « مەتلەئىل ھۈسەنىيە » گە مۇدەررىس بولغان . ئۇ 1860 ـ يىلى ھەج سەپىرىدىن يېنىشىدا تاشقورغاننىڭ دەپتەر يېزىسىدا قاراقچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن . ئۇ « ۋاجىفا تۇل ئىسلام » ( ئىسلام دىنى ۋاجىپلىرى ) ، « تەربىيە تۇل ئەخلاق » ، « تېبىي مۇرەككىبات » ( مۇرەككەپ دورىلار رېتسىپلىرى ) ، « مېۋىلەر مۇنازىرىسى » ، « تەزكىرە تۇل ئەۋلىيا » ، « ۋاھەسرەتا ، بۇ ئالەم بىۋاپا » قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان . بەزى ئەسەرلىرىدە « شىپائى » دېگەن دادىسىنىڭ تەخەللۇسىنى قوللانغان . ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرەھمان باي ھاجىم مۇدەررىس ھەم مەرىپەتپەرۋەر باي بولۇپ ، جەمئىيەتتىكى ئىناۋىتى يۇقىرى بولغاچقا ئادالەتنى ياقلىغان . ناھەقچىلىككە ئۇچرىغانلارنى پاناھىغا ئېلىپ قۇتقۇزۇپ قالغان . يۇرتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئۇنىڭ مەسلىھىتى بويىچە بولغان . 1930 ـ يىلى سېلىنغان « قېچىچى مەكتىپى » نى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا ئادەم كۈچى ، ماددىي مەبلەغ چىقىرىشتا باشلامچى ۋە ئاممىنى ئۇيۇشتۇرغۇچى بولغان . 1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان . ئۇنىڭ ئوسمان بىننى ئابدۇرەھمان ناتەۋانى ، ھۈسىين ئاخۇن ، ھۈسەن ئاخۇن ، ساماساق ئاخۇن قاتارلىق ئوغۇللىرى بولۇپ ئۇلار ئىچىدىن ناتەۋانىلا ئوقۇپ كامالەتكە يەتكەن . ئۇ « غەزەلىيات ئەرەبى » ، « تەزكىرىتۇل ۋاقىئاتى گۈلباغ » ، « قەرىزىتىل ئوروز » ، « دىۋان ھىكمەت ناتەۋانى » قاتارلىق 20 پارچىگە يېقىن كىتابنىڭ مۇئەللىپى①

ھۈسەن مەخسۇمنىڭ ئىككىنچى ئوغلى پالتاخۇن ( پالتىكام دېيىلىدۇ ) دېگەن ئىبراھىم ھاجىمغا②ئاتا بولغان . ئىبراھىم ھاجىمنىڭ تۇردى ئاخۇن ( مۇئەللىپنىڭ دادىسى ) ، سابىر چوگام ، قۇناخۇن ، كەكە ئاخۇن ، توختى خېنىم ، بەختى خېنىم قاتارلىق تۆت ئوغۇل ، ئىككى قىزى بولغان .

ھۈسەن مەخسۇمنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى خوجا ئىمىر قازى ئاخۇنۇم ئۇ خېنىم ( رىشات مۇسانىڭ ئانىسى ) ، تالىپ قازى ، مەترېھىم ئاخۇن ( بىزنى 1 ـ قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچى ئابدۇخېلىل ھاجىمنىڭ دادىسى ) ، ئىمىن قازى ، شاھرۇق چوگام ، تەلە خېنىم ، ھاپىزخان قاتارلىق پەرزەنتلەرگە ئاتا بولغان . تالىپ قازى ئاخۇنۇم قېچىچى باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇدىر بولغان . ئۇ ھاممىسى سەلىمە خېنىمنىڭ كەنجى قىزى ھەمشۇان خېنىمدىن خوجا ئىمىر ئاخۇن ، مۇسا چوگام ، نورنىساخان قاتارلىق پەرزەنتلەرگە ئاتا بولغان . بۇلاردىن خوجا ئىمىر ئاخۇنۇم دادىسى تالىپ قازى بىلەن بىللە 1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان .

ھۈسەن مەخسۇمنىڭ تۆتىنچى ئوغلى ئەلقۇت ۋەلى موللام ھاممىسى سەلىمە خېنىمنىڭ قىزى جىمىلە خېنىمغا ئۆيلىنىپ ، ئۇنىڭدىن ھۈسىين باي ( قەشقەر شەھىرى كەتمەن بازىرىغا ماكانلاشقان ) ، تۇرەك مەزۇن ، ساۋۇت پاخپاق ناملىق ئۈچ ئوغۇلغا ؛ ئىككىنچى خوتۇنىدىن مەمتىلى ھاجىم ، خەلىچەخان دېگەن ئىككى بالىغا ، جەمئىي بەش پەرزەنتكە ئاتا بولغان . جىمىلە خېنىم كېلىشىملىك ، ئەركەك مىجەز ، سۈرۈشتىسى ۋە ئىناۋىتى بار ئايال بولۇپ ، ئاكىسى ئابدۇرېھىم بەگ ھاجىمنىڭ كونىشەھەر ، يېڭىشەھەر ، ئاقتۇ ، پەيزاۋات قاتارلىق جايلاردىكى يەر ـ زېمىن ، ئوتلاقلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ، ئىجارىلىرىنى يىغىش ئىشلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرگەنلىكى ئۈچۈن ئابدۇرېھىم بەگ ھاجىم ئۇنى « جىمىلىكا » ( كارغا كېلىدىغان سىڭلىم جىمىلە ) دېگەن ئەركىلەتمە ئىسىم بىلەن ئاتىغان . بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا ئۆزلىشىپ كەتكەنلىكتىن كىشىلەرمۇ ئۇنى ئادەتتە « جىمىلىكا » دەپ چاقىرىدىغان بولغان .

ھۈسەن مەخسۇمنىڭ بەشىنچى ئوغلى قۇدرەت ھاجىم بولسا قادىر ھاجىم بىلەن تۆمۈر ھاجىمدىن ئىبارەت ئىككى ئوغۇل يۈزى كۆرگەن . چەۋرىلىرىدىن مۇختەر ئەيسا يېڭىسار ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ، قارى پوسكام ناھىيىلىك

① ئوسمان بىننى ئابدۇرەھمان ناتەمكى ( 1860 ـ 1955 ) ھەققىدە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2001 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلغان « ئىلىم ۋە ئالىم » ناملىق كىتابقا قارالسۇن .

② ئىبراھىم ھاجىم ـ ھەج قىلىشتىن ئىلگىرى ئىبراھىم شىنجاڭ نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپ يېڭىشەھەر ياڭزۇلدا ئوتوغان كىيىپ ۋەزىپە ئۆتىگەن .

تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ، ئۆمەر ئەيسا قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مالىيە باشقارمىسىدا ئىشلەيدۇ . ھۇسەن مەخسۇمنىڭ ئالتىنچى ئوغلى موللا مۇھەممەت قازى كالانىنىڭ توختاش ھاجىم دېگەن ئوغلى ياسىن قازى ئاخۇنۇم ، ئىمىن مەزۇن ئاخۇنۇم ، سىيىت مەزۇن ئاخۇنۇم قاتارلىق ئۈچ پەرزەنت كۆرگەن . ياسىن قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئوغلى ئابدۇللا ئاخۇن خەلپىتىم ( قېچىچى مەكتەپنىڭ تۇنجى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن بىرى ) شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان .

ھۇسەن مەخسۇمنىڭ قىزى زىيادە خېنىم قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئاۋات يېزىسىغا ياتلىق قىلىنغان بولۇپ ئۆزى ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ تەقدىرىگە ئائىت ئىشەنچلىك مەلۇمات يېتەرسىز ، ئىزدەنمەكتىمىز .

ھۇسەن مەخسۇمنىڭ كەنجى ئوغلى مۇرات بوياقنىڭ ئابلاكام بوياق ، ( 1995 ـ يىلى 114 يېشىدا ۋاپات بولغان ) ، ھاۋاخان ، ئەلاخان ، ئۇرايىم ھاجى ، ئىسمائىل ئاخۇن ، ھۇسەن چوڭ قاتارلىقلارغا ئاتا بولغان . ئۇنىڭ چەۋرىلىرىدىن مۇھەممەت ھاجى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۇنجى ئارخېئولوگلارنىڭ بىرى بولۇپ ئۇ ، شىنجاڭ مۇزېيى تۇرپان ئۆبىسىنىڭ باشلىقى بولغان .

ئاخىرقى سۆز

يىغىپ ئېيتقاندا ، داڭلىق ئەدىب ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئەۋلادلىرى قەشقەر كونىشەھەر ، يېڭىشەھەر ، پەيزاۋات ، قەشقەر شەھىرى ، ئاقتۇ ناھىيىلىرىگە ۋە ئىلى رايونىغا تارقالغان بولۇپ ، كۆپلىرى ئۆز ئارا قۇدىلاشقان . شۇنداقتىمۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بەزىلىرى يىراق ئەجدادى ئابدۇرېھىم نىزارىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولسا ، بەزىلىرى ھەر خىل تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆز ئارا ياتلىشىپ كەتكەن . شۇڭا بىز بۇ قېتىمقى ئىزدىنىش جەريانىدا نىزارى ئەۋلادلىرىدىن ئاران 320 گە يېقىن كىشىنىڭ ھايات ياشاۋاتقانلىقى ، ئۇلاردىن 150 كە يېقىن سەلىمە خېنىمنىڭ ئەۋلادى ، 170 كە يېقىن ھۇسەن مەخسۇمنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقالىدۇق . بىزنى ئاساسلىق ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، نىزارىنىڭ ھازىر ھايات ياشاۋاتقان ئەۋلادلىرى يۇقىرىدىكى ساندىن جىق كۆپ ئىكەن . يەنە بىرى : نىزارى ئەۋلادلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى دىن ۋە مائارىپ ساھەسىدە خېلى چوڭ رول ئوينىغان . ھەتتا بەزىلىرى خەلقنى ئاقارتىش يولىدا ئېزىز جېنىدىن ئايرىلغان . مەسىلەن ، يېقىن قېرىنداشلاردىن قۇتلۇق شەۋقى ، مۇسا بېگىم ، تالىپ قازى ، خوجا ئىمىر ئاخۇن ، ئابدۇللا ئاخۇن خەلپىتىم ، ئابدۇرېھىم مۇدەررىس ئاخۇنۇم ، ئابدۇرەھمان باي ھاجىم قاتارلىقلار 1937 ـ يىلى جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان . نىزارى ئەۋلادلىرىدىن ئۆمۈر بويى مائارىپ سېپىدە ئىشلەپ پېنسىيىگە چىققان ياكى داۋاملىق ئىشلەۋاتقانلار ، ئالىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلەر خېلى كۆپ .

سەھىپىنىڭ چەكلىكلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ ، ئۇلارنىڭ نام شەرىپلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇرمىدۇق . ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى ، بەزىلەر : « نىزارى خەتتاتلىقتا تاپىنىپ نامراتلىقتا كۈن ئۆتكۈزگەن . شۇڭا < نىزارى > تەخەللۇسىنى قوللانغان » ـ دەيدۇ . بىزنىڭ قارىشىمىزچە ، ئۇ ئەسلىدىن يۇقىرى تەبىقە ، باياشات ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن يېتىملىكىگە قارىماي ئوپال « مەھمۇدىيە » مەدرىسىدە ئون نەچچە يىل ئوقۇپ 26 ياشلىرىدا « قەشقەر خانلىق مەدرىسى » گە كېلىپ ، يۇقىرىلاپ ئىلىم تەھسىل قىلالىغان . ھەممىگە ئايانكى ، « نامرات » ئائىلىنىڭ بالىلىرى كۆپ چاغلاردا باشلانغۇچ مەلۇمات ئىگىلەشكە تولۇق قادىر بولالمىغان تۇرسا ، يۇقىرىلاپ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ، 20 نەچچە يىل ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئوقۇشقا ئېرىشەلىشى مۇمكىنمۇ ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە 100 مىڭ سۆزلۈك بىر كىچىك كىتابچىنى ئۆلچەملىك كۆچۈرۈپ چىقىشمۇ ئانچە ئاسان ئەمەس تۇرسا ، خەتتاتلىقنىڭ كىرىمى قانچىلىك ؟ ئابدۇرېھىم نىزارى « قەشقەر خانلىق مەدرىسى » دىمۇ تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولغاچقا خاتىرجەم ئوقۇيالىغان . ھەتتا كۆزگە كۆرۈنۈپ ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ نەزىرىگە يولۇققان . ئائىلە ، بالا ـ چاقىلىق بولغان . ئىجاد قىلالىغان ؛ ئوردا خىزمىتىگە قاتناشقان ؛ 60 يىلغا يېقىن ئۆمرىنى قەشقەردە خاتىرجەم ئۆتكۈزگەن . مانا بۇ ھال ئۇنىڭ « خەتتاتلىققا تايىنىپ نامراتلىقتا كۈن ئۆتكۈزگەنلىكى » نى ئەمەس ، بەلكى ھال ـ ئوقىتى ئالاھىدە ياخشى ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ تەخەللۇسى « غەمكىن » مەنىسىنى بېرىدىغان « نىزارى » ئەمەس ، « نەزەرگە يولۇققۇچى » مەنىسىنى بېرىدىغان « نازارى » ـ ـ ـ ـ بولۇشى مۇۋاپىق .

نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغان مۇھىم بىر ئۇچۇرمۇ بار : سەلىمە خېنىم بىلەن ھۇسەن مەخسۇم ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ساقلاپ كېلىۋاتقان بىر پارچىدىن « شەجەرە » ( نەسەب تىزىملىكى ) بولغان . ئابدۇخېلىل ھاجىم ئاكىنىڭ ئېيتىشىچە ، ئابدۇرەھمان باي ھاجىمدىكىسى ئۇنىڭ شېڭ شىسەي قولىدا قەتلى قىلىنىشى بىلەن غايىپ بولغان ( بۇ چاغدا ئوغلى ناتەۋانى چەت ئەلدە ئىدى ).

قىزى ھەپىزى خېنىمنىڭ يېقىندا بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا ، دادىسى ئىمىر ھۇسەين قازى ھاجىمنىڭ قولىدىكىسى ئۇنىڭمۇ قولغا ئېلىنىشى بىلەن يوقالغان .

ئابدۇخېلىل ھاجىم ئاكا بىلەن ھەپىزى خېنىملاردىن ئىبارەت ئىككى نەپەر شاھىد تەمىنلىگەن ماتېرىياللار ئەنە شۇ « شەجەرە » گە ئاساسلانغان . چۈنكى ئۇلار « شەجەرە » لەرنى ئەينى چاغدا كۆرگەن ، ئوقۇغان ۋە چوڭلارنىڭ ئاغزىدىن ئېنىق ئاڭلىغان .

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىمىزنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ۋە نىزارى ئەۋلادلىرىنىڭ چۈشىنىشىنى ، ئىشەنچلىك ماتېرىيال ۋە يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

---

ئىزاھات :

1 . مەزكۇر ماقالە « قەشقەر گېزىتى » نىڭ 2001 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى « گۈزەل دىيارىمىزدا » سەھىپىسىنىڭ 117 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان . شۇنىڭدىن كېيىنكى يېڭى ئۇچۇرلار ئاساسىدا بۇ قېتىم قىسمەن تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ تولۇقلاندى .

( ئاپتور : قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە بارىن 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن )

# مەدەنىي ئىنسانىنىڭ سەككىز چوڭ گۇناھى

( ئاۋستىرىيە ) كانراد لورېنز

## ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

كانراد لورېنز ( Kanradlorenz ) ، 1903 - يىل 11 -
ئاينىڭ 7 - كۈنى ۋېنادا تۇغۇلغان ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان
چاغلىرىدا تېببىي ئىلىم ۋە زوئولوگىيە ئۆگەنگەن . 1934 - يىلى
گېنس بورگ ( سابىق دېموكراتىك گېرمانىيىنىڭ بودستام را-
يونى ) دا سېلىشتۇرما پسىخولوگىيە پروفېسورى بولغان ؛
1949 - يىلى ئاۋستىرىيىنىڭ ئالتىن بىرگدا سېلىشتۇرما ئىتىم
( ھەرىكەت ) تەتقىقات ئورنىنى قۇرغان ؛ 1957 - 1973 - يىل-
لىرى ميۇنخېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا پەخرىي پروفېسورلۇققا تەيىن-
لەنگەن ؛ 1962 - 1973 - يىللىرى ستارئىن بىگ ( باۋارىيە ش-
تاتى ) ئەتراپىدىكى سېۋېسىندا ماۋ ئىتىمچىلىك پسىخولوگىيىسى
تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى بولغان ؛ 1973 - يىلى نوبېل تېببىي
ئىلىم ۋە پسىخولوگىيە تۈرلىرى بويىچە مۇكاپاتلانغان ؛ 1947 -
يىلى پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن ، ئاۋستىرىيە پەنلەر ئاكادېمى-
يىسىنىڭ سېلىشتۇرما ئىتىمچىلىك ئورنىنىڭ باشلىقى بولغان ؛
1989 - يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ۋاپات بولغان . ئۇ زوئو-
لوگىيىلىك خۇسۇسىيەت ئىلمى جەھەتتە چوڭقۇر تەتقىقات ئې-
لىپ بېرىپ كىشىلەرنىڭ ھايۋانلار ۋە ئۆز ھەرىكىتىگە بولغان
قارىشىنى بېيىتىپ ھەم ئۆزگەرتىپ ، « خۇسۇسىيەت ئىلمىنىڭ
ئاتىسى » دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن .

## سۆز بېشى

بۇ ئەسەر ئەسلىدە دوستۇم ئېدۇۋارد باۇمگار-
تىن ( Eduard Baumgarten ) نىڭ 70 ياشقا كىرگەنلىكىنى
تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن خاتىرىلەش ماقالىلىرى توپلىمى
سۈپىتىدە ئېلان قىلىنماقچى بولغانىدى . لېكىن بۇ ئەسەرنىڭ
ماھىيىتىدىن قارىغاندا ، ئۇ ھەم بۇنداق خۇشال سورۇنلارغا باب
كەلمەيتتى ، ھەم بۇ ئۇزۇن ئۆمۈر چولپانىنىڭ ئۈمىدۋار ئىندىۋى-
دۇئاللىقىغىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيتتى ، چۈنكى بۇ ئەسەر ئومۇمىي ئې-
تىراپ قىلغان بىر مۇگلۇق ناخشا بولۇپ ، ئۇنىڭ مەقسىتى پۈت-
كۈل ئىنسانىيەتنى تۆۋە قىلىش ، گۇناھىنى يۇيۇشقا دەۋەت قى-
لىش . بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ، كىشىلەر بۇ ئەسەرنى ئاتالمىش
تەبىئىي پەن ئەسىرى ئەمەس ، بەلكى سانت كارا ئابراھامچە ۋەز
- نەسىھەت دەپ قارىسا بولىدۇ . ھالبۇكى بىز ئىلىم - پەنگە
ئەھمىيەت بېرىۋاتقان مۇشۇنداق بىر دەۋردە ياشاۋاتقان ئىكەنمىز ،
بۇ دەۋرنىڭ ئادەملىرى تامامەن مەلۇم كىرزىسنى كۆزىتىش ئىق-
تىدارىغا ئىگە .

مېنىڭ بۇ ۋەز - نەسىھەتلىرىم رادىئو ئىستانسىسى ئارقى-
لىق تارقالغاندىن كېيىن كىشى ھەيران قالغىدەك ئىنتايىن زور
ئىنكاس قوزغىدى . مەن سان - ساناقسىز ئوقۇرمەنلەر ، ئاڭلى-
غۇچىلارنىڭ خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالدىم ، ئۇلار بۇ ماقالىلەرنىڭ
كىتاب بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىشتى ، شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا نۇرغۇن دوست - بۇرادەرلىرىممۇ تېخىمۇ كۆپ ئوقۇر-
مەنلەر كۆرەلەيدىغان كىتاب چىقىرىشىمنى دەۋەت قىلىشتى .

كۆتۈلمىگەن بۇ خىل ئىنكاس ھەقىقەتەن قوشۇمچە ئىس-
پات سۈپىتىدە بۇ ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى-
نىڭ پەقەت بىمەنە سەپسەتىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئىس-
پاتلايدۇ . ھېلىقى ئەر كىشى ( ئاپتور ئۆزىنى دېمەكچى ) ئۆزىنى
چۆل باياۋاندىكى تەنھا پەند - نەسىھەت دەپ قاراپ ، ئەسلى-
دىكى كۆز ئالدىدا تۇرغان ئىنتايىن ئاقىلانە خالايىققا نۇتۇق
سۆزلەۋاتىدۇ ! تېخىمۇ ھالقىلىق يېرى شۇكى ، ئۆز ئەسىرىنى
قايتا ئوقۇۋېتىپ ، ئەينى چاغلاردا ئاز - تولا ئالدىن قوغدىغۇچى
بولغان بىر قانچە نۇقتىنەزەرنى بايقىدىم ، بۈگۈنكى كۈندە
ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ئاللىبۇرۇن ۋاقتى ئۆتۈپتۇ . مەسىلەن
ئالايلۇق ، بۇ كىتابتا « ئېكولوگىيىدىن ئىبارەت بۇ پەننىڭ مۇ-
ھىملىقى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىدى » دېيىلگەن . بۈگۈنكى
كۈندە كىشىلەر ھەقىقەتەن گەپنى بۇنداق كېسىپ ئېيتمايدۇ .
چۈنكى بىزنىڭ باۋارىيە شتاتىمىزدىكى « ئېكولوگىيە گۇرۇپپى-
سى » بەختىگە يارىشا نۇرغۇن مۇھىم ئاپپاراتلار ۋە تارماقلارنىڭ
قوللىشى ۋە چۈشىنىشىگە ئېرىشتى .

ئاھالىلەرنىڭ پارتلىشى شۇنداقلا بىر مەھەل تەرەققىياتقا
ئىنتىلگەن ئىدىئولوگىيىنىڭ خەۋپ - خەتەرلىرىنىمۇ بارغانسېرى
كۆپلىگەن ئاقىلانە ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى مول كىشىلەر تونۇپ
يەتتى . ياشاش ماكانىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش
جەھەتتە كىشىلەرمۇ نۇرغۇن تەدبىرلەرنى قوللانغانىدى . گەرچە
بۇلار تولىمۇ يېتەرسىز بولسىمۇ ، لېكىن بەرىبىر كىشىلەرنى ئۈمىد
تاڭ نۇرىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى .

ئۇنىڭدىن باشقا جەھەتلەردە مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ قارىشىغا
تۈزىتىش كىرگۈزۈشىم كېرەك ، ئۇنى تېخىمۇ ئۈمىدۋار قىلىشىم
لازىم . مەسىلەن ، ئالايلۇق ، ئىتىمچىلىك تەلىماتى ئۈستىدە
توختالغان چاغدا مەن « ئۇ شۈبھىسىزكى ئامېرىكا قوشما شتات-
لىرى دۇچ كەلگەن ئەخلاق بىلەن مەدەنىيەتنىڭ گۇمران بولۇ-
شىغا نىسبەتەن خېلى زور مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشى كې-
رەك » دەپ يازغانىدىم . شۇ پەيتلەردە قوشما شتاتنىڭ ئىچكى
قىسمىدا بۇ خىل خاتا پىكىر ئېقىمىغا قاتتىق تاقابىل تۇرىدىغان
سادالار بارغانسېرى ئۆرلەپ كەتتى . بۇ سادالار تۇرلۇك چەكلى-
مىلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ ، لېكىن بەرىبىر ئوتتۇرىغا چىقتى .
ئەمەلىيەتتە سۈكۈت قىلغاندىلا ئاندىن ھەقىقەتنى يوشۇرغىلى بو-
لىدۇ . ئامېرىكىنى مەنبە قىلغان بۇ ھازىرقى زامان تارقىلىشچان
مەنىۋى كېسەللىك ھەمىشە ئاز تولا توختىتىۋېلىپلا ياۋروپاغا
يۇقتى . ئىتىمچىلىك ( بېخىۋىرىزىم - ھەرىكەتچەرەستلىك ئامېرى-
كىدا پەيدىنپەي ئاجىزلىغان پەيتتە ، ئۇنىڭ ئەكسىچە ياۋروپادىكى
پسىخولوگلار ۋە جەمئىيەتشۇناسلار ئارىسىدا يامراپ كەتتى .

شۇنى ئالدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، بۇ خىل تارقىلىشچان كېسەل جەزمەن پەيدىنپەي يوقىلىدۇ .

يۇقىرىقىغا ئۇلاپلا ، مەن ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىككە كىچىككىنە بىر تۈزىتىش بەرمەكچىمەن . سىياسىي كۈچلەرنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشىغا ئۇچرىمىسىلا ، ياكى چوڭلارنىڭ ھەر قانداق سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە ئىشىنىشكە پۈتۈنلەي مۇمكىن بولمىسىلا ، زامانىمىز ياشلىرى جەزمەن تەبىئەتنى مەنبە قىلغان تۈپ ھەقىقەتلەرنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ . ئىسلاھات روھىغا ئىگە ياش ئەۋلادلارغا بۇ كىتابنىڭ يەتتىنچى بابىدا شەرھلەنگەن ھەقىقەتكە ئىشەندۈرەلەيدىغانلىقىمغا ئىشەنچىم كامىل .

ئۆز نۇقتىئىنەزەرلىرىمنى زور كۆپ سانلىق كىشىلەرگە چۈشەندۈرەلمەيمەن دەپ قەيت قىلغان كىشى تەكەببۇرلۇقتا ئۇچىغا چىققان ھېسابلىنىدۇ . بۇ كىتابتا شەرھلەنگىنىنىڭ ھەممىسى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆگىنىۋاتقان دىففىرېنسىئال ۋە ئىنتېگرالنى چۈشىنىشتىن كۆپ ئاسان . بىر خىل كىرىزىسنىڭ سەۋەبى تولۇق تونۇلسىلا ئۇنىڭ زىيىنىمۇ زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىدۇ . شۇڭا بۇ كىتابنىڭ ئىنسانىيەت دۇچ كېلىۋاتقان كىرىزىسنى ئازايتىش ئۈچۈن ، ئاز ـ تولا تۆھپە قوشالايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل ، ھەم شۇنداق بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن .

## 1 باب ھاياتلىق سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلمىسى

## بەلگىسى بىلەن فۇنكسىيىلىك تۇسالغۇسى

### ئارقا كۆرۈنۈشكە ئائىت بىلىم

1858 ـ يىلى ، رىچارد دارۋىن « تۈرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى » دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلدى . ئۇ دەۋر بۆلگۈچ نادىر ئەسەر دەپ تەرىپلەندى . ئۇنىڭ كىتابىدا « تۇغما قابىلىيەت » بىلەن « تىرىسىيەت » بوغرىسىدىكى چۈشەنچە شەرھلەنگەن مەخسۇس باب بار ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن دەلىل ـ ئىسپاتلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، ماسلىششىنىڭ « تەبىئەتنىڭ تاللىشى » ( ماسلاشقانلارنىڭ ياشىيالىشى ) نىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاپ بېرىلدى .

« ماسلاشقانلار » دېگىنىمىز نۇرغۇن كىشىلەر خاتا چۈشىنىۋاتقان ئەڭ كۈچلۈك بولغانلار ، جۈغى ئەڭ چوڭلار ، ياكى ھۇجۇم قىلىش خاراكتېرى ئەڭ كۈچلۈكلەر بولماستىن بەلكى شۇ تۈردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئالاھىدە مۇھىتقا ئىنتايىن ماسلىشىپ ياشايدىغان ۋە كۆپىيىدىغان يەككىلىكنى كۆرسىتىدۇ . « تۈرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى » نەشر قىلىنىپ ئون نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، دارۋىن يەنە ھازىرقى زامان پسىخولوگىيىسىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن : « ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە جىنسىي تاللىشى » ( 1871 ـ يىلى ) ۋە « ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارنىڭ چىراي ئىپادىسى » ( 1872 ـ يىلى ) دېگەن ئىككى ئەسەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلدۇردى . بۇ ئىككى ئەسەر « تۈرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى » نىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ « تەبىئىي تاللىنىش » نىڭ ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىدىكى رولىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شەرھلەپلا قالماستىن ، بەلكى ئىنسانلار بىلەن باشقا ھايۋانلارنىڭ تۈرلىرى ۋە پسىخولوگىيىسىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى داۋاملىششچانلىق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە شۇ ئارقىلىق ھازىرقى زامان « سېلىشتۇرما پسىخولوگىيىسى » نى مەيدانغا كەلتۈردى . « ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە جىنسىي تاللىشى » دېگەن كىتابتا دارۋىن مەشھۇر « ئادەم بىلەن مايمۇنسىمان ئادەمنىڭ ئورۇقداشلىق نەزەرىيىسى » نى ئوتتۇرىغا قويدى ، ھەمدە « ئىنسانلار بىلەن بىر قەدەر تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ پسىخولوگىيىلىك ئىقتىدارىنىڭ سېلىشتۇرمىسىنى خېلى كۆپ دائىرىدە بايان قىلدى » . ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ : « ئىنسانلار بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋاناتلار ئوتتۇرىسىدىكى پسىخولوگىيىلىك پەرق غايەت زور بولسىمۇ ، لېكىن بۇنداق پەرق پەقەت دەرىجە جەھەتتىلا بولىدۇ ، تۈر جەھەتتە بولمايدۇ ۋە بىز شۇنى كۆردۇقكى ، ئىنسانلار ماختىنىۋاتقان سەزگۈ ۋە بىۋاستە تۇيغۇ ، تۈرلۈك ھېسسىيات ۋە پسىخولوگىيىلىك ئىقتىدار ، مەسىلەن ، ياخشى كۆرۈش ، ئەستە قالدۇرۇش ، دىققەت قىلىش ، قىزىقىش ، دوراش ، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش قاتارلىقلار ئىنسانلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغان ھايۋانلاردا بىر خىل بىخلىنىش ھالىتىدە بولىدۇ ، بەزى چاغلاردا ھەتتا ئىنتايىن تەرەققىي تاپقان ھالەتتە بولىدۇ . » بۇ قاراشنىڭ خۇسۇسىيەتشۇناس لورېنزغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئىنتايىن زور بولدى .

گەرچە ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى بارلىق تەرەپلەرگە ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش قۇرۇلمىسىدىن پەيدا بولغان ، ئەڭ ئالىي ھايۋاناتلاردىمۇ بولمايدىغان ئالاھىدىلىكلەر ، مەسىلەن : سۆزلەش ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا راۋاجلانغان شەرتلىك بەلگە تىلى ئارقىلىق مەدەنىيەت يەتكۈزۈش سىڭدۈرۈلگەن ، تولۇق دەلىل ـ ئىسپات بولمىغان ئەھۋاللاردا ئىنسانلارغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان مۇددىئا ھېسسىيات ياكى ئەقىل ـ ئىدراكنى ھايۋانلارغا قوشۇپ قويۇش مۇمكىن بولمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئىنسانلار بەرىبىر تىنسان ئەمەس ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشىدىن بارلىققا كەلگەن جانلىق ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ئىنسانلار بىلەن باشقا ھايۋاناتلارنىڭ پەرقىنى تەپسىلىي كۆزىتىش زۆرۈر بولغاندەك ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ . يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار مەسىلەن ، شىمپەنزە مەلۇم ئۇسسۇل بىلەن سايمانلارنى ئىشلىتەلەيدۇ ، بۇ ئۇسۇل قول ئىشارىتىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئالماشتۇرۇش ۋە ئىنسانلار تىلىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىدىن بېشارەت بېرىدۇ . مەلۇم ئەھۋاللاردا شىمپەنزىلار مەلۇم ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزئارا ھەمكارلىشىدۇ . بۇ ھايۋانلەرنىڭ ئۆز ئارا تونۇشۇش مۇددىئاسىدىن دېرەك بېرىدۇ ، ئۇنىڭدىن باشقا ھايۋانلار تەدرىجىي تەرەققىيات پەلەمپىيىدە ئىنسانلارغا قانچە يېقىنلاشسا ئۇلارنىڭ نېرۋا سىستېمىسى ۋە ئىچكى ئاجرىتىش سىستېمىسىمۇ ئىنسانلارغا شۇنچە ئوخشىشىپ كېتىدۇ ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇن ئىنتىم ( ھەرىكەت ) ئىقتىدارىمۇ تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ ھەمدە ئوخشىشىپ كېتىدىغان فىزىئولوگىيىلىك جەريانىنى ئاساس قىلىدۇ . شۇڭا ئىن-

سانلارنىڭ ئۆزىدىكى پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىك ۋە ئۇنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىش تارىخىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلىشتە سېلىشتۇرۇش نۇقتىسىدا تۇرۇپ ھايۋانلارنىڭ پسىخولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىش زۆرۈر يول ھېسابلىنىدۇ . خۇسۇسىيەتشۇناسلىق يەنە « ھايۋانلار قىلىقشۇناسلىقى » دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇ دەل ھايۋانلارنىڭ قىلىقىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر پەن ، ئۇنداقتا ئىنسانلار بىر تۈر سۈپىتىدە قانداق تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان ؟ ئۇنىڭ ياشاش ئىستىقبالى قانداق بولىدۇ ؟

ئىنسانلار بىلەن بارلىق باشقا ئېمىتكۈچىلەرنىڭ ئاناتومىيىلىك قۇرۇلمىسى ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ . بولۇپمۇ فىرماتلار ( مايمۇن ، ئادەمسىمان مايمۇنلار ) بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ . شۇڭا ئىلىم - پەن ئالىملىرى ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي فىرماتلار دىن تەبىئىي تاللىنىش جەريانى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەنلىكىنى قىياس قىلىشتى . گېئولوگىيە ۋە ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىدىكى دەلىل - ئىسپاتلار شۇنى كۆرسەتتىكى ، تەخمىنەن 20 مىليون يىل ئىلگىرىكى ئىنسانلارنىڭ فىرمات ئەجدادلىرى ئاسىيادىكى سۇبتۇروپىك بەلۋاغ ئورمانلىرىدا ياشىغان ، دەل - دەرەخلەرنى ماكان قىلىش تۇرمۇشى ئۇلارنى نۇرغۇن جانلىقلارنى تۇتۇپ يەيدىغان ھايۋانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاپ قالغان ، ھەمدە ئۇلارنى يېگىلى بولىدىغان مول مېۋىلەرگە ئېرىشتۈرگەن . لېكىن بۇنىڭدىن 20 مىليون يىل ئىلگىرىدىن تارتىپ 15 مىليون يىل ئىلگىرىكىگە قەدەر بولغان ئوتتۇرا ئۆچىنچى ئىرادا كېلىمات پەيدىنپەي قۇرغاقلىشىپ ، ئورمانلىقلار پەيدىنپەي شالاڭلىشىپ ئۇنىڭ ئورنىنى ئوتلاقلار ئىگىلىگەن ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىپتىدائىي فىرماتلار پەيدىنپەي يەر ئۈستىدە ياشاشقا مەجبۇر بولغان . دەل بىز بۈگۈنكى كۈندىكى فىرماتلارنىڭ بەدىنىدىن كۆرگىنىمىزگە ئوخشاش ، ئىپتىدائىي فىرماتلار يەر يۈزىدىكى جانلىقلارنى تۇتۇپ يەيدىغان ھايۋانلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە چىش ۋە تىرناقلىرىدىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە ماھىر ئەمەس ئىدى . لېكىن ئۇلار بىر قەدەر يۇقىرى دەرىجىلىك فىرماتلارغا خاس ئەقىل - پاراسەتكە ، جىسىملارنى تۇتۇش ۋە ئىشلىتىش ئىقتىدارىغا ، ھېچبولمىغاندا قىسقىراق ئارىلىقتا ئارقا پۇتى بىلەن مېڭىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى .

ئىككى پۇتى بىلەن يۈگۈرۈشكە ماھىر ئاشۇ فىرماتلار يېڭى مۇھىتقا ماسلىشىش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان ھاياتلىق كۈرىشىدە ئۆزلىرىنىڭ يەردىن تېرىۋالغان يېمەكلىكلىرىنى دەل - دەرەخلەرگە ئېلىپ چىقىپ يېيەلەيدىغان بولدى . ئىككى پۇتى بىلەن يۈگۈرۈشكە ماھىر بولمىغان فىرماتلارنىڭ بەزىلىرى باشقا ھايۋانلار تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىندى ، ياكى دەل - دەرەخلەرگە يامىشىپ چىقىۋېلىپ ئاچ قالدى ، يەنە بەزىلىرى باشقا ھايۋانلار بىلەن سوقۇشقان چاغدا ئارقا پۇتى بىلەن ئۆزىنى بىر قەدەر ياخشى تەڭشەپ تۇرالايدىغان ، يۆتكىيەلەيدىغان ئىقتىدارنى شەكىللەندۈرۈپ ئالدى ، پۇتى بىلەن تېخىمۇ ئۇنۇملۈك ھالدا سوقۇشالايدىغان بولدى . شۇنداق قىلىپ قولىغا تاش ئېلىش ۋە تاشنى چىڭ تۇتۇش « خىيالىغا كەلگەن » فىرماتلار شۇنداق قىلىش خىيالىغا كەلمىگەن فىرماتلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك سوقۇشۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر تىنغلىق تاشنى ئۇتسام تېخىمۇ ياخشى بولىدىكەن دەپ ئويلاپ تاش بىلەن تىنغلىق ، ئۇچلۇق نەرسىلەرنى ياسايدىغان بولدى . ئۇنىڭ تاياقتا چىگىش ئوي - پىكرى ۋە ئىقتىدارى بارلىققا كەلدى . بۇ بىرقاتار ھەرىكەتلەر قىسمەن بولسىمۇ ، يەنىلا قىياس بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ئۇنىڭدىن تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بارلىققا كېلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن : تەبىئىي تاللىنىش مۇنۇلارنى ئىلگىرى سۈرگەن . (1) ئۆرە تۇرۇش ، (2) تەپەككۇر قىلىش - قورال ۋە ياكى سايمان ياساشنى ئويلىيالايدىغان بولۇش ، (3) مەشغۇلات ئىقتىدارى - ئۇلار سايمان توغرىسىدا ئويلىيالايدىغان بولغان ھامان سايمان ياسىيالايدىغان ۋە ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش ، بۇلار دەل ئىنسانلار بىلەن باشقا فىرماتلارنى پەرقلەندۈرىدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ . ناۋادا مۇشۇ جەريان باشلىنىپ ئەڭ قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇننىڭ تاش قاتمىسى بارلىققا كەلگەن يىلغا قەدەر ( بۇنىڭدىن 3 مىليون يىل ئىلگىرىگە قەدەر ) بولغان ئارىلىقتا 15 مىليون يىل ئۆتكەن بولسا ، ئۇنداقتا تەبىئىي تاللىنىشنىڭ ھازىرقى زامان ئادەملىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى بولغان فىرماتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇنداق پەرقنى تامامەن پەيدا قىلالايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس .

ئۇنىڭدىن باشقا ، تەبىئىي تاللىنىشقا ئاساسەن ئىرقلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر قىسىم پەرقلەرنى ئىزاھلاشقا بولىدۇ . تېرە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان بىر خىل ئەھۋال . ئادەم بەدىنىدە ۋىتامىن D نىڭ بىرىكىشى ئۈچۈن بەدەننى كۈن نۇرىغا قاقلاشقا توغرا كېلىدۇ . لېكىن كۈن نۇرىغا قاقلاش تولىمۇ زىيادە بولسا ، مەسىلەن ، ئىسسىق بەلۋاغلاردا تېرە راكىنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن ھەمدە بەدەندىكى يورۇقلۇققا نىسبەتەن سەزگۈر بولغان ۋىتامىنلارنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىشى مۇمكىن . قارا تېرە كۈن نۇرىدىكى زىيانلىق بولغان بىنەپشە نۇرنىڭ ئورگانىزمغا دەخلى يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنالايدىغانلىقى تۈپەيلىدىن ، كۈن نۇرى كۈچلۈك رايونلاردا ئۇنىڭ پايدىسى بار . لېكىن شىمالىي پاراللېل رايونلىرىدا ئاق تېرە روشەن ھالدا پايدىلىق ، بەلكى بۇنداق تېرە كۈن نۇرى تولۇق چۈشكەن ئەھۋالدىمۇ ۋىتامىن D نى بىرىكتۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن . بۇنداق رايونلاردا ئادەتتە كۈچلۈك كۈن نۇرىدىن مۇداپىئەلىنىدىغان قوغداش رېڭى ھاجەتسىز ، شۇڭا تېرىسى قارا كىشىلەر ئېكۋاتور رايونىدىن پەيدا بولغان ، تېرىسى ئاق كىشىلەر شىمالىي رايونلاردا پەيدا بولغان .

ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى پەيدا بولغان رايوندىن تەرەپ - تەرەپلەرگە تارقىلىشىغا ئەگىشىپ ، شۇنداقلا يەر شارىنىڭ ئوخشاش بولمىغان رايونلىرىدا ئولتۇراقلىشىشى ئارقىسىدا ، ئوخشاش بولمىغان تەبىئىي تاللىنىش بېسىمى ، ئوخشاش بولمىغان ئىرق ( race ) نىڭ شەكىللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ، لېكىن بۇ جەريان ئوخشاش بولمىغان ئىرق ( species ) نىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن زادى كۆپايە قىلمايدۇ ، چۈنكى بارلىق ئىرقلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئارا نىكاھلىنىپ ئەۋلاد قالدۇرالايدۇ ، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ . يېقىنقى دەۋرلەردىن بۇيان تۈرلۈك ئىرقتىكى ئادەملەر يەنە يېڭىباشتىن پەيدىنپەي شالغۇتلىشىپ كېتىۋاتىدۇ .

ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات ئۇسۇلى تولىمۇ ئۆزگىچە بولىدۇ . بۇنى باشقا تۈرلەرگە سېلىشتۇرغاندا ھەقىقە-

تەن ئوخشاش ئەمەس . باشقا تۈرلەر ئىچىدە ، تەبىئىي تاللىنىشى ئالاھىدە كىچىك دائىرىدىكى ياشاش مۇھىتىغا ماسلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندىن باشقا يەنە ئۇ ئالاھىدىلىشىش ( specialization ) نىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . مەسىلەن ، زىراپە دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يېيىشكە ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ماسلاشقان ، لېكىن ئۇ بۇرۇنقىدەكلا ئالاھىدىلەشكەن . شۇڭا ، دەرەخ شاخلىرى ۋە چاتقاللىقلاردا يېمەكلىك تېپىش بىلەنلا چەكلىنىپ يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنى زادى يېيەلمەس بولۇپ قالغان . ئوخشاشلا چۇمۇلە خورلار چۇمۇلە يېيىشكە ئىنتايىن ماسلاشقانلىقتىن ئۇنىڭغا زىيادە ماسلىشىپ كېتىپ باشقا نەرسىلەرنى زادى ئوۋلاپ تۇتالمايدىغان ۋە ياكى يېيەلمەيدىغان بولۇپ بولغان ، بۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلەر سان ساناقسىز . ئىنسانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەھۋال دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ . تاللىنىش ئالاھىدىلىكى ئومۇملىشىش ( genralized ) ئىقتىدارىنى پەيدا قىلىدۇ . ئىنسانلار يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان ئەقىل ـ پاراسەت ۋە مەشغۇلات ئىقتىدارىغا ئىگە ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھەر قانداق ئىشلارنى قىلالايدۇ . تەبىئىي ئاپەت ، رىقابەتچان تۈرلەر ، شۇنداقلا مۇھىتتىكى تۈرلۈك ئامىللارنى تەڭشەش جەريانىدا ئىنسانلار ئالاھىدىلەشكەن كىچىك دائىرىدىكى ياشاش مۇھىتىغىلا ماسلىشىدىغان دەرىجىدە تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان بولماستىن بەلكى يەر شارىدىكى ھەر قانداق مۇھىتقا كىرەلەيدىغان ، ھەتتا ئالەم بوشلۇقىغا كىرىش ئۇسۇلى بويىچە تەدرىجىي تەرەققىي قىلالايدىغان بولدى ، تەبىئەت دۇنياسىدا ئىنسانلار بىلەن تېخىمۇ زور تالاش ـ تارتىش قىلىشقا پېتىنالايدىغان ھېچ قانداق يېمەكلىك تۇتۇپ يېگۈچى ياكى رىقابەتچى يوق . ھەتتا كېسەللىكتىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي كۆشەندىمۇ ئاھالىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىيەلەيدىغان دەرىجىگە يېتەلمەس قىلىپ بويسۇندۇرۇلدى .

ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقانداق ، ھېچبولمىغاندا ھازىر بىز ئىنسانلار بىئو ئېنېرگىيە بىلەن مۇھىت قارشىلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئىنتايىن زور تەكشىسىزلىكنى كۆردۇق . بۇ خىل تەكشىسىزلىكنىڭ نەتىجىسىدە دۇنيا ئاھالىسى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ ، ئادەتتە ئاھالىنىڭ پارتلىشى ( population explosion ) دەپ ئاتىلىدىغان ھالەتكە يەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈن سايىن كۆپىيىۋاتقان ئاھالىنى قامداش ئۈچۈن ، تەبىئىي ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ ئورنىنى ئىنسانلارنىڭ تۈرلۈك جاي ئېتىزلىرى ، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدىغان باشقا سورۇنلار تەرىپىدىن كۈندىن . ـ كۈنگە ئىگىلەنمەكتە . ( بۇ ھەقتە يەنە كېيىنكى قىسىمدا توختىلىمىز . )

تەدرىجىي يەكگۈشلىنىش ( ماسلىشىشچان ئۆزگىرىش ، تۈرلەرنىڭ يوقىلىشى ۋە تۈرلەرنىڭ شەكىللىنىشى جەريانىدا تەدرىجىي يەكگۈشلىنىش بىرلىكتە ھاسىل بولىدۇ ) نۇقتىسىيەزەردىن قارىغاندا ، پۈتكۈل يەر شارىغا تارالغان ئىنسانلارنى تەبىئىي جەريان يەنى پۈتكۈل تەدرىجىي تەرەققىيات تارىخىدا بارلىققا كەلگەن نۇرغۇن دولقۇنسىمان ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئاخىرقى دولقۇنى دەپ قاراشقا بولىدۇ . لېكىن بىز ئىنسانلار مەيدانىدا تۇرۇپ بۇ ئاخىرقى دولقۇننى ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ياكى ئىنتايىن ئۇزاق داۋاملىشىدىغان دولقۇن دەپ قارىشىمىز لازىم . ئەپسۇسلىنارلىقى ئېكولوگىيە ياكى تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىدە ئىنسانلار تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ياكى ئەبەدىي ئۆلمەيدىغان تۈر دەيدىغان تەسەۋۋۇرنى قوللايدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق . ئەمەلىيەتتە ، نۇرغۇن بېشارەتلەر شۇنى كۆرسەتتىكى ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇشى مۇمكىن ، ھېچبولمىغاندا تېخنىكا جەمئىيىتىدىكى ئىنسانلار شۇنداق بولىدۇ . نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ ؟

بىرىنچى ، ئىنسانلار پەيدا قىلىۋاتقان نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنىڭ دەرىجىسى ئەڭ چوڭ بولۇۋاتىدۇ . ئالدىنقى تەدرىجىي تەرەققىيات ئۆزگىرىشى نەچچە مىليون يىل داۋاملاشتى . شۇڭا ئاستا كېتىۋاتقان قايتۇرما ماسلىشىش جەريانى ۋە يېڭى تۈرنىڭ تەرەققىياتى تۈرلەرنىڭ يوقىلىشىنى يوققا چىقاردى . شۇنىڭ بىلەن ئېكولوگىيە سىستېمىسى تەدرىجىي ئۆزگىرىش جەريانىدا نىسپىي تەكشى ھالەتنى ساقلاپ قېلىۋەردى . يەنى بىر تەرەپتىن ، ئىنسانلار پەيدا قىلغان بۇ روشەن ئۆزگىرىشلەر پەقەت يېقىنقى 200 يىل ئىچىدىلا بارلىققا كەلگەن ، بۇنىڭدىن 200 يىل ئىلگىرى تېخنىكا ئىقتىدارىنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن ئىنسانلار نىسپىي ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭ ھالەتتە ياشايتتى . ئۇنىڭدىن باشقا چاتقاللىقلار ، ئورمانلار ۋە يايلاقلار ئېتىزلارغا ، شەھەر ـ بازارلارغا ۋە ئاپتوموبىل توختاش مەيدانلىرىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەنلىكتىن ، ئۆزگىرىش سۈرئىتىمۇ تېزلەشتى . ئۆزگىرىش دەرىجىسى ئادەتتە غايەت زور بولدى . بۇلغىنىش ، سىرتقى جايلاردىكى تۈرلەرنىڭ كىرگۈزۈلۈشى ، تۇتۇپ يەيدىغان ھايۋانلارنىڭ يوقىلىشى ، ئوت ـ چۆپ دورىلىرى ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىمۇ پەۋقۇلئاددە ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلماقتا . بۇ ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە تۈرلەر كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان ھالەتتە تېز يوقالماقتا . ئىستاتىستىكا مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا ، دۇنيادا يوقىلىش ئالدىدا تۇرغان تۈرلەر تىزىملىكىدە تەخمىنەن 1000 خىل ھايۋان ۋە نەچچە مىڭ خىل ئۆسۈملۈك يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان . شۇنداقلا يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان تۈرلەر سانى ھەريىلى كۆپەيمەكتە . تۈرلەرنىڭ يوقىلىش سۈرئىتى كەلگۈسىدىكى تۈرلەرنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىگە قارىغاندا كۆپ تېز بولماقتا .

بىز ئىنسانلار پەيدا قىلىۋاتقان تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرنىڭ سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولغاچقا يېڭى تۈرلەرنىڭ تەرەققىياتى ئاشۇ بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەيۋاتىدۇ ، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ كىچىك دائىرىدىكى ياشاش مۇھىتىغا ماسلىشالايدىغان تۈرلەر ناھايىتى ئاز . مەسخىرىلىك بولغىنى شۇكى ، بۇ خىل ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئاز ساندىكى تۈرلەرنىڭ نۇرغۇنى دەل ئىنسانلار يوقىتىشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان داڭلىق زىيانلىق جانلىقلار بولۇپ ، بۇ زىيانلىق جانلىقلار چاشقان ، زىرائەت يەيدىغان كېپىنەك ، سۆۋەرەك ـ تاراقان ، قارا تورغاي ، قۇشقاچ ، مامكاپ ، كاپكاپ ، ئاجرۇزىيە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ زىيانلىق جانلىقلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يوقىتىش كۆپ چاغلاردا زەھەرلىك خىمىيىلىك ماددىلارنى ئىشلىتىشكە بېرىپ تاقىلىدۇ . بۇ زەھەرلىك خىمىيىۋى ماددىلار بىئوسفېرا تەڭپۇڭلۇقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بۇزۇۋېتىش يوشۇرۇن ئىقتىدارىغا ئىگە .

قىسقىچە ئېيتقاندا ، بىئوسفېرادا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرشلەرنىڭ بۇنچىۋالا تېز بولۇشى بىزنى كەلگۈسىدىكى ئاقىۋەتنى زادى مۆلچەرلىيەلمەيدىغان قىلىپ قويىدى . شۇڭا نۇرغۇن ئېكولوگلار بىئوسفېرادىكى ئاساسىي تەڭپۇڭلۇقنى مۇشۇنداق ئۆزگىرش ئارقىسىدا يەر شارىدىكى ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جانلىقلارنىڭ ئۇزۇل - كېسىل يوقىلىشىدىن ئەنسىرەشمەكتە .

ئىككىنچى ، ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاددىيلىق يوشۇرۇن خەۋپ - خەتەر بولىدۇ . ئېكولوگىيە سىستېمىسىدىكى تۇراقلىق بىر مۇرەككەپ يېمەكلىك تورىدىكى ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان نۇرغۇن تۇرلەر ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ . ئاددىي يېمەكلىك زەنجىرى ئەسلىدە تۇراقسىز ئىدى . ئاسانلا زور ھەجىمدە تەۋرىنىش يۈز بېرەتتى . شۇڭا ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيە سىستېمىسى ئەمەلىيەتتە بىر نەچچە خىل ئاز ساندىكى زىرائەتلەر ۋە ھايۋاناتلار ئاساسىغا قۇرۇلغان . شۇڭا ئەسلىدىلا تۇراقسىز ئىدى . يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى پەقەت زىيانلىق جانلىقلارنىڭ يامرىشىنى ئۇنۇمى زور خىمىيىۋى ماددىلارنى كۆپلەپ ئىشلىتىشكە تايىنىپ توسقاندىلا ئاندىن ئاجىز تەڭپۇڭلۇققا ئېرىشەلەيدۇ . بۇ خىمىيىۋى ماددىلار ئېكولوگىيىلىك قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ ، ھەمىشە زىيانلىق جانلىقلار مەسىلىسىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ ، يەنە ئۆسۈملۈكشۇناسلار بىزنى مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرماقتا . : بىزدە تېخى ئۇنۇملۈك ئالدىنى ئېلىش ، تىزگىنلەش ئۇسۇلى بولمىغان زىرائەتلەردىكى كېسەللىك ئاپىتىنىڭ ئۇشتۇمتۇت يامراپ كېتىشى تۈپەيلىدىن بىر پەسىلدە دۇنيانىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىشى روشەن ھالدا ئازىيىپ كېتىشى مۇمكىن . ئىنسانلارنىڭ تۇراقلىق ئېكولوگىيە سىستېمىسى بىئوسفېرادىكى باشقا تۇرلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەڭشىشى ۋە مۇۋا زىنىتىگە موھتاج ، ھەم شۇنىڭغا باغلىق ، بۇنىڭدىن باشقا تۇرلەرنى ۋە ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

ئۈچىنچى ، كەيياب ئېگىزلىكىدىكى بۇغا ئۆزىنى تۇتۇپ يەيدىغان ھايۋاندىن كېيىنكىگە ئوخشاش ( ئىككىنچى باب ئارقا كۆرۈنۈش بىلىملىرىدىن تەپسىلى كۆرۈۋېلىڭ ) نۇرغۇن دەلىل - ئىسپاتلار شۇنى كۆرسەتتىكى ، ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى مۇقەررەر ھالدا تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىنى زىيادە خورىتىۋېتىدۇ . ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بۇغىلارنىڭ جىددىي كۆپىيىشى بىلەن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ زىيادە غاجىلىپ تۈگىگىنىدەك ئەھۋالدىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيدۇ . دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا چارۋا ماللارنىڭ زىيادە بېقىلىشى تۈپەيلىدىن نەچچە مىليون گېكتار كېلىدىغان يايلاقلار گىيا ئۈنمەس جايلارغا ئايلىنىپ قالدى ، سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى بىر رايوندا يايلاققا تايىنىپ جان باقىدىغان كىشىلەر ۋە چارۋا ماللار ئېغىر ئاچارچىلىققا دۇچ كەلدى .

ئۇنىڭدىن باشقا بىزنىڭ تېخنىكا جەمئىيىتىمىز نېفىت ۋە تەبىئىي گازنى كۈنسايىن كۆپەيتىپ ئىشلىتىشكە تايىنىپ راۋاجلانماقتا ۋە ئۆزىنى ساقلاۋاتىدۇ ، ھالبۇكى نېفىت بىلەن تەبىئىي گاز روشەن ھالدا چەكلىك بولغان ، ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان بايلىق مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ . بەئەينى زىيادە مال چارۋا باققانغا ئوخشاش ، ئەگەر بايلىق مەنبەلىرى خوراپ تۈگىسە ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى زامانە ئاخىر بولغانغا ئوخشاش بولىدۇ .

دېمەك ، ئىنسانلار باشقا تۇرلەر ۋە ئېكولوگىيە سىستېمىسىغا ماسلىشىدىغان ئاخىرقى تىزگىنلەش ۋە مۇۋازىنەتكە مۇقەررەر يۈزلىنىدۇ . بۇ ئەھۋالغا سەل قارالسا ، تېخنىكىنى ئىگىلىگەن ئىنسانلار پەقەت يەر شارىدىكى تەدرىجىي تەرەققىيات تارىخىدا تېز كېلىپ ، تېز كېتىدىغان مېھمانغا ئايلىنىپ قالىدۇ . بىراق ، بەختىمىزگە يارىشا كىشىلەر ئېكولوگىيە سىستېمىسىدىكى بۇ رېئاللىقلارغا سەل قارىمىدى . بىز ئىنسانلار ھەقىقەتەن ئاجايىپ قالتىس ئەقىل - پاراسەت ۋە ماھارەتتىن ئىبارەت بىر قىسىم ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگىمىز ؛ بىز بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئارقىلىق جەمئىيىتىمىز ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزنى تەڭشەيدىغان يوشۇرۇن كۈچكە ئىگىمىز ؛ بىز تۇرلۈك ئېكولوگىيە دائىرىسىدە ياشىيالايمىز ، ھەمدە بىئوسفېرا دىكى باشقا تەرەپلەر بىلەن تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالايمىز . بۇ ئاسانلا تاللاش مەسىلىسى بولۇپ ، بىز نەسلىمىز ۋە جەمئىيەت پاكى بولمىسا زىيادە چارۋا مال بېقىش ۋە ئېكولوگىيىلىك تۇراقسىزلىقنى كۈنسايىن ئېغىرلىتىش يولىدا داۋاملىق كېتىۋېرىمىز ، پاكى بولمىسا ئۆزىمىزنى چەكلەپ كىيىم - كېچەك ، يېمەك - ئىچمەك ، تۇرالغۇ جاي ، قاتناش قاتارلىق ئېھتىياجىمىزنى ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيە سىستېمىسى بىلەن بىئوسفېرادىكى باشقا سىستېمىلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا كاپالەت بېرەلەيدىغان قىلىمىز . ( « مۇھىت ئىلمى » گە قاراڭ )

دارۋىننىڭ تۇرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى تەلىماتى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ، بارلىق بىئولوگىيە پەنلىرىگە باب كېلىدىغان بۇ خىل نەزەرىيە ھاۋاناتلار ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى تەتقىق قىلىشقىمۇ تەتبىق قىلىنىدىغان بولدى ، شۇنىڭ بىلەن « خۇسۇسىيەتشۇناسلىق » دېگەن پەن بارلىققا كەلدى . خۇسۇسىيەتشۇناسلىقنىڭ كېيىنكى چاغلاردا كىشىنى شۇنچىۋالا ئۆزىنى جەلپ قىلغۇدەك بولۇپ ئۆزگىرىشىدىكى سەۋەبى ئىتمىچىلىك ( بېخىۋىرىزم ) ① تارىخىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ . بۇ نۇقتا ئۈستىدە بىز كېيىنكى بابتا توختىلىمىز . خۇسۇسىيەتشۇناسلىق ھايۋاناتلار ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتىنى بىر خىل سىستېما فۇنكسىيىسى دەپ قارايدۇ . بۇ خىل سىستېمىنىڭ مەۋجۇتلۇقى شۇنداقلا ئالاھىدە شەكلىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى تۆھپە تارىخقا - تۇرلەر سىستېمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ، ② يەككە تەننىڭ بارلىققا كېلىشىگە ، ③ شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا ، تەرەققىيات جەريانىغا مەنسۇپ ، بۇ يەردە ئەڭ ھالقىلىق مەسىلە شۇكى : « نېمىشقا بىر سىستېما ئۇنداق بولماي مۇنداق بولىدۇ ؟ » پەقەت بۇ خىل تەرەققىيات جەريانىنى ئوبيېكتىپ شەرھلەش ئارقىسىدا ئاندىن ئۇنىڭغا مۇۋاپىق جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ .

ئورگانىزم پەيدا قىلىدىغان سەۋەبلەر ناھايىتى كۆپ ، مۇشۇ بارلىق سەۋەبلەر ئىچىدە گېننىڭ ئىرسىيەتلىك

ئۆزگىرىشى ، ④ ۋە يېڭىۋاشتىن بىرىكىش جەريانىدىن باشقا
تـەبىئىي تاللىنىش ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدۇ ، ئۇ ئورگانىزمدا «
مـاسـلىشىش » ⑤ نى پەيدا قىلىدۇ . ئوبيېكتىپ مۇھىتنىكى ئۆزگىـ
ـنىڭ ياشىشىغا نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئۇ-
چۇرلارغا ئېرىشىدۇ . ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ، « ئوبـ
ـيېكتىپ مۇھىتقا ئائىت بىلىملەرگە ئېرىشىدۇ » .

ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا ماسلىشىش ئارقىلىق پەيدا بولـ
ـىدىغان بۇنداق قۇرۇلما ۋە فۇنكسىيىلەر جانلىقلارغا خاس بولۇپ
ئانورگانىك ساھەدە ئۇ مەۋجۇت ئەمەس . بۇ تەتقىق قىلغۇ-
چىلارنى مۇنداق بىر مەسىلىگە يەنى : «نېمە مەقسەت بىلەن ؟ »
دېگـەن سوئالغا يۈزلىنىشكە مەجبۇر قىلدى . بۇ مەسىلە فىزىئو-
لـوگلار بـىلەن خىمىكلارغا تونۇشلۇق ئەمەس ، چۈنكى ، بىئو-
لوگلار بۇ سوئالنى قويغان چاغدا ، ئۇلار ئىدىئالىستىك « مەقسـەت
نـەزەرىيىسى » ، ⑥ ئۈستىدە ئىزدەنمەستىن ، بەلكى بىر خىل
ئالاھىدىلىك ۋەكىللىك قىلىدىغان تۈرنى تېپىپ خۇسۇسىيىتىنى
سـاقلاپ قېلىش كويىدا بولىدۇ . مەسىلەن : بىز مۈشۈكنىڭ تىر-
ناقلىرى نېمە ئۈچۈن ئەگرى بولىدۇ دەپ سورىغىنىمىزدا « چاشـ
قان تۇتۇشى ئۈچۈن » دېگەن جاۋابنى ئالىمىز ، مانا بۇ دەل «
مۈشۈكنىڭ تىرناق شەكلى مۈشۈكنىڭ قايسى خىل تۈرگە ۋە-
كىللىك قىلىپ ئىقتىدارىنى ساقلايدۇ » دېگەن سوئالغا بېرىلگەن
ئاددىي جاۋاب .

ئەگەر كىشىلەر مۇشۇنداق تەتقىقات بىلەن ئۇزاق مۇددەت
شۇغۇللانسا ، جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئالاھىدە قۇرۇلمىسى بىلەن
ئىتىم ( ھەرىكەت ) ئـەندىزىسى تـەرەپكە ئـائىت سـوئـاللارنى
ئارقـا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا قويسا ؛ يەنە ئەگەر ئۇنىڭغا مۇناسـ
ۋەتـلىك بولغان ، كىشىنى قايىل قىلىدىغان جاۋابقا ئارقا ـ ئار-
قىدىن ئېرىشەلمىگەن بولسا كىشىلەر بۇ خىل قاراشقا ماھىل بولـ
ـغـان بولاتتى . چېكىش ، مۆرەككەپ ، ئاجايىپ ـ غارايىپ فور-
ماتسىيە قۇرۇلمىسى شۇنداقلا ھەرىكەتلەرنىڭ شەكىللىنىشمۇ
تاللاش ۋە ماسلىشىش ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ . ھالبۇكى ئەگەر
مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ مەلۇم مۇقىم ھەرىكەت تەلىپى توغرىسىدا
« نـېمە مەقسەت بىلەن » دېگەن سوئالنى ئوتتۇرىغا قويسا كىشىـ
ـلـەر بۇ خىل قاراشنىڭ توغرىلىقىدىن گۇمانلىنىدۇ . ئىنسانلار
نـېمە ئۈچۈن ئەۋلادلىرىنى چەكلىمىسىز ھالدا كۆپەيتىدۇ ؟ نېمە
ئۈچۈن رىقابەت بىلەن تەلۋىلەرچە مەپتۇن بولىدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن
قورال ـ ياراغلارنىڭ سانى بىلەن كۈچ ـ قۇدرىتى ئۈزلۈكسىز
ئاشۇرۇلىدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن شەھەرلەشكەن ئىنسانلار ئاجىز ھا-
لەتكە چۈشۈپ قالىدۇ ؟ ۋەھاكازالار . ئەگەر كىشىلەر يەنىمۇ
ئىلگىرىلەپ كۆزەتسە ۋە پىكىر يۈرگۈزسە شۇنى بايقىيالايدۇكى ،
ئىنسانلارنىڭ ئالاھىدە سەۋەبلىكلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ
بەزى ئەسلىدە راۋاجلاندۇرۇشقا بولىدىغان ، تۈرلەرگە ئىگە قىمـ
ـمىتىنى ساقلاپ قالىدىغان ھەرىكەت مېخانىزمىغا كاشىلا قىلدى ،
ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ، بۇ سەۋەبلىكلەرنىڭ ھەمـ
ـمىسى كېسەللىك ھالىتى ، نورمالسىز ھالەتتىن بولدى ، ئىنـ
ـسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكىتى ئورگانىك سىستېمىدىن ئىبارەت
مۇشۇ ئاساسقا بەرپا قىلىنغان بولىدۇ . بۇ سىستېما ⑧توغرىسـ
ـىدىكى تەھلىل تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ ئەڭ قىيىن ، شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا خىرىس خاراكتېرى ئەڭ زور خىزمىتى ھېسابـ
ـلىنىدۇ . چۈنكى ئورگانىك سىستېمىنى دۇنيا بويىچە ئەڭ مۇ-
رەككەپ دەپ قەتئىي مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېيتىشقا بولىدۇ . ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتى يەنە نۇرغۇنلىغان نورمالسىز
ھادىسىلەرنىڭ قوشۇلۇشى ، بۇرمىلىنىشى ئارقىسىدا ئەسلىدە
چەكسىز قىيىن بولغان تەۋەككۇلچىلىك خىزمىتى تېخىمۇ مۇمكىن
ئەمـەس ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ . ھالبۇكى بۇنى تېخى ئەڭ يامان
دېگىلى بولمايدۇ . چۈنكى ئورگانىك سىستېمىنى تەھلىل قىلىشـ
ـتـەك بۇ خىزمەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەڭ زور كاشىلا شۇكى ،
سىستېمىنىڭ پاتولوگىيىلىك قالايمىقانچىلىقى تولا چاغلاردا بۇ
سـىستېمىنىڭ ئاچقۇچىنى ئىگىلەيدۇ . يەنى مەلۇم پاتولوگىيىلىك
قالايمىقانچىلىق كېسەللىكنى پەيدا قىلغاچقا ، تەتقىقاتچى خادىملار
شۇندىلا بىر خىل مۇھىم بولغان ئورگانىك سىستېمىنىڭ مەۋ-
جۇتلۇقىغا دىققەت قىلىدۇ . بۇ نۇقتا توغرىسىدا بىز فىزىئولوگىيە
تەرەققىياتى تارىخىدىن ئۇنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن مىساللارنى
تـاپالايمىز . مەسىلەن ، ئې . ت كوخېر ( E · T kocher ) قالـ
ـقانسىمان بەزنى ئېلىپ تاشلاش ئارقىلىق كۆزپۈلتىيىشچان قالقان
بـەز ئىششىقى كېسىلىنى داۋالاش سىنىقى ئېلىپ بارغان چاغدا ،
ئۇ كالتسىينىڭ ئالمىشىشنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدىغان قالقان
يـان بېزىنىمۇ بىللە ئېلىۋەتكەنلىكتىن بىمارنىڭ قول ـ پۇتلىرى
تـىترەيدىغان ، قورۇلىدىغان بولۇپ قالغان ، بۇ خىل زىيادە بولـ
ـغان قالقان بەزنى ئېلىپ تاشلاش ئوپېراتسىيىسى « قالقان بەز
يوقىلىش خاراكتېرلىك كافىكسىيە » ( قاقشاللىشىش ) دىن ئىبا-
رەت بىر خىل يېڭىدى كېسەللىك پەيدا بولۇپ ، ئۇ يودنىڭ
كەمچىل بولۇشىدىن كېلىپ چىققان دۆتلۈك كېسلى ، ئۇنىڭ
ئىلمىشىق ئىششىق بىلەن ئىنتايىن روشەن ھالدا ئوخشىشىپ
كېتىدىغان جايلىرى بار . بۇنىڭدىن مۇنداق بىر خۇلاسە چىقىدۇ
: ئىچكى ئاجرالما بەزلىرى بىر سىستېما ھاسىل قىلغان ، سىستېـ
ـمىدىكى بارلىق ئەزالار ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ . قانغا ماد-

دىلارنى ئاجرىتىپ بېرىدىغان ھەر بىر خىل ئىچكى ئاجرالما بەز-
لىرى پۈتكۈل ئورگانىزمغا نىسبەتەن ئالاھىدە رول ئوينايدۇ .
مەسىلەن ، ماددا ئالماشتۇرۇش رولى ، يېتىلىش رولى ، ھەرىكەت
رولى ۋە ھاكازالار . بۇ خىل ئاجرالمىلار ھورمون دەپ ئاتىلىدۇ .
بۇ خىل گورمونىنىڭ رولى بەلكى تامامەن قارمۇ قارشى بولۇشىمۇ
مۇمكىن ، يەنى « قارمۇ قارشىلىق رولى » نى ئوينىشى مۇمكىن ،
بۇ نۇقتا بىلەن ئىككى پارچە مۇسكۇلنىڭ تەڭشەش رولى بو-
غۇملاردا مەلۇم ھەرىكەتنى پەيدا قىلغىنىغا ئوخشايدۇ . ھورمون
مۇۋازىنەتلىك ھالەتنى ساقلىسىلا ، كىشىلەر ئىچكى ئاجرالما بەز
سىستېمىسىنىڭ بىر ئالاھىدە فۇنكسىيىگە ئىگە ئەزالاردىن تەركىب
تاپقانلىقىغا دىققەت قىلمايدۇ . شۇڭا ئىچكى ئاجرالمىلار تەڭپۇڭ-
لۇقنى يوقاتقان ھامان ، پۈتكۈل ئورگانىزم بەلگىلىك قىممەت (
« نەزەرىيىۋى قىممەت » دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) دىن چەتنەپ كېتىشى
مۇمكىن . يەنى ئادەم كېسەل بولۇپ قېلىشى مۇمكىن . قالقان بەز
ھورمىنى كۆپىيىپ كەتسە قالقان بەز پەيدا بولىدۇ . ئازراق بولۇپ
قالسا شىلىمشىق ئىششىق پەيدا بولىدۇ .

قايسى خىل ئۇسۇل ئىنسانلارنىڭ تۇرتكىلىك كۈچىنىڭ
⑨بارلىق سىستېما تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئەڭ باب كېلى-
دىغانلىقى توغرىسىدا ئىچكى ئاجرالما سىستېمىسى ۋە ئۇنى تەتقىق
قىلىش مۇددىئاسى بىزگە ئىنتايىن قىممەتلىك ئىلھام بەردى . ئەل-
ۋەتتە ، پۈتكۈل تۇرتكىلىك كۈچ سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلمىسى ئىن-
تايىن چىگىش ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ ، ئىچكى ئاجرالما سىستې-
مىسى ئۇنىڭ ئىچىدىكى پەقەت بىر تارماق سىستېمىدىنلا ئىبارەت
خالاس . ئىنسانلارمۇ نۇرغۇنلىغان مۇستەقىل تۇرتكىلىك كۈچ
مەنبەسىگە ئىگە . ئۇنىڭ نۇرغۇنلىرى « تۇغما قابىلىيەت »(10)
گە مەنسۇپ . ئىنسانلارنى تۇغما قابىلىيىتى ناچارلاشقان جانلىق
دەپ تەسۋىرلەش خاتا . گەرچە ئىنسانلارنىڭ ئۆگىنىش ئىق-
تىدارى بىلەن ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي
قىلىشىغا ئەگىشىپ ، ئىنسانلارنىڭ مۇقىم ئىتتىم ئەندىزىسىدىنمۇ
بەزى ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ ، لېكىن ، يۇكسەك دەرىجىدە
تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان ئېمىتكۈچى ھايۋانلارنى تەتقىق قى-
لىش ئورنى قولغا كەلتۈرگەن تەجرىبىلەرگە ئاساسەن شۇنى قى-
ياس قىلىشقا بولىدۇكى ، ئىنسانلارنىڭ تۇغما قابىلىيەت تۇرتكى-
لىك كۈچى ھايۋانلارغا قارىغاندا ئاز ئەمەس ، بەلكى كۆپ بو-
لىدۇ . شۇڭا ، بىز سىستېما تەھلىلىگە مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق
تەتقىقات ۋە تەجرىبە بىلەن شۇغۇللانغان چاغدا بۇ نۇقتىنى نە-
زەردە تۇتۇشىمىز شەرت . مەلۇم فاتالوگىيىلىك نورمالسىز ھەرى-
كەتلەر ئۈستىدە باھالاش ئېلىپ بارغان چاغدا بۇ ئىنتايىن مۇ-
ھىم . مەشھۇر نېرۋا كېسەللىكلىرى ئالىمى رونالد . خ-
ارگرىۋېس ( Ronald . Hargreares ) ماڭا يازغان خېتىدە
ھەقىقىي نېرۋىسىدىن ئاداشقان كېسەللەرگە دۇچ كەلگەندە ئۆزى-
نىڭ ئوخشاش ۋاقىتتا ئىككى سوئالنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى
ئېيتقانىدى . بىرىنچى سوئال : بۇ كېسەللەردە نورمال تۇغما قابى-
لىيەت ھەرىكىتى قايسى ؟ ئىككىنچى سوئال : بۇ خىل نورمالسىز-
لىق قايسى تېپقا كىرىدۇ ؟ بولۇپمۇ بۇ خىل نورمالسىزلىقنىڭ
قىسمەن ئەزالارنىڭ فۇنكسىيىسىنىڭ مەشغۇلاتى ياكى فۇنكسى-
يىسىنىڭ تولۇق بولماسلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان - چىق-
مىغانلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك . مۇرەككەپ ئورگانىزمدىكى
ئەزالار ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن قويۇق ئۆز ئارا تەسىر بولغاچقا ئۇلار
ئوتتۇرىسىدىكى فۇنكسىيە چەك - چېگرىسىنى بەلگىلەش ئىنتا-
يىن قىيىن . شۆبە سىستېمىلارنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئىنتايىن ئېنىق
ھالدا تەبىر بەرگىلىمۇ بولمايدۇ . بۇ نۇقتىدا فائول ۋېيس
( paulweiss ) نىڭ مەشھۇر ئەسىرى « مۇئەييەنلىك نەزەرى-
يىسى » دېگەن كىتابىدىكى شۆبە سىستېما توغرىسىدىكى : « بىر
سىستېما بارلىق تەركىبىي قىسىملارنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە بىر-
لىككە كەلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى » دېگەن بايانىنى چۈشى-
نىشكە بولىدۇ .

ئىنسانلارنىڭ تۇرتكىلىك كۈچىمۇ شۇنداق بولىدۇ . ئا-
دەتتىكى كىشىلەرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندىمۇ ئۇ « ئۆچمەن-
لىك » ، « مۇھەببەت » ، « دوستلۇق » ، « ساداقەت » ، « گۇ-
مان » ، « غەزەپ - نەپرەت » ، « بويسۇنۇش » ، « ئىشەنچ »
قاتارلىق سۆزلەر بىلەن ئىلىم - پەن ئالىملىرى دەۋاتقان « تا-
جاۋۇزچىلىق خاراكتېرى » ، « تەبىقىچىلىك » ، « تېررىتورىيە
ئىگىلەش خاراكتېرى » شۇنداقلا « ھۇجۇم قىلىش تۇرتكىلىك
كۈچى » ، « قېچىپ كېتىش تۇرتكىلىك كۈچى » ، « جىنس
تۇرتكىلىك كۈچى » قاتارلىقلارنىڭ ھېچقانداق ئوخشىمايدىغان
يېرى يوق . ھەممىسىدە « بىر بەلگىلەنگەن ھەرىكەتنى كەلتۈرۈپ
چىقىرىدىغان ئىچكى - تاشقى ھالەت » تەسۋىرلەنگەن ، مەسى-
لەن ، بىز « تۇيغۇ سەزگۈرلۈكى » دېگەن ئادەتتىكى كىشىلەر
قوللىنىدىغان سۆز بىلەن چوڭقۇر بولغان پسىخولوگىيىنى بىر-
لەشتۈرسەك بولىدۇ ، يەنى ھايۋاناتلارنى كۆزىتىش بىلەن شۇ-
غۇللىنىدىغان ئىلىم - پەن ئالىملىرى دەۋاتقان « بىۋاسىتە
تۇيغۇ »(11) بىلەن بىرلەشتۈرسەك بولىدۇ . ھازىر بىز ئالدى بى-
لەن ئىنسانلارنىڭ روھىي ھالىتى بىلەن نەپەس ھەرىكىتىنى
بىلدۈرىدىغان ھەر بىر سۆز ئاتالغۇسى بىلەن مەلۇم بىر تۇرتكى-
لىك كۈچ سىستېمىسى ئۆز ئارا ماسلاشقان بولسۇن ، ۋاقىتىنچە ئۇ

بېرىپ تاقىلىدىغان تۈرتكىلىك كۈچنىڭ قايسىسى توغرا بولغانلىقىنى، قايسىسىنىڭ كېيىن ئادەتلەنگەنلىكىنى ۋاقتىنچە نەزەردە تۇتمايلى دەپ قىياس قىلايلى ،بىز شۇنداق قىياس قىلالايمىزكى، ھەر بىر خىل تۈرتكىلىك كۈچنىڭ ھەممىسى تەرتىپلىك بولىدۇ، مەشغۇلاتى ماسلاشقان، سىستېمىلىق، بىرى كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەركىبىي قىسىم بولىدۇ. « نەپرەتلىنىش » ، « مۇھەببەت » ، « ئىشەنچ » ، « گۇمان » قاتارلىقلارنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى مەسىلىسىگە كەلسەك، « قالغان بەز ياخشىمۇ ياكى يامانمۇ ؟ » دەپ سورىغانغا ئوخشاش ئەخمىقانىلىك بولىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى ئىنسانلار « ئىشەنچ » بىلەن « ساداقەت » دېگەن نەرسىلەرنى ياخشى دەپ قارايدۇ ؛ « نەپرەت » ، « ساداقەتسىزلىك » ، « گۇمان » دېگەن نەرسىلەرنى يامان دەپ قارايدۇ. نېمە ئۈچۈن بۇنداق قاراش پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ مەنبەسى بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە بولۇپ، بىرىنچى تۈردىكىسى كەمچىل بولغانلىقتىن، ئىككىنچى تۈردىكىسى ئوشۇقچە بولغانلىقتىن كېلىپ چىققان. ھالبۇكى زىيادە كۆيۈنۈش ئىستىقبالى چەكسىز سانسىزلىغان بالىلارنى چۈشكىنلەشتۈرۈشى مۇمكىن ؛ زىيادە سادىق بولۇشمۇ يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئېرىك ئېرىكسون ( Erik Erikson ) كىشىنى قايىل قىلىدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلار ئارقىلىق « گۇمان » نىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرگەنىدى.

يۇقىرىقى دەرىجىدە بىر گەۋدىلەشتۈرگەن بارلىق ئورگانىك سىستېمىنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى بولىدۇ، يەنى ئاتالمىش ئۆز ـ ئۆزىنى تەڭشەش سىستېمىسى ياكى بەدەندىكى مۇۋازىنەت (12)ئارقىلىق تەڭشەش ئېلىپ بارىدۇ. (13) ئۇنىڭ مېخانىزمىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، كىشىلەر بىر خىل تىزگىنلەش قۇرۇلمىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقانىدى، ئۇ نۇرغۇنلىغان سىستېمىلاردىن تەركىب تاپقان. سىستېمىلار ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىنى كۈچەيتىش فونكسىيىسى بولىدۇ. يەنى A سىستېما B سىستېمىنىڭ رولىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. B سىستېما C سىستېمىنىڭ رولىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ؛ ئاخىرىدا Z سىستېمىنىڭ A سىستېمىغا نىسبەتەن بىر خىل كۈچەيتىش رولىنى پەيدا قىلىدۇ. مۇشۇنداق بىر ئوڭ قايتۇرۇش (14)ئىنتايىن تۇراقسىز بولغان مۇۋازىنەت ھالىتىدە دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ. مەلۇم بىر شۆبە سىستېمىسىنىڭ رولى ئازراق كۈچەيگەن بولسىلا ئۇ پۈتكۈل سىستېمىنىڭ فونكسىيىسىنىڭ ئىنتايىن زور دەرىجىدە كۈچىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ؛ ئوخشاشلا شۆبە سىستېمىسىنىڭ رولى ئاز ـ تولا ئازايسىلا ئۇ پۈتكۈل ھەرىكەتنىڭ ئاخىرلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. لېكىن دەل تېخنىكىدا ئاللىقاچان ئىسپاتلانغىنىدەك دەۋر قىلىش جەريانىدا تەڭشەش رولىنى ئوينايدىغان بىر سىستېما كىرگۈزۈلسە، ئۆزىنى تەڭشەش سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلسە يەنى « تەتۈر قايتۇرۇش » بولسا، ئۇ، بۇ تۇراقسىز سىستېمىنى بىر تۇراقلىق سىستېمىغا ئايلاندۇرىدۇ.

جانلىنىۋاتقان تەبىئەت دۇنياسىدا سان ـ ساناقسىز تەڭشەش سىستېمىسى مەۋجۇت. ئۇلار ھاياتلىقنى ساقلاپ قېلىشقا نىسبەتەن كەم بولسا بولمايدىغان رول ئوينايدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق تەڭشەش سىستېمىسى بىرلا ۋاقىتتا « كەشىپ » قىلىنغان بولسا، كىشىلەر ھاياتنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كەڭ كائىناتتا كىشىلەر ئاساسەن دېگۈدەك « ئوڭ قايتۇرۇش » ئايلىنىشىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايدۇ، ياكى كۆپ بولغاندا ئاشۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە غايىب بولىدىغان ئىشلاردىن، مەسىلەن، قارنىڭ كۆچىشى ياكى ئوت ئۇچقۇنلىرىدىن ئۇنىڭ ئىزىنى ئاندىن تاپالايدۇ. بۇ نۇقتا كىشىگە ئىختىيارسىز ھالدا ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى تۇرمۇشتا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك ھالىتىدىكى ھەرىكەتلەرنى ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭ زىيىنىنى شېللىرنىڭ «قوگخۇراق » تىياتىرىدىكى ئوتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى توغرىسىدا ئېيتىلغان بىر جۈملە سەھنە سۆزىگە ئوخشاتساق بولىدۇ : « ئۇنى مەيلىگە قويۇۋېتىڭلار، ئۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ! »

تەڭشەش سىستېمىسىدىكى « تەتۈر قايتۇرۇش » ھەر بىر شۆبە سىستېمىسىنىڭ رولىنى بىر توغرا دائىرىگە مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلتۈردى. ئاجىز فۇنكسىيىسىنىڭ ئىلگىرىلىشى ياكى فۇنكسىيىسىنىڭ ئاجىزلىشىشى ناھايىتى ئاسانلا مۇۋازىنەتكە ئايلاندى. مەلۇم ئەزانىڭ فۇنكسىيىسىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولغان چاغدىلا ئىچكى مۇھىت ھالىتىنىڭ مۇۋازىنىتىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ ؛ ياكى ئاپتوماتىك تىزگىنلەش مېخانىزمىنىڭ ئۆزىدە مەسىلە چىققان چاغدىلا ئاندىن پۈتكۈل سىستېمىدا خەۋپ ـ خەتەر كېلىپ چىقىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى خىل ئەھۋال توغرىسىدا بىز يەنە ئەمەلىي مىساللارنى كەلتۈرۈپ چۈشەنچە بېرىمىز.

ئىزاھات :

1. ئىتىمچىلىك ( بېخىئورىزم )

( 1 ) ئىنسانلارنىڭ ئىتىم ( قىلىق، ھەرىكەت ) قانۇنىيە

ئىنى تەتقىق قىلىدىغان ۋە ئۇنى تەتبىق قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال
بىر پەن . ئۇنىڭ نۇقتىينەزەرلىرى ۋە ئىشتىمچىلىك ( بېخىئورىزم )
پسىخولوگىيىسى ئاساسەن بىردەك . ئۇ ئاساسلىقى پسىخولوگىيە ،
جەمئىيەتشۇناسلىق ، جەمئىيەت پسىخولوگىيىسى ، بىئولوگىيە ،
ئىجتىمائىي بىئولوگىيە ، ئىنسانشۇناسلىق ، شۇنداقلا تېببىي ئى-
لىم ، مائارىپ ۋە سودا - سانائەتتىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئىشتىم
( قىلىق ، ھەرىكەت ) كە ئائىت ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

ئىشتىمچىلىك ( بېخىئورىزم ) تەتقىقاتى ئاساس ۋە تەد-
بىقلاشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تەرەپكە بۆلۈنىدۇ . ئالدىنقىسى
ئىنسانلارنىڭ ئىشتىم ( قىلىق ، ھەرىكەت ) كە ئائىت پاكىتلارنى
تەھلىل قىلىش ، نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ، دەلىللەش
ھەمدە ئىشتىم ( ھەرىكەت ) قانۇنىيىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ . كېيىنكىسى ئېرىشكەن نەتىجىلەرنى مائارىپ ،
داۋالاش ، سودا - سانائەت ، كادىرلار ئىشلىرى ، شۇنداقلا دۆ-
لەت بىلەن خەلقئارادىكى مەسىلىلەرگە تەتبىق قىلىدۇ . ئىشتىمچى-
لىك ( بېخىئورىزم ) نىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى باشقا پەنلەرگە
ئوخشاش تەجرىبە قىلىش ، كۆزىتىش ، يەككە دېلو ، ئىستاتىس-
تىكا تەھلىلى ، شۇنداقلا مودېل ئورنىتىش ۋە نەزەرىيە قاتار-
لىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇنىڭ ساھەسى بىلەن ئۇسۇل دا-
ئىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولىدۇ . مەسىلەن ، بىر قۇتۇپتىن پسىخو-
لوگلار بىئو - خىمىيە ۋە ئىشتىم ( قىلىق ، ھەرىكەت ) تېخنىكى-
سىنى تەتبىق قىلىپ ، ئىشتىم ( قىلىق ، ھەرىكەت ) نىڭ مېڭە
مېخانىزمىنى تەتقىق قىلسا ، يەنە بىر قۇتۇپتىن جەمئىيەتشۇناسلار
بىلەن ئىنسانشۇناسلار تۈزۈم بىلەن مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىدۇ .

ئىشتىمچىلىك ( بېخىئورىزم ) ئامېرىكىنىڭ ئىلىم ساھەسىدە
تەرەققىي تاپقان مەھسۇلات ، ئۇ ھەرىكەت مەسىلىسىنى ھەل قى-
لىش جەريانىدا ئالاقىدار ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش بىلەن
ھەمكارلىشىشنىڭ ئېھتىياجىدىن پەيدا بولغان . 30 - يىللاردا ئا-
مېرىكىدا بەزىلەر مۇشۇ خىزمەتنى قانات يايدۇرغانىدى . يەنە بە-
زىلەر ئىشتىم ( قىلىق ، ھەرىكەت ) پەنىنى تەسىس قىلىش تە-
سەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقانىدى . لېكىن پىششىپ يېتىلگەن
بىر ئىشتىمچىلىك ( بېخىئورزىم ) 40 - يىللارنىڭ ئاخىرى بارلىققا
كېلىشكە باشلىدى ۋە 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا كەڭ تارقال-
دى .

( 2 ) ئۇ پسىخولوگىيە ئىلمىنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى ھې-
سابلىنىدۇ . ئامېرىكىلىق هولمان يازغان چوڭ تېپتىكى « ئىشتىم-
چىلىك ( بېخىئورىزم ) لۇغىتى » نىڭ مەزمۇنى بارلىق پسىخو-
لوگىيە ساھەسى ۋە قوللىنىشچان پسىخولوگىيە ئىلمىنىڭ بارلىق
تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . يېڭى ئىشتىمچىلىك ( بېخىئو-
رىزم ) تەرەپدارى سېكىنا ئۆز ئەسىرىدە « ئىشتىمچىلىك ( بېخى-
ئورىزم ) » دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا « پسىخولوگىيە » دېگەن
ئاتالغۇنى قوللانغانىدى . ئۇ سىياسىي ، دىن ، ئىقتىساد ، مائا-
رىپ ، پسىخولوگىيىلىك داۋالاش ، ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلەش ،
شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئىشتىم ( قىلىق ، ھەرىكەت ) لەرگە نىسبەتەن
مەشغۇلات ، تەھلىل ئېلىپ بارىدىغان تىزگىنلەش ۋە ئىزاھاتنى
كۆرسىتىدۇ .

2 . تۈرلەر سىستېمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى

ھايۋاناتلار پسىخولوگىيىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئىن-
سانلار پسىخولوگىيىسى ( ئاڭ ) نىڭ كېلىش مەنبەسىنى كۆرسە-
تىدۇ . بارلىق ماددىلارنىڭ ھەممىسى خاسلىقنى ئەكس ئەتتۈرە-
دۇ . جانلىق ماددىلارنىڭ بىئولوگىيىلىك ئىنكاس شەكلى ، مە-
سىلەن ، ئۆسۈملۈك ۋە تاق ھۈجەيرىلىك ھايۋاناتلارنىڭ سې-
زىشچانلىقى ، پسىخولوگىيە دېيىپ ئاتالمايدۇ . پەقەت ئۇ پسىخولو-
گىيىلىك ھادىسىلەردىن پەيدا بولغان بىۋاسىتە ئالدىنقى شەرتتىن
ئىبارەت . ھايۋاناتلارنىڭ پسىخولوگىيىسى پسىخولوگىيىلىك ئىن-
كاسنىڭ ئەڭ تۆۋەن شەكلى يەنى سېزىشچانلىق بولۇپ ھېسابلى-
نىدۇ . سېزىشچانلىق ھايۋاناتلارنىڭ ئورگانىزمىغا نىسبەتەن
بىۋاسىتە بىئولوگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تاشقى دۇنيانىڭ
غىدىقلىنىشىدىن كېلىپ چىققان ئىنكاسى بولۇپلا قالماستىن ،
بەلكى ھايۋاناتلارنىڭ ئورگانىزمىغا نىسبەتەن بىۋاسىتە بىئولوگى-
يىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولمىغان سىگنال غىدىقلىنىشىدىنمۇ ئىن-
كاس پەيدا بولىدۇ . سېزىشچانلىقى ئۇزاق مۇددەت تەرەققىي قىل-
غان ئاساستا تۇيغۇ پەيدا بولغان ، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن
ھايۋانلارنىڭ نېرۋا سىستېمىسىنى ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ . يەككە
ھۈجەيرىلىك ھايۋانلار تەرەققىي قىلىپ كۆپ ھۈجەيرىلىك
ھايۋاناتلارغا ئايلانغاندا دەسلەپتە نېرۋا سىستېمىسى بارلىققا كې-
لىشكە باشلايدۇ . كاۋاك ئەشلىك ھايۋانلارنىڭ تورسىمان نېرۋا
سىستېمىسى تەرەققىي قىلىپ ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ شوتىسى-
مان نېرۋا سىستېمىسىغا ئايلانغاندا ھەممىسنى ھېس قىلالايدىغان
ماددىي ئاساس بارلىققا كېلىدۇ . ھايۋانلار پسىخولوگىيىسى سې-
زىشنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن باشلىنىدۇ . ھايۋاناتلار بىلەن ھايۋا-
ناتلار پسىخولوگىيىسى ئۇزاق مۇددەت تەدرىجىي ئۆزگىرىپ ،
ئىنسانلار بىلەن ئادەم پسىخولوگىيىسى ، ئادەم پسىخولوگىيىسى
يەنى ئاڭ بارلىققا كەلگەنىدى . راباك ۋە دارۋىنلارنىڭ تەدرىجىي
تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ قارىشىچە ، يۇقىرى دەرىجىلىك
ھايۋانلار تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلارنى مەنبە قىلغان . ئىنسانلار

مايمۇنسىمان ئادەمنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشى ئارقىسىدا بارلىققا
كەلگەن . ئەمگەك مايمۇنسىمان ئادەمدىن ئادەمگە ئۆزگىرىش
جەريانىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل ھېسابلىنىدۇ . ئىنسانلارنىڭ بار-
لىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ ئىنسانلارنىڭ ئېڭىمۇ بارلىققا كەلگە-
نىدى . ئەمگەك بىلەن تىل ئاڭنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئاساسىي
ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ھېسابلىنىدۇ . ئادەم مېڭىسى - ماد-
دىي ئاساس ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى - ئوبيېكتىپ مەنبە . بۇ بىر
قانچە تەرەپتىكى شەرتلەر بولمىسا ھايۋانلار پسىخولوگىيىسىنىڭ
پەيدىنپەي ئۆزگىرىپ ، ئىنسانلار ئېڭىغا تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن
ئەمەس .

3 . يەككە تەننىڭ بارلىققا كېلىشى

ئۇ يەككە تەننىڭ جىنى ، يەككە تەن پسىخولوگىيىسى ۋە
ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ . يەككە تەن
جىنى ئاتىلىق ئىسپېرما ھۈجەيرىسىنىڭ ئانىلىق تۇخۇم دېۋارىغا
كىرىپ ئۇرۇقلىنىشىدىن باشلىنىدۇ . ئۇ ئىرسىيەت ۋە ئۆزگىرىش
قانۇنىيىتىنىڭ قاتتىق چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ . بىر قېتىملىق
جۈپلىشىشتە ئىسپېرما خروموسوماسى بىلەن تۇخۇم خروموسو-
ماسى بىرىكىپ بىر يەككە ئۇرۇقلانغان تۇخۇمنى ھاسىل قىلىدۇ .
ئەگەر X ئىسپېرمىسى بىلەن تۇخۇمنىڭ بىرلىشىشىدىن تۇغۇلغىنى
قىز بولسا ، y ئىسپېرمىسى بىلەن تۇخۇمنىڭ بىرلىشىشىدىن تۇ-
غۇلغىنى ئوغۇل بولىدۇ . تۇرەلمىدە پسىخولوگىيىلىك ھادىسە
بولمايدۇ . يەككە تەن پسىخولوگىيىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى باللار-
نىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ۋە تەربىيىلىنىش شارائىتىنىڭ تەسىرى
ئاستىدا نېرۋا سىستېمىسى ( بولۇپمۇ مېڭە قۇرۇلمىسى ) ۋە ئۇنىڭ
تاشقى دۇنيانىڭ غىدىقلىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش فونكسىيىسىدىن
ئايرىلمايدۇ . بوۋاقلار دەسلەپكى مەزگىلدە ئاساسەن تېرە ئاستى-
دىكى مەركىزىي نېرۋىدا ئورۇنلانغان شەرتسىز رېفلېكس ( مە-
سىلەن ، يىمەكلىك رېفلېكسى ، قوغدىنىش رېفلېكسى ، تۇتۇش
رېفلېكسى قاتارلىقلار ) ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ۋە
تاشقى شارائىتقا ماسلىشىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ . يەككە تەن پ-
سىخولوگىيىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن شەرتسىز رېفلېكس
ئاساسىدا شەكىللەنگەن شەرتلىك رېفلېكس ئۆز ئارا باغلانغان
بولىدۇ . تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا ، بوۋاقلارنىڭ
روشەن شەرتلىك رېفلېكسى باللار تۇغۇلۇپ ئىككى ھەپتە ئۆتە-
كەن ئارىلىقتا بارلىققا كېلىدۇ . يەككە تەن پسىخىكىسىنىڭ بار-
لىققا كېلىش ۋاقتى ئىلگىرى - كېيىن بولىدۇ . بەزى پسىخىك
خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋاقىت جەھەتتە ئىلگىرى
- كېيىن بولىدۇ ، بەزى پسىخىك خۇسۇسىيەتلەر ئېھتىمال
مەزگىلى ( تۇغۇلۇپ بىر ياشقىچە بولغان مەزگىل ) دە بارلىققا
كېلىدۇ . مەسىلەن ، ھېس قىلىش ، تۇيغۇ ، دىققەت ، خاتىرە ،
كەيپىيات ، ئىرادە قاتارلىقلار ؛ بەزى پسىخىك خۇسۇسىيەتلەر
گۆدەكلىك مەزگىلىدە بىخلىنىدۇ ، ( بىر ياشتىن ئۈچ ياشقىچە
بولغان مەزگىل ) مەسىلەن ، تەسەۋۋۇر قىلىش ، پەرەز قىلىش ،
ئىندىۋىدۇئاللىق ئالاھىدىلىك قاتارلىقلار . باللارنىڭ ئۆز ئېڭىنىڭ
بارلىققا كېلىشى پسىخىكىدا سۈپەت ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈ-
رىدۇ . بەزى پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە ، بىر ياشقا كىرگەن با-
للار دەسلەپتە ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ھەرىكەتنىڭ ئوب-
يېكتىنى پەرقلەندۈرۈشكە باشلايدۇ . بۇ چاغدا ئاندىن ئۇنىڭدا
ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ دەسلەپكى ئىپادىسى پەيدا بولدى دېيىشكە بو-
لىدۇ . باللارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىق ئالاھىدىلىكىنىڭ بىخلىنىشى
دەسلەپكى قەدەمدىكى ئەخلاق ھۆكۈمى ۋە ئەخلاق ھەرىكىتىنىڭ
بارلىققا كېلىشى ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن ئۆز ئارا
ماسلاشقان بولىدۇ .

4 . گېننىڭ ئىرسىيەتلىك ئۆزگىرىشى

ئۇ تۇچكىلىق ئىرسىيەتلىك ئۆزگىرىش
( point . mutation ) دېيىمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇ ئادەتتىكى ھۈجەي-
رە شۇناسلىق ئۇسۇلى بويىچە كۆزەتكىلى بولمايدىغان گېن قۇ-
رۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ . ( مەسىلەن ، DNA مو-
لېكۇلىلىرىدىكى بىر قىسىم ئىشقار ئاساسىنىڭ يەنە بىر قىسىم ئىش-
قار ئاساسى تەرىپىدىن ئىگىلىنىشى قاتارلىق ئەھۋاللار ) . ئىرسى-
يەتلىك ئۆزگىرىشى ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولىدۇ ياكى سۈنئىي
ئۇسۇل ئارقىلىق پەيدا قىلىشقىمۇ بولىدۇ . ( مەسىلەن ، نۇر چې-
چىش ، يۇقىرى ھارارەت ، بەزى خىمىيىلىك ماددا قاتارلىق ئا-
مىللار ) گېننىڭ ئىرسىيەتلىك ئۆزگىرىشى ئورگانىزمىدا ئىنزىم
ئاقسىلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن ، ئۇ ئورگانىزمدا
فىزىئولوگىيە ۋە ھەرىكەت جەھەتتە ئۆزگىرىشنى پەيدا قىلىدۇ .
بەزىلەر بىئولوگىيىلىك تەدرىجىي تەرەققىيات ۋە ھەرىكەتنىڭ
تەرەققىياتى جەريانىدا ئىرسىيەتلىك ئۆزگىرىشى مۇھىم رول ئوي-
نايدۇ دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى .

5 . ماسلىشىش

ئورگانىزمنىڭ مۇھىتقا بويسۇنۇش ، ماسلىشىش جەريانى
ئورگانىزمنىڭ مۇھىت ئامىلىنى سېزىشى ۋە مۇھىتنىڭ ئورگانى-
زمغا پايدىسىز تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن ئازىيىدۇ . مەسىلەن ،
« قاكىسىق بېلىقنىڭ پۇرىقى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندە ئادەمگە بى-
لىنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ » . مانا بۇ پۇراش سېزىمىنىڭ ماس-
لىشىش ھادىسىسى بولىدۇ . ماسلىشىش ۋاقىتلىق ھادىسىمۇ بو-

لىدۇ ، ئۇزاق مۇددەتلىكمۇ بولىدۇ . ئۇزاق مۇددەتلىك ماسلىشىش كۆپىنچە ئورگانىزمنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەر ۋە توقۇلمىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىمۇ پەيدا قىلىدۇ . بۇ خىل ماسلىشىش ئالاھىدە مۇھىت تىببىي ئىلمىدا كۆنۈش دەپمۇ ئاتىلىدۇ . كۆنۈش دېگەن ئۇقۇم پسىخولوگىيىدە ئوخشاشلا باب كېلىدۇ .

6 . مەقسەت نەزەرىيىسى

① بىر خىل پسىخولوگىيە نەزەرىيىسى . ئۇ رىغبەتلەندۈرۈش شەرتى بىلەن ئۆز ئارا رول ئوينايدىغان مەقسەتنى ئىنتىمنىڭ (هەرىكەت ) ھەل قىلغۇچ ئاملى قىلىدۇ .

② ئامېرىكىنىڭ يېڭى بىخىۋىرىزم پسىخولوگى تولمان ئوتتۇرىغا قويغان مەقسەت بىخىۋىرىزم نەزەرىيىسى . ئۇ ئورگانىزمنىڭ ئاكتىۋال مەقسەتلىك ھەرىكىتى ھەل قىلغۇچ بولىدۇ ، ئۇ ھەرىكەت نەتىجىسىنى ئالدىن كۆرۈشكە ئېلىپ بارىدۇ دەپ قارايدۇ .

7 . ئىنتىم ( ھەرىكەت ) ئەندىزىسى

سېلىشتۇرما پسىخولوگىيە ۋە خۇسۇسىيەت ئىلمى ئاتالغۇسى . ئوخشىشىپ كېتىدىغان ياكى ئوخشاش شارائىتتا ، ئوخشاش بىر خىل ھايۋاناتلارنىڭ كۆپىنچە ئەزالىرىدا ئىپادىلەنگەن ئىنتىم ( ھەرىكەت ) ئەندىزىسى ، بۇ خىل ئىنتىم ( ھەرىكەت ) ئەندىزىسى مۇرەككەپ ۋە ئۆلۈك بولىدۇ . ھايۋانلاردا كېيىن يېتىلگەن بولمايدۇ . بەزى چاغلاردا ئۆگىنىشكە بولىدىغان ئالدىن مىساللىرىمۇ بولمايدۇ . شۇڭا ، بۇنداق ئىنتىم ( ھەرىكەت ) ئەندىزىسىگە : تۇغما بولىدۇ ، تۇغما قابىلىيەت خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ ، دەپ قارالماقتا .

8 . سىستېما

ئورتاق نىشان ۋە دائىم ئۆز ئارا رول ئوينايدىغان ياكى ئۆز ئارا تەقەززا قىلىدىغان بىر قانچە بىرلىكلەردىن تەركىب تاپقان بىر ئورگانىك پۈتۈن گەۋدىنى كۆرسىتىدۇ . سىستېما ئىچىدىكى ھەر قايسى بىرلىكلەر ھەم ئوخشاش مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ھەم ئوخشاش بولمىغان فۇنكسىيە بىلەن ئىش تەقسىماتىغا ئىگە بولىدۇ ؛ ئۇلار ئومۇمىي نىشاندىكى مەلۇم بىر قىسمىنى ئايرىم ـ ئايرىم ئورۇندايدۇ ھەم ئومۇمىي نىشانىنىڭ ئورتاق ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ ؛ شۇڭا ، ھەم ئۆز ئارا پەرقلىنىدۇ ھەم قويۇق ئىچكى باغلىنىشقىمۇ ئىگە بولىدۇ ؛ ھەم بىر ـ بىرىدىن مۇستەقىل تۇرىدۇ ھەم بىر ـ بىرىگە بېقىنىدۇ . شۇنداق قىلىپ بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن گەۋدىنى شەكىللەندۈرىدۇ . سىستېما ئۆز ئىچىگە ئالغان دائىرە چوڭ بولۇشىمۇ ، كىچىك بولۇشىمۇ مۇمكىن . چوڭ بولغاندا پۈتكۈل ئالەمنى ، كىچىك بولغاندا بىر مولېكۇلا قۇرۇلمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ھەم جانسىز سىستېما بولىدۇ ، ياكى جانلىق سىستېما بولىشىمۇ بولىدۇ . يەنە جانلىق ، جانسىزلار ئۆز ئارا بىرلەشكەن سىستېما بولۇشىمۇ بولىدۇ ، مەسىلەن ، ئادەمنىڭ ئورگانىزم سىستېمىسى ، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە پۈتكۈل جەمئىيەت بىر سىستېما ، بىر دۆلەتمۇ بىر سىستېما بولىدۇ .

9 . تۈرتكىلىك كۈچ

ئىچكى قىسىم ياكى تاشقى قىسىمنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشىدىن پەيدا بولغان ھەمدە مەلۇم نىشانغا يېتەكلىيەلەيدىغان ئورگانىك ئىچكى ھالەتنى كۆرسىتىدۇ . نىشانغا يېتىش جەريانىدا ئىچكى تۈرتكىلىك كۈچ پەيدىنپەي ئاجىزلىشىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نىشانغا يېتەكلەيدىغان ھەرىكەت ئۈزلۈكسىز كۈچىيىدۇ . يېمەكلىكنى مىسال قىلساق ئاچارچىلىق بىر خىل ئىچكى تۈرتكىلىك كۈچ بولۇپ ، ئۇ ئوزۇقلۇق ئىزدەش ھەرىكىتىنى پەيدا قىلىدۇ ، ئوزۇقلۇقىا ئېرىشىش ئىچكى تۈرتكىلىك كۈچنى ئاجىزلىتىدۇ . خوللى گ . ل ( Hull . G . L ) مۇنداق دەپ قارايدۇ : ئىچكى تۈرتكىلىك كۈچ ئەسلىدىكى ئىچكى تۈرتكىلىك كۈچ ۋە داۋاملىشىدىغان ئىچكى تۈرتكىلىك كۈچتىن ئىبارەت ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ . ئەسلىدىكى ئىچكى تۈرتكىلىك كۈچ فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج ھالىتىگە ئەگەشكەن بولىدۇ ، ھەمدە ئورگانىزمنىڭ ھاياتلىقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىچكى تۈرتكىلىك كۈچ بولۇپ ، ئۇ بۇرۇنقى ئوتتۇرا ھال تەبىئەتلىك رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن ئەسلىدىكى ئىچكى تۈرتكىلىك كۈچ پەيدا قىلغان ئىنكاستىن ئىبارەت . داۋاملىشىۋاتقان ئىچكى تۈرتكىلىك كۈچ ئەسلىدىكى ئىچكى تۈرتكىلىك كۈچتىن تەرەققىي قىلغان بولىدۇ .

10 . تۇغما قابىلىيەت

ئىرسىيەتتىن كەلگەن ، ئۆگەنمىسىمۇ بار بولغان قابىلىيەت . ئۇ نېرۋا سىستېمىسىغا ئىگە بارلىق ھايۋانلارغا نىسبەتەن ئورتاق بولىدۇ . ئۇ ، تۇرمۇش شارائىتىغا ئىرقىي جەھەتتىن ماسلىشىش جەريانىدا پەيدىنپەي شەكىللەنگەن ۋە مۇستەھكەملەنگەن شەرتسىز رېفلېكس بولۇپ ، يەككىلىكنىڭ مۇھىتىغا ماسلىشىشىدىكى بىر خىل ئىپتىدائىي شەكىل ھېسابلىنىدۇ . ئاساسلىق تۇغما قابىلىيەت ــ يېمەك ـ ئىچمەك تۇغما قابىلىيىتى ، قوغدىنىش تۇغما قابىلىيىتى ، جىنسىي تۇغما قابىلىيىتى ، بېقىش تۇغما قابىلىيىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

11 . بىۋاسىتە تۇيغۇ

بىۋاسىتە تۈيغۇ ماكان ، زامان تۈيغۇسى بىلەن بىرىككەن
مەخسۇس ۋە تېز بولىدىغان تەپەككۇرنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ بىۋا-
سىتىلىك ، ئاقىلانىلىك ، تېز سۈرئەتلىك ۋە بىۋاسىتە تۈيغۇ نە-
تىجىلىرىنىڭ توغرىلىقىغا بولغان قەتئىي ئىشەنچ قاتارلىق خۇ-
سۇسىيەتلەرگە ئىگە . ئادەتتىكى ئىپادىلىرى : ھېس قىلىنغان شەي-
ئىلەرگە نىسبەتەن ھەش ـ پەش دېگۈچە بىۋاسىتە قارار چىقى-
رىدۇ ۋە باھا بېرىدۇ . ۋەزىيەتنىڭ بىۋاسىتە ھەل بولۇشىنى ئىشقا
ئاشۇرىدۇ ، شۇنداقلا بەزىدە يازغۇچىلار ، سەنئەتكارلار مەلۇم
خىل بەدىئىي ئوبرازنى ياراتماقچى بولغان چاغدا ئۆز ئىرادىسىگە
خىلاپ ھالدا يەنە بىر خىل ئوبرازغا ئىگە بولغاندەك ئىپادە بې-
رىدۇ ، ۋەھاكازالار .

12 . بەدەندىكى مۇۋازىنەت

كاننون ( WB. Cannon ) 1926 ـ يىلى بەرپا قىلغان
چۈشەنچە ، ئۇنىڭ قارىشىچە ، ئورگانىزمدىكى تۈرلۈك فىزىئولو-
گىيىلىك سىستېمىلار مەلۇم خىل مۇۋاپىق مۇۋازىنەت سەۋىيىسىنى
دائىم ساقلايدۇ . بۇلار مۇۋازىنەت ھالىتىدىن چەتلىگەن چاغدا
ئورگانىزمدا فىزىئولوگىيىلىك ۋە ھەرىكەتلىك رېفلېكس بارلىققا
كېلىدۇ . چەتلەش ھالىتى ئاستىلىغان چاغدا ئورگانىزم مۇۋازى-
نەتنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ . ئۆزىنى ـ ئۆزى تەڭشەش مېخا-
نىزمى ئارقىلىق بەدەننىڭ مۇقىم ھالىتىنى ساقلايدىغان بۇ جەريان
بەدەن مۇۋازىنىتى دەپ ئاتىلىدۇ .

13 . تەڭشەش

پىياجى بىئولوگىيە ، فىزىكا ۋە كونترول نەزەرىيىسىدە
تەڭشەش بىلەن ئاپتوماتىك تەڭشەش دېيىدىغان بۇ ئۇقۇمنى
ئىشلەتتى . بۇ ئارقىلىق ئورگانىزمنىڭ يېتىلىش جەريانىدا مۇھىتقا
ماسلىشىش جەريانىنى چۈشەندۈردى ، ئۇنىڭ قارىشىچە ، سوب-
يېكتنىڭ مۇھىتقا ماسلىشىش ئوبيېكت بىلەن سۇبيېكتنىڭ ئۆز
ئارا رول ئۆيىنىشى ، شۇنداقلا سۇبيېكتنىڭ ئاپتوماتىك تەڭشە-
لىشى ياكى ئۆز ـ ئۆزىنى تەڭشىشى ( سۇبيېكتنىڭ ئۆزلۈكسىز
ئىچكى تەڭشىشى ) ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ . بۇ جەريان ئاك-
تىپ ۋە تەشەببۇسكار بولىدۇ . پاسسىپ بولمايدۇ ، شۇنداقلا
ئىزچىل ھالدا ئۆزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ . ئاپتوماتىك تەڭشەش ئار-
قىلىق سۇبيېكتنىڭ تونۇشى پەيدىنپەي مۇۋازىنەتسىز ھالەتتىن
مۇۋازىنەت ھالىتىگە ئۆتىدۇ . سۇبيېكتنىڭ ئۆزىدىكى بىلىش
قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ . سۇبيېكتنىڭ تەڭشىشى مەنتە-
قىلىق چىنلىق نەزەرىيىچىلىرى ئېيتقان نوقۇل « تىل » رولىنى
ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن ، بەلكى ئېھتىمۇ مۇھىم بولغىنى ،
ھېسابلاشتىكى تەڭشەش ، يەنى ماتېماتىكىلىق لوگىكا ( يەككە-
لىك لوگىكىسى ) نىڭ تەڭشىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ نۇقتا
دەل پىياجېنىڭ ئالدىنقىلارغا ئوخشىمايدىغان جايىنى ھې-
سابلىنىدۇ .

14 . تەتۈر باغلىنىش

ئاپتوماتىك تەڭشەش جەريانىدا تىزگىنلەنگەن قىسمىنىڭ
تىزگىنلەش مەركىزىگە ئەۋەتكەن ئۇچۇرى تەتۈر باغلىنىشلىق
ئۇچۇر دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ خىل باغلىنىش تەتۈر باغلىنىش دېيىمۇ
ئاتىلىدۇ . ئادەملەر بىلەن ھايۋانلارنىڭ بەدىنىدىكى ئىختىيارسىز
ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە تۈرلۈك قوبۇل قىلغۇچ بولىدۇ . مەسى-
لەن ، ئىسكىلىت موسكۇلىدا ئىسكىلىت ئورچۇغى ئارقىلىق موس-
كۇللارنىڭ جىددىيلىك كۈچ ئۆزگىرىشىنى قوبۇل قىلىدۇ . بار-
لىققا كەلگەن نېرۋا ھەرىكىتى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ
ئالاقىدار ئورۇنلىرىغا يەتكۈزۈلىدۇ ، بۇنىڭ بىلەن موسكۇللارنىڭ
ھەرىكىتى ئېھتىمۇ توغرا ، ئۈنۈملۈك ھالدا تىزگىنلىنىدۇ . تەتۈر
باغلىنىش مۇسبەت تەتۈر باغلىنىش ۋە مەنپىي تەتۈر باغلىنىشتىن
ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ . تەتۈر باغلىنىش ئۇچۇرلىرىنىڭ
ئۈنۈمى تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەيدۇ . ئۇ
مەنپىي تەتۈر باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ ؛ تەتۈر باغلىنىش ئۇچۇر-
لىرىنىڭ ئۈنۈمى تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ پائالىيەتلىرىنى كۈ-
چەيتىدۇ ، شۇڭا ئۇ مۇسبەت تەتۈر باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ .
ئادەملەرنىڭ ئورگانىزمدا مۇسبەت تەتۈر باغلىنىشى كۆپ
مىقداردا بولىدۇ . مۇسبەت تەتۈر باغلىنىش ئورگانىزمدىكى مەلۇم
ئىستىخىيىلىك پائالىيەتلەرنى مۇئەييەن سەۋىيىدە ساقلاپ
قالالايدۇ ، نىسبىي مۇقىم ھالەتنىمۇ ساقلايدۇ . مەسىلەن ، تۆۋەن
دۆڭ مېڭە ئۇچۇر تارقىتىپ ، ھىپوفىز ئارقىلىق جىنسىي بەزلەرنىڭ
جىنسىي ھورمون ئاجرىتىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ، قاندىكى
جىنسىي ھورمون سەۋىيىسى كۆپىيىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئۆز نۆۋى-
تىدە تۆۋەن دۆڭ مېڭە ۋە ھىپوفىزنىڭ ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى تار-
قىتىشى تىزگىنلىنىدۇ . بۇ ئارقىلىق ئورگانىزمدىكى جىنسىي
گورمونلارنىڭ نىسبىي مۇقىم سەۋىيىسى ساقلىنىدۇ . مۇسبەت
تەتۈر باغلىنىش ئاساسەن مەلۇم ھالەتكە تېز يېتىش جەريانىدا
كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن ، قاننىڭ ئۇيۇشۇشى قاتارلىقلار .

ئابدۇكېرىم رىشىت ، ئابلىز مۇسا تەرجىمىسى

# تەرجىمىدىكى ئىجادىلىق ۋە مىخانىكىلىق توغرىسىدا

تاھىر مۇھەممەت

تەرجىمە ساھەسىدىكى پىشۋالىرىمىز ۋە مۇتەخەسسىسلىرىمىز تەرجىمە نەزەرىيىسى ، تەرجىمە پرىنسىپلىرى ، تەرجىمە ئۆلچىمى ، تەرجىمە ماھارىتى ، ئۇسلۇبى ۋە قائىدىسى جەھەتلەردە نۇرغۇن قىممەتلىك ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى . شۈبھىسىزكى ، ھازىر ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تەرجىمىنىڭ سۈپىتىنى ، سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە قارىتا يۇقىرى تەلەپلەرنى قويماقتا . بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك ؟

تەرجىمە نەزەرىيىچىلىرى ئېيتقاندەك ، تەرجىمە بىر پەن ، ئۇنىڭ پەن بولغاندا قانداق پەن ئىكەنلىكى توغرۇلۇقمۇ كۆپ ماقالىلەردە سۆزلەندى . ئۇنىڭ ئۆلچىمىنى چەت ئەللەردىكى مەشھۇر تەرجىمەشۇناسلار تۈرلۈك شەرھلىگەن بولسىمۇ ، بۇ بايانلار مۇنازىرىدىن مۇستەسنا بولمىسىمۇ ، ھازىرچە مەشھۇر تەرجىمە ئەمەلىيەتچىسى ھەم نەزەرىيىچىسى يەن فۇ ئوتتۇرىغا قويغان « دۇرۇس بولۇش ، ئوقۇملۇق بولۇش ، پاساھەتلىك بولۇش » دېگەن ئۆلچەم بىر قەدەر كۆپ قوبۇل قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ . نەتىجىدە مۇشۇ ئۆلچەمگە يېتىش ئۈچۈن مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىردەكلىكىنى ساقلاش ئاساسىدا ، ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى يەنە بىر تىلغا تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ، تۈرلۈك ئۇسلۇب ۋە ۋاستىلەرنى قوللىنىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلاپ كېلىۋاتىدۇ . مەن بۇ ماقالەمدە پىشۋالىرىمىزدىن ۋە تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە ئۆگىنىۋالغانلىرىمغا ئاساسەن ، تەرجىمە تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ئۈچۈن ئازراق پايدىسى تېگەر دېگەن مەخسەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان ئىسىم ( 王 ) نىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا يۈزەكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچى .

« 王 » سۆزىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى توغرىسىدا :

خەنزۇ تىلى ئۇكيانۇسىدا « 王 » سۆزىگە مۇنداق تەبىر بېرىلگەن ( 1 ) بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى : مەسىلەن : 国王 ، 君王. ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران . كېيىن « 王 » ) سۆزى دۆلەتنىمۇ كۆرسىتىدىغان بولغان بولۇپ « 王 » دەپ ئاتالغان . (2) فېئوداللىق دەۋرىدىكى ئەڭ ئالىي ئەمەل ( مەرتىۋە ) . م :

国公, 国王 دېگەندەك .

( 2 ) نەسەب جەھەتتىن چوڭ ياكى بىر چوڭ جەمەتتىكى نىدا ھۆرمەتتە چوڭ ، بۈيۈك ، بۇزرۇكۋار ، ئۇلۇغ كىشىنى كۆرسىتىدۇ . م : 王父 بۈيۈك دادا ( خان دادا ئەمەس ) ، ئۇلۇغ ئاتا . « 王 » سۆزى مۇستەقىل ياكى باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ بىرىكمە سۆز ياكى ئىككى بوغۇملۇقتىن يۇقىرى سۆز بىرىكمىسى بولۇپ كېلىپ يۇقىرىقىدەك مەنىلەرنى ئىپادىلىگەندە ، ئۇيغۇر تىلىغا كونكرېت مەنىسىنىڭ دەۋر تۈسى ، مىللىي تۈسى نەزەرگە ئېلىنغان ئاساستا ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئادىتىگە ئاساسەن ئومۇمەن پادىشاھ ، شاھ ، خان ، ئىمپېراتور ، كورول ، ئىلچى دېگەن سۆزلەر بىلەن تەرجىمە قىلىنىپ كەلدى ۋە شۇنداق تەرجىمە قىلىنىدۇ .

ئالايلۇق :

王汗 پادىشاھ ، قاغان ، شاھ

帝王 شاھ ، پادىشاھ

王都 ئوردا كەنت

父王 خان دادا ، ئۇلۇغ ئاتا

天王 تەڭرىقۇت

大王 بۈيۈك خان ، ئىلچى

王公 شاھزادە - بەگلەر ، كىنەز

书王列 شاھنامە

王法 پادىشاھلىق ( خانلىق ) قانۇنى

پادىشاھ ( پادىشاھلىق ) نىڭ ئىگىدارلىقىغا ئېلىش ئۈتكۈزۈۋېلىش سىياسىتى ) 王有政策

王子 شاھزادە

王国 پادىشاھلىق

王后 خانىش

女王 ئايال پادىشاھ ، كورۇلىۋا

王田 خان زېمىنى

« 王 » سۆزى بىلەن بىرىككەن بەزى سۆز بىرىكمىلىرى كونكرېت تىل شارائىتىدا باشقىچە لىكسىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەپ كەلگەندە ، ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى ئۇدۇل كېلىدىغان سۆزلەر بىلەن تەرجىمە قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

天王星 ئۇران

海王星 نېپتۇن

王道 ھىدايەت يولى

法王 بەرھەق لاما

王土, 王水 بىلىملىك زاتلار

王霸 زومىگەر ، زومىگەرلىك

西王母 ئوماي

霸王 جۇباۋاڭ ( چوبەگلىكنىڭ بېكى )

« 王 » سۆزى بىلەن بىرىكىپ ياسالغان بەزى سۆز بىرىكمىلىرى ئاھاڭ تەرجىمىسى پرىنسىپى بويىچە تەرجىمە قىلىنىدۇ .

مەسىلەن :

哈密王 قۇمۇل ۋاڭى

王哈迪尔 ۋاڭ قادىر

龙王庙 لوڭۋاڭ بۇتخانىسى

王爷 ۋاڭ غوجام

« 王 » سۆزى بەزىدە يەنە شاھىنشاھ ، شاھانە دېمۇ

تەرجىمە قىلىندۇ . مەسىلەن 王中之王
هايۋانلار ، جۈملىدىن يىرتقۇچ هايۋانلار ۋە هاشاراتلار
توپى ئىچىدىكى هۆكۈمران ياكى ئالىي ئورۇن تۇتىدىغان ،
خۇسۇسىيىتى ، بەلگىسى ئالاھىدە بولغان ئايرىم هايۋان ياكى
هاشارات ، خەنزۇ تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە « 王 » سۆزى بىلەن
سۈپەتلىنىدۇ . مەسىلەن « 蜂王 » « 猴王 » بۇنداق جايلاردا
كەلگەن « 王 » نىمۇ ئومۇمەن « پادىشاھ » دەپ تەرجىمە قىـ
لىشقا بولىدۇ . مەسىلەن : ھەرىلەر پادىشاھى ، پادىشاھ ھەرە ،
مايمۇنلار پادىشاھى ، پادىشاھ مايمۇن ، مايمۇن پادىشاھ دېگەنـ
دەك . مەسىلەن : 山中无老虎,猴子称王
تاغدا يولۋاس بولمىسا ، مايمۇن پادىشاھ بولۇۋاپتۇ ...

ئۆسۈملۈكلەر ئىچىدىكى بەزى ئالاھىدە كاتتا ئۆسۈملۈكـ
لەر بىرىكمە سەمەرىلەرنىمۇ شۇنداق تەرجىمە قىلىدىغان ئەھۋالنى
مۇستەسنا قىلغىلى بولمايدۇ ، مەسىلەن ، شاھ گۈل 花王 دەۋر
تۈسى ، مىللىي تۈسى نەزەردىن ساقىت قىلىنغان هالدا قارا ـ
قويۇقلا « پادىشاھ » دەپ تەرجىمە قىلىدىغان بۇ خىل « پادىشاھ
هادىسىسى » هازىر خېلى ئېغىر . بۇ خىل هادىسە هۆججەتلەر
تەرجىمىسى ، گېزىت ۋە تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتلىرى ، ئېلان ، ۋىـ
ۋىسكىلاردا كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن : « 西瓜王 » دېيىلسە ، تاۋۇز
پادىشاھى » ، « 船王 » دېيىلسە پاراخوت پادىشاھى ، « 球王 »
دېيىلسە « توپ پادىشاھى » دەپ تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ . مۇنداق
مىساللارنى يەنە خېلى كۆپ كەلتۈرۈش مۇمكىن . مۇنداق تەرـ
جىملەر مەنا خاتالىقى ۋە مەنتىقىلىق خاتالىقتىن خالىي ئەمەس .
ئايلايلۇق : « 西瓜王 » ، « 船王 » ، « 球王 » سۆزلىرىدىكى
(王) سۆزى مەلۇم كونتېكىستا ئايرىم ـ ئايرىم هالدا تاۋۇز
ئۆستۈرۈش ، كېمىسازلىق ، كېمە ـ پاراخوت ترانسپورتى ، مەـ
لۇم توپ تۈرى بويىچە تەڭدىشى يوق دېگەندەك دەرىجىگە يەتـ
كەن ، تېخنىكا جەھەتتىن ئۈزۈپ چىققان ، كىشىنى هەيران
قالدۇرىدىغان ، تىللاردا داستان قىلغۇدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازانـ
غان كىشىلەرنى كۆرسىتىپ كېلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق
سۆزلەردىكى « 王 » سۆزىنى ئۇيغۇر تىلىدا شۇ خىلدىكى مەنىـ
لەرگە يېقىن كېلىدىغان سۆزلەر بىلەن تەرجىمە قىلىش لازىم .
مەسىلەن « 西瓜王 » نى ، « تاۋۇز ئۆستۈرۈش ماھىرى » ،«
ئۇستا تاۋۇزچى دېھقان » دەپ تەرجىمە قىلساق ، « 船王 »
سۆزىنى كېمىسازلىق ساھەسىدە داڭق چىقارغانلىقىنى بىلدۈرۈپ
كەلگەن « دۆكار كېمىساز » ، « دۆكار ( داڭدار ) پاراخوت
ترانسپورتچى دەپ ، « 球王 » سۆزىنى « داڭدار ( داڭلىق )
توپچى ، ماھىر ( ماھارەتلىك ) توپچى ، مەشھۇر توپچى دەپ
تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

شۇنداقلا « 足球王 » نىمۇ « مەشھۇر پۇتبولچى » دەپ
تەرجىمە قىلىش كۇپايە قىلىدۇ . چۈنكى بۇ سۆزدىكى « 王 »
سۆزىمۇ ئوخشاشلا مەشھۇر ، داڭلىق ، ماھارەتلىك ، نادىر دېگەن
مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . بۇنىڭدىكى « 大 » سۆزى « 足球 »
دېگەن ئىككى بوغۇملۇق سۆزگە « 王 » سۆزىنى ماسلاشتۇرۇش
ئۈچۈن قوشۇلغان ، خالاس . شۇڭا ، بۇ سۆز هېچقانداق دەرىجە
ئاشۇرۇش رولىغا ئىگە ئەمەس ، شۇنداق ئىكەن ، ئۇ سۆزنى
« چوڭ ، داڭلىق ، مەشھۇر ، نادىر « توپچى » دەپ يۇرۇش
هاجەتسىز .

بۇ يەردە يەنە بىر خىل ئەھۋال باركى ، « 西瓜王 »
دېگەن سۆز بەزىدە يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ، تاۋۇزنىڭ يېڭى ،
ئېسىل سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ماھىر ياكى تاۋۇزنى كۆپ تېـ
رىپ ، كۆپ كىرىم قىلىپ بېيىغان دېھقاننى كۆرسەتسە ، بەزىدە
ئۆستۈرۈلگەن تاۋۇز سەمەرىلىرى ، مېۋىلىرى ئىچىدىكى ئۆزى ناـ
هايىتى چوڭ ، ئېغىرلىقى ئادەتتىكى خاتىرە ( رېكورت ) تىن
ئېشىپ چۈشىدىغان مەلۇم بىر تاۋۇزنىمۇ « 西瓜王 » دېيىلىشى
مۇمكىن . بۇنداق جايدا « پادىشاھ تاۋۇز » دەپ تەرجىمە قىلىش
مۇمكىنچىلىكى بار . « 船王 » نى ئالساقمۇ شۇنداق . يەنى بۇ
سۆز گايىدا ، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ، مۇشۇ ساھەدە مۇۋەپپەقىيەت
قازىنىپ تونۇلغان كىشىنى بىلدۈرسە ، بەزىدە ئېغىرلىق كۆتۈـ
رۈش ئىقتىدارى ، ئىلغار ، زامانىۋى تېخنىكىلارنىڭ تەتبىق قىلىـ
نىشى ، زامانىۋى جابدۇقلار ، جابدۇقلىنىش ، يۈرۈش مۇساپىسىـ
نىڭ ئۇزۇنلۇقى قاتارلىق جەھەتتىن تەڭدىشى يوق دېيەرلىك
دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسە « پاراخوتلارنىڭ پادىشاھى »
دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ .

ئەگەر بۇ سۆزلەرنىڭ كونتېكىستتىكى كونكرېت مەنىلىـ
رىنى توغرا چۈشەنمەي ، كونكرېت ئادەتلەرنى كۆرسىتىپ كەلـ
گەن چاغلىرىدىكى مەنىلىرىنى « پادىشاھ » دەپ تەرجىمە قىلىش
مەنا خاتالىقىغا ئېلىپ بارىدۇ . مەسىلەن : « 西瓜王 » دېگەن
سۆز دېھقاننى كۆرسىتىۋاتقاندا ، « تاۋۇز پادىشاھى » دەپ تەرـ
جىمە قىلساق ، ئۇيغۇرچىدا تاۋۇز تېرىغان ماھىر دېھقاننى كۆرـ
سەتمەي ، بەلكى باشقىچە بىر مانا بېرىدۇ . « 船王 » سۆزى
ئادەمنى كۆرسىتىۋاتقاندا « پاراخوت پادىشاھى » دېسەكمۇ
شۇنداق . « 球王 » نى ، « توپ پادىشاھى » ، دېسەك تېخىمۇ
شۇنداق ، چۈنكى بۇنداق جايدا « پادىشاھ » دەپ قوللىنىش
ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئادىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس . شۇنىڭ
ئۈچۈن بۇ خىلدىكى سۆزلەرنىڭ كونتېكىستتىكى كونكرېت مەـ
نىسىنى چوقۇم توغرا پەرقلەندۈرۈش لازىم . ئەگەر ئۇنداق قىلـ
ماي « 王 » ، « 大王 » سۆزلىرىنى كەلسە ـ كەلمەس « پاـ
دىشاھ » دەپ تەرجىمە قىلىۋەتسەك ، بەزى سەلبىي مەنىلىك
سۆزلەرنى تەرجىمە قىلىش ۋاقتىدا ناهايىتى كۈلكىلىك ئەھۋاللار
كېلىپ چىقىدۇ . مەسىلەن : « 吹牛大王 » دېگەن سۆزنى
ئۇدۇللا « پوچى پادىشاھ » دەپ تەرجىمە قىلساق ، پو ئاتىدىغان
مەلۇم بىر پادىشاھنى ، « پوچىلار پادىشاھى » دېسەك ، پو ئاتىـ
دىغانلارنىڭ پادىشاھىنى كۆرسىتىدۇكى ، هېچقاچان پو ئېتىشقا
ئۇستا ، ئاغزىدا شەھەر ئالىدىغان مەلۇم بىر كىشىنى كۆرسەتـ
مەيدۇ . شۇڭا ، بۇ سۆزنى توغرىسى « ئۇستا پوچى » ، « ئاغـ
زىدا شەھەر ئالىدىغان پوچى » ، « زەي سالماي پاختا ئاتىدىـ
غان » دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تەرجىمە قىلىش لازىم . يەنە
مەسىلەن : « 吹牛大王 » نى كالا بېقىش پادىشاھى » دەپ
تەرجىمە قىلساق ، گىراماتىكىلىق باغلىنىش جەھەتتىن خاتا بوـ
لىدۇ . گىراماتىكىلىق باغلىنىشنى كۆزدە تۇتۇپ « كالا باققۇچى
پادىشاھ » ، « كالا باققۇچىلار پادىشاھى » دەپ تەرجىمە قىلساق
قانداق نەتىجە يۈز بېرىدۇ ؟ بۇنىڭدىن مەلۇمكى « 船王 » ،
« 球王 » دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەردىكى « 西瓜王 » ،
« 羊牛大王 » سۆزىنى كونتېكىستتىكى كونكرېت مەنىسىگە
قارىماي ، « پادىشاھ » دەپلا تەرجىمە قىلىش توغرا ئەمەس .

# « ساپا مائارىپىغا ئائىت نادىر ئەسەرلەردىن تەرمە » گە

## سۆز بېشى

بىز بۇ يەردە قەلب بوستانىنىڭ ھەقىقىي مۇھەببەت ئەركىسى پەرزەنت ۋە ئۇلارنى تالانتلىق قىلىپ تەربىيلەشنى ئەڭ ئاۋۋال ئۇستىگە ئالغۇچى ئۇستاز بولمىش ئاتا - ئانىلارنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىلىرى ھەققىدە نادىر ئەسەرلەردىن نەمۇنىلەر تونۇشتۇرىمىز. بىز بىلىمىز، پەرزەنتنى بۇ دۇنيالىقنىڭ ئەتىۋار مېھمىنى ھېسابلاپ، ئۇنىڭ ئوت - پىراقىدا يۈرىكى كاۋاپ بولمايدىغان ئاتا - ئانا، ئۆزىنى مۇكەممەل ئەھيا قىلىشقا ئۆمرىنى سەرپ قىلىدىغان ئاتا - ئانىسى ئۈچۈن جانلىرىنى تەسەددۇق قىلمايدىغان پەرزەنتلەر بولمىسىمۇ، ئەمما، بۇ شېرىن مۇھەببەتنىڭ گۈل دەرىخىدىن خۇشپۇراق چېچەكلەر ئېچىلدۇرالماي ئاھ ئۇرغۇچى ئاتا - ئانا ۋە پەرزەنتلەر ئاز ئەمەس. بۇ ئاقىۋەت ئاتا - ئانا ۋە پەرزەنتلەر ئۈچۈن تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. ئادەم ۋۇجۇدىدىكى تالانت ياش تەلەپلىرى بىلەن ئۇسىدىغان قانۇنىيەت تۇپەيلى يەنە كېلىپ بۇ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە قىلىپ ئۇلگۈرگىلى بولمايدىغان ئىش. بۇنداق ئەپسۇسلىنارلىق ئىشنىڭ كېلىپ چىقىشى ئاساسلىقى جەمئىيىتىمىزدە ئاتا - ئانىلارنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىلىرىنى تونۇپ يېتىشنىڭ ئومۇملاشمىغانلىقى بىلەن ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيلەش ئۇسۇل - چارىلىرىنىڭ ئىلمىي بولمىغانلىقىدىندۇر.

ئەنە، قاراپ باقايلى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ماھارىتىنى يېتىلدۈرىدىغان پېداگوگىكا مەكتەپلىرى بار، ھەممە كەسىپلەرنىڭ ئىش ماھارىتىنى تەكشۈرىدىغان، ئۆستۈرىدىغان تۈرلۈك مەكتەپلەر بار. ئەمما، ئاتا بولۇش، ئانا بولۇشنىڭ ساپا شەرتلىرىنى ئۆگىتىدىغان، تەتقىق قىلىدىغان ئىلمىي ئەسلىھەلەر ۋە مەكتەپلەر يوق. ئاتا - ئانىلارنىڭ قولىدا باللارغا ئەدەپ - قائىدە، تۇرمۇش - جاھاندارچىلىق ئۆگىتىدىغان قوللانمىلار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تالانت بىخلىرىنى نەۋقىران ئۆستۈرۈشكە يېتەكلەيدىغان ئىلمىي كىتاب ۋە ئىلمىي مۇھاكىمىلەر ئاز. بۇ ئىش دۇنيانىڭ ئىلىم - پەن قايناملىرى ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان جايلاردا تارىخىي ئىزچىللىقنى ساقلاپ، شۇ جايلاردىكى خەلقلەرگە دۇنيادا زىلزىلە ھاسىل قىلىدىغان نۇرغۇن ئالىم، سەنئەتكارلارنى، كارامەتلىك ئۇلۇق كىشىلەرنى تەقدىم قىلدى. ئۇلارغا ئىلىم دەرگاھىدا ئىلگىرىلەپ باي - باياشاد، بەخت - سائادەتلىك ياشاشنى ئۆگەتتى. ئۇلار بۇ ئىشتىن مول ھوسۇل ئالغانلىقتىن، ھازىرقى كۈندە ئاتا - ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرغانلارنىڭ ئاتا بولۇش، ئانا بولۇش سۈپەتلىرىنى ئۆگىنىشنى، ھەتتا مائارىپ تەربىيىسىنىڭ مۇھىم كۈن تەرتىپى قىلدى. ئۇلارنىڭ مەكتەپلىرىدىلا ئەمەس، ھەتتا ئىبادەتخانىلىرىدىمۇ باللارنى تالانتلىق قىلىپ تەربىيلەپ جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش ئادەتكە ئايلانغان. بىر مۇنچە غەرب ئەللىرى ۋە تەيۋەن، شياڭگاڭلاردا ئاتا - ئانىلىق سۈپەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشنى مەخسۇس بىر مائارىپ تۈرى قىلىپ تەلىم - تەربىيىنى يولغا قويغان.

راست، مائارىپ بىر پۈتۈن ئىلىم بولسا، پەرزەنتلەرنى تەربىيلەشمۇ شۇنداق بىر ئىلىم. ئۇنى ھەر كىم ئۆگەنمەي تۇرۇپلا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئالالمايدۇ. باللارنى يېرىم ياتا ئاڭلىغانلىرى بىلەن ئۆزى بىلگەنچە تەربىيلەشنىڭ نەتىجىسى ھامىنى ياخشى بولمايدۇ. جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ساپاسى بارغانسېرى ئۆسۈپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئاددىي، قوپال، بىكىنمە تەربىيە ئۇسۇللىرى بىلەن زامانغا ئۇيغۇنلىشالايدىغان تالانتلىق بالا تەربىيلەپ چىقىش بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار داۋاملىق ئۆگىنىش كېرەك. بىزدىكى پەرزەنت تەربىيلەشنىڭ ئۈنۈملۈك بولماسلىقى، ئۈنۈمى بولدى دېگەندىمۇ ئاز ساندىكى باللارنىڭلا تالانتلىق بولۇپ چىقىپ، شۇنچە كۆپ باللارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنىڭ ياخشى ئېچىلماسلىقى ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرى تەربىيلەش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىپ ئالماي تۇرۇپ، پۈتۈن ئۈمىدىنى مەكتەپكە باغلاپ قويغانلىقىدىن كېلىپ چىققان.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىمىزكى، پەرزەنت تەربىيىسىنى مائارىپ تۈرىگە كىرگۈزۈپ، ئاتا - ئانىلار خۇددى ئوقۇغۇچىلاردەك پوزىتسىيە بىلەن تاللانغان ئۇسۇللارنى ئۆگەنگۈچى بولۇشى

كېرەك . ئاشۇ چەت ئەللىكلەر ، تەيۋەنلىكلەر ، شياڭگاڭلىقلار ۋە ئېلىمىزدىكى لى يىتىڭنىڭ ئائىسىدەك ئۇلۇغ ئانىلار ئىشنى توغرا قىلغان . ماتارىپ تەربىيىسى ئەنە شۇلارنىڭكىدەك ئائىلىدىن باشلىنىش كېرەك . پەرزەنت بىزنىڭ نەسلى ـ ۋەسلىمىز ۋە كېلەچىكىمىز بولغان ئىكەن ، بىزنىڭ ئائىلىلىرىمىز ئۇلارنى تەربىيىلەشنىڭ تۇنجى مەكتىپى ، ئاتا ـ ئانا بۇ مەكتەپنىڭ تۇنجى مۇئەللىمى ، شۇنداقلا ئۆمۈرلۈك مۇئەللىمى بولۇشى كېرەك . پۈتكۈل ئىنسانىيەت تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىدا مۇشۇ يولنى تۇتقان ، ئەجدادلىرىمىزمۇ مۇشۇ يولنى تۇتقان . بىزدىكى ئادەملىكنى ئاتا ـ ئانىمىز شۇنداق يېتىلدۈرگەن ، بىزدىمۇ شۇنداق ئىنتىلىش بار . لېكىن ، بىزدىكى بۇنداق ئىنتىلىش ئاجىز .

بىزدىكى بالىنى « بالا » دېيدىغان يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ تولىسى ، بىزنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەشتىكى مانا مۇشۇنداق سۇسلىقىمىزدىن كېلىپ چىققان . مەسىلەن ، بىر مۇتەخەسسىس بۇ ئەھۋالنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن 150 نەپەر ئاتا ـ ئانىغا ئائىلە مەسىلىسى ھەققىدە دەرس ئۆتكەندە ، ئۇلاردىن پەرزەنت تەربىيىلەش ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىپ ، ئاراڭلاردا پسىخولوگىيىگە ئائىت كىتاب ئوقۇغانلار قول كۆتۈرۈڭلار دېگەندە ، ئاران تۆت كىشى قول كۆتۈرگەن ، ماتارىپ ياكى ئائىلە تەلىم ـ تەربىيىسى ھەققىدىكى كىتابلارنى ئوقۇغانلار قول كۆتۈرۈڭلار دېگەندە ، ئارانلا ئۈچ كىشى قول كۆتۈرگەن . بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى ، بىزدىكى بۇنداق ئىنتىلىش ئىنسانلار مەدەنىيەت تارىخىدىن تاللانغان ئىلمىي چارىلەر بىلەن قوراللىنىش ، تېخىمۇ مۇھىمى ئادەم تەربىيىلەشنى قورساقتىلا باغلاپ قويىدىغان نادانلىقتىن قۇتۇلۇشى كېرەك .

ئائىلىۋى ، تەبىئەت باغرىدا ئۆسىدىغان سۆت ئەمگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بالىلىرىنى ئىمتىپ باقىدۇ ۋە ئۇلارغا ئەترابلىق غەمخورلۇق قىلىدۇ . بۇ ھال ئۇلاردىكى تۇغما قابىلىيەت قوماندانلىقىدىكى ئىرسىيەتلىك ھەرىكەت ئىپادىسى بولۇپ ، ئۇلاردا بالىلىرىنى ماددىي ئوزۇق بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۆزلىرىگە ئوخشاش تىلسىز ياشاش ماھارەتلىرىنى ئۆگىتىشتىن باشقا ۋەزىپە بولمايدۇ . ئەمما ، ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى مۇرەككەپلىك ئادەمني ئاتا ـ ئانىلارغا ئاشۇ ھايۋانلار ئورۇندىغان ۋەزىپىنى ئورۇنداشنى تۈۋەن دەرىجىلىك ئېھتىياجغا قالدۇرۇپ ، بالىلارنى مەنىۋىي جەمەتتىن ئەترابلىق تەرەققىي قىلغان تالانتلىق قىلىپ تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى يۈكسەك ئېھتىياجلار قاتارىغا كىرگۈزگەن . بۇنىڭ بىلەن ئادەم بولۇشنىڭ بەلگىسى ئالدى بىلەن مۇشۇ يۈكسەك مەنىۋىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇش بولۇپ ئىپادىلەنگەن .

دۇنياغا چىراغ بولغان ، قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ ئۇلۇغ ئابىدىسىنى تىكلىگەن يۇنانلىقلاردىن تارتىپ ھازىرقى مەدەنىيەت مۇنارىنى تىكلەشكە كېتىۋاتقان ئېلىمىز خەلقى مانا مۇشۇ يۈكسەك ۋەزىپە ئۈچۈن ئىلگىرىلىمەكتە . شۇڭا ، بۇ دولقۇندا ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ بىرىنچى ۋە ئۆمۈرلۈك ئۇستازى بولۇش سۈپىتى بىلەن جەمئىيىتىمىزنىڭ ئۈمىدى بولىدۇكى ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قانداق ئۆگىنىشى ۋە پەرزەنتلەرگە ئۆگىتىشى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كېلەچەك تەرەققىياتىغا تۈپلىك تەسىرلەرنى بېرىدۇ . ھەتتا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تەربىيىسى بالىلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك تامغا بولۇپ قالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ھەر بىر جەمئىيەت ۋە مىللەتنىڭ كېلەچەك ئىستىقبالى بولىدۇكى ، ئۇلارنىڭ رىقابەتلىرىمۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەش ماھارىتى ۋە پەزىلىتىگە باغلىق بولۇپ قالىدۇ . بۇنداق ئىكەن ، بىزنىڭ پە رزەنت تەربىيىلەش ئۇسۇلىمىز ئەلۋەتتە سۆت ئەمگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىكى تۆۋەن قاتلامدىن ئادىمىيلىكنى جەۋلان قىلدۇرىدىغان يۈكسەك ئېھتىياج مەنىۋىلىكنى ئەترابلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش تەرەپكە ئۆتۈشى . بۇ مەنىۋى تەربىيىنى ماھىرلىق بىلەن ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆزلۈك ۋە ئۆزگىلىكتىكى ئىلمىي چارىلەر بىلەن قوراللىنىشى كېرەك .

بىز بۇ سەھىپىدە ئەنە شۇنداق نادىر ئەسەرلەرنى يېزىش ، تۈزۈش ، تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ئاتا ـ ئانا ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا دەستۇر يەتكۈزۈپ بەرمەكچىمىز . ئالدى بىلەن ئائىلە خىل داڭلىق تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرىمىز . ماتارىپ سېپىدىكى كەڭ ئۇستازلار ۋە ھەۋەسكارلىرىمىزنىڭ بۇ جەھەتتە ئەقىل تەقدىم قىلىشىنى ، باشقا مەتبۇئات ئورۇنلىرىنىڭ ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنىۋاتقان بۇ ئەسەرلەرنىڭ قانۇنىي نەشر ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ ، بۇ ئەسەرلەرنى بىزنىڭ رۇخسىتىمىزنى ئالماي كۆچۈرۈپ باسماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز .

# ئۆگىنىش ئەندىزىسى ھەققىدە

گۈلشەن ئىسلام

سىز ئۆزىڭىزنى ئەقىللىق ھېسابلامسىز ؟ ئۇنداقتا ئۆزدـ
گىزنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىپ ئالىسىز ؟
ئۇزاقتىن بۇيان بىز ئەقىل سىناش ئارقىلىق بىلىمىز دەپ
قارىدۇق . ئەنئەنىۋى ماتارىپتا بولسا ئەقىللىق ياكى ئەمەسلىكىنى
مەكتەپلەرنىڭ ئۆگىنىش ئەندىزىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلدۇق .
ئالايلۇق ، بىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقىللىقلىق دەرىجىسىنى سىناشتا
مەنتىقلىق تەپەككۇر ماھارىتى بىلەن ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش
ماھارىتىنى ، نۇتۇق ئارقىلىق ئىپادىلەش ماھارىتى بىلەن قەلەم
ئارقىلىق ئىپادىلەش ماھارىتىنى ، شۇنداقلا تەھلىل قابىلىيىتى بىـ
لەن تەشكىللەش قابىلىيىتىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇۋالدۇق .
لېكىن ، ئۆزىمىز ياكى پەرزەنتلىرىمىزدە تىل بىلەن ماتېماتىكىلىق
ھېسابلاشنى ئاساس قىلىدىغان يۇقىرىدىكى ماھارەت ۋە قابىلىـ
يەتلەردىن باشقا ئۈستۈنلۈك كۆرۈلسە ، ئائىلىلەر ياكى مەكتەپـ
لەردە ئۇنى ئۆلچەيدىغان ئاقىل ئۆلچەم بولمىدى ـ دە ، ئۆزىمىز
ۋە پەرزەنتلىرىمىزدىكى كۆپ تۈرلۈك ئەقلىي قابىلىيەتلەرگە توغرا
باھا بېرەلمەي ، ھەدېسلا بىز تاپالمىغان ئۈستۈنلۈكلەرنى ئەمەلـ
يەتتە تېپىپ ئالغا بېسىپ كەتكەن كىشىلەرگە قاراپ داڭ قېتىپ
قالدۇق ، ئۇلارنى ئۆزىمىزدىن ئەقىللىق ھېسابلاپ مەيۇسلاندۇق .
بۇنداق قىلىش ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىمىزغا ئۇيغۇن
كېلەمدۇ ؟

ھوۋىرد گېرىدنېر بىزدىكى مۇشۇنداق ئەنئەنىنىڭ خاتالـ
قىنى . ھەمدە ھەر بىر ئادەمدە بىز ئەنئەنىۋى ماتارىپتا ئېتىبار
بەرگەن تىل ۋە ماتېماتىكىلىق ھېسابلاشتىن باشقا يەنە بەش
تۈرلۈك ئەقلىي قابىلىيەت بولۇپ ، بۇلارنىڭ ھەر بىرى مېڭىمىزـ
نىڭ ئوخشاش بولمىغان رايونلىرىغا ئورۇنلاشقانلىقىنى كۈچلۈك
دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاپ بەردى . ھازىرغىچە ئۇ ئىسپاتلاپ چىقـ
قان ئەقلىي قابىلىيەت يەتتە تۈرلۈك بولۇپ ، بۇ يەتتە تۈرلۈك
قابىلىيەت ھەر بىر ئادەمنىڭ مېڭىسىدە ئورتاق مەۋجۇت بولۇپلا
قالماستىن ، خاندىن گادايغىچە ھەر بىر ئادەم بۇ يەتتە تۈرلۈك
ئەقىل بايلىقىنى ئېچىشقا قادىر بولالايدۇ . بۇ يەتتە تۈرلۈك ئەقلىي
قابىلىيەتنىڭ تىپى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن ئەمەلىيەتتە ھەر قايـ
سىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بولۇشنى تەلەپ
قىلىدۇ . ھازىر كۆپلىگەن ماتارىپچىلار ئۇنىڭ بۇ كەشپىياتىنىڭ
ئەقىل تەتقىقات تارىخىدا تولىمۇ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپلا قالـ
ماستىن ، ئۇنى ئىجادىي ماتارىپ ئوقۇتۇشىنىڭ بايرىقى قىـ
لىۋالدى .

ھازىر ئامېرىكىدا قوزغىلىپ دۇنياغا غۇلاچ تاشلاۋاتقان
ئۆگىنىش ئىنقىلابى مۇشۇ ئالىمنىڭ كەشپىياتى ۋە ئۇنى ماتارىپقا
تەدبىقلاشنى ئاساس قىلغان . بۇنىڭغا يانداشقان نۇرغۇن تەلـ
ماتلار بولسىمۇ ، ئەقىل قۇرۇلمىسى جەھەتتە كۆپچىلىك ئۇنىڭ
تەلىماتىنى ياقلاپ ، ئوقۇتۇشنا يەتتە تۈرلۈك ئەقلىي قابىلىيەت
بويىچە ئۆگىنىش ئەندىزىلىرىنى كەشىپ قىلغان . دەرۋەقە ، ئەـ
قىل قۇرۇلمىسى جەھەتتە ھەممە ئادەمدە ئوخشاشلىق بولسىمۇ ،
ئەقىل ئۈستۈنلۈكىدە تامامەن ئوخشاش ئىككى ئادەمنى بۇ دۇنياـ
دىن تاپقىلى بولمايدۇ . شۇ تۈپەيلى ئۆگىنىش ئەندىزىسى ئۈسـ
تىدە ئىزدەنگەن ۋە ئامېرىكىدا ئۆگىنىش ئەندىزىسى بويىچە مەكـ
تەپ ئېچىپ ، ئادەتتىكى ئاتا ـ ئانىلاردىن تاكى ئاجايىپ مەشـ
ھۇر شەخسلەرنىڭمۇ سۆيۈملۈك ئۇستازى بولۇپ قالغان سۇنتىيە
تابېيس ئۆگىنىش ئەندىزىسىنى بىزگە قۇشقېزەك بالىنىڭ تۇـ
غۇلۇشىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق چۈشەندۈردى . ئۇنىڭ بايان
قىلىشىچە ، ئۇ كۆزەتكەن قوشكېزەك بالىنىڭ تۇغۇلۇشىدىكى
ئىلگىرى ـ كېيىنلىك ئىككى مىنۇت بولغان . ئەمما ئۇلار تەقى
ـ تۇرۇقىدىن ئوخشاپ كەتكەندەك قىلسىمۇ ، ھەرىكەتلىرىدە
پەرقلەنگەن . ئەتراپتىكىلەر ئۇلارنىڭ قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپ
تۇرسىمۇ ، ھەرىكىتىدىكى پەرقلەرگە ھەيران قالغان بولسا ، : «
ئۇلار بىر كۈن ئىچىدە تۇغۇلسىمۇ ، خاسلىق خاراكتېرىدە تامامەن
پەرقلىنىدىغان ئادەم بولۇپ چىقىدۇ ، چۈنكى ، ئۇلاردىكى ئەقىل
شاخچىلىرىنىڭ ، توغما پەزىلەتلەرنىڭ ئۆسۈشىدە پەرق بولىدۇ »
دېگەن .

راست بىزمۇ بەزى ئادەملەرنى ، بولۇپمۇ قوشكېزەكلەرنى
بىر كۆرۈپلا تونۇپ ئالالمايمىز . لېكىن ، ئۇلارنىڭ كىشىلەر بىـ
لەن قىلىۋاتقان مۇئامىلىسىنى بىر كۆرۈپلا ئۇلاردىكى پاراسەت
پەرقلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز . كۆزىتىلگەن بۇ ئىككى بالا ئەنە
شۇنداق ئوخشاش چوڭ بولغان . لېكىن خاسلىق خاراكتېرىدە
باشقا ـ باشقا بالا بولۇپ چىققان . مەسىلەن ، بۇ ئىككى بالىغا
ئوپمۇ ئوخشاش بولقا ۋە مىخنى ئويۇنچۇق قىلىپ تۆمۈرچىلىك
شىرەسى ئۈستىگە قويۇپ بەرگەندە ، بىرسى قولىغا بولقىنى ئېـ
لىپ مىخنى زوقلىنىپ قېقىش بىلەن « قىزىقىش تىپى » دىكى
ئادەم بولىدىغانلىقىنى نامايان قىلسا ، يەنە بىرسى يىراقراق بېرىپ
تۆمۈرچىلىك شىرەسى ئوتتۇرىسىدىكى بولقا چوڭلۇقىدىكى كاـ
مارغا قاراپ مەستانە بولۇش بىلەن ئۆزىنىڭ « تەھلىل تىپى »
دىكى ئادەم بولىدىغانلىقىنى نامايان قىلغان .

ئەمەلىيەتتە بىز بىر ياكى بىر نەچچە بالىنىڭ تامامەن
ئوخشاش مۇھىتتا چوڭ بولغان تۇرۇقلۇق تۇرمۇشقا تامامەن

ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيە تۇتىدىغان بولۇپ چىققانلىقىنى
كۆرىمىز . بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى ، ئادەم دېگەن تېگى ـ
تەكتىدىن بىرسى ـ بىرسىدىن پەرقلىنىدىغان مەخلۇق . ھەر
بىر ئادەمدىكى قىزىقىش ھەر بىر ئادەمنى باشقىلارغا ئوخشىمايدى-
غان خۇسۇسىيەتكە ئىلىپ بارىدۇ . مانا بۇ بىزنىڭ پەرزەنت
تەربىيلەش ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشىمىزغا نىسبەتەن بىر مۇسابىقە-
دۇر . بۇنداق ئىكەن ، ئوخشاش بىر ئۇسۇلدا ھەممە ئائىلىلەر
پەرزەنتلىرىنى تەربىيلەش ، ئوقۇتۇشتا بىر ئەندىزىنى ھەممە با-
لىغا تەتبىقلاش ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن ، ئاتا
ـ ئانىلارمۇ پەرزەنتلىرىنى تونۇپ يېتىش ، ئوقۇتقۇچىلار ئەقىل
تىپلىرىنى بىلىش شەرتى قويۇلۇپلا قالماي ، پەرزەنت ۋە ئوقۇ-
غۇچىلاردىن ئۈستۈنرەك بىلىم قابىلىيەتكە ئىگە بولۇش تەلەپ
قىلىنىدۇ . بۇنداق ئىكەن ، بىز پەقەت ئۆگىنىش ئەندىزىسىنى
بىلىۋالغان ۋە ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىش سەۋىيىسىگە يەتكەندىلا
پەرزەنت تەربىيلەش ، مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچى تەربىيلەش ۋە
ئۆزىمىزدىكى ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش قەدىمىنى باسالايمىز . مۇ-
تەخەسسىسلەر كۆرسەتكەن ئۆگىنىش ئەندىزىسى دېگەن مانا
مۇشۇنداق ھەر بىر ئادەمدىكى تۇغما ھالەت ۋە ھەۋەس قىزىقىش-
لىرىدۇر .

ئالىملار ۋە پېداگوكلارنىڭ تەجرىبە قىلىپ كۆرۈشىچە
ئۆگىنىش ئەندىزىسى بايقاش جەھەتتىكى بۇنداق سەۋىيە بىر
خىل ئائىلىۋى دېموكراتىيىدىن باشلىنىدۇ ۋە ئائىلىدە پىشىپ يې-
تىلىپ مەكتەپكە ، جەمئىيەتكە غۇلاچ تاشلايدۇ . شۇڭا ، بىز نە-
زىرىمىزنى ئاۋۋال ئائىلىگە ئاغدۇرۇشىمىز كېرەك . مەسىلەن ، بىز
پەرزەنتلەرگە ئۆزلىرىمىزمۇ ئىسپاتلاپ بولالمىغان ياكى تېگى ـ
تەكتىنى بىلمەيدىغان ئۆگىنىش چارىلىرىنى تاڭماستىن ، ئۇلار-
دىكى تەبىئىيلىكنى بايقىشىمىز كېرەك . ئالايلۇق ، ھەر كۈنى 10
ـ 20 مىنۇت ۋاقىت چىقىرىپ بالىمىز بىلەن ئوينايمىز . بۇنداق
ئويناش تامامەن بالىمىزنىڭ ئەقىل تىپىنى بايقاش ئۈچۈن بول-
غاچقا . تازا ئويدان يەرنى تاللايمىز ـ دە بالىمىز مەستخۇش
بولۇپ ، ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەخپىي رېتىمىپ بويىچە ئويناي-
دۇ ، بىز ئۇنىڭغا قول شىلتىپ ئۇنى قىل ، بۇنى قىل دېمەيمىز .
ھەتتا ئۇنىڭ بىزگە خاتا تۇيۇلغان ھەرىكەتلىرىگىمۇ ئارىلىشىپ
تەكلىپ بېرىپ يۈرمەيمىز . ئۇنداقتا ئۇ ئويۇن ئارقىلىق بارغان-
سېرى ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئاشكارىلايدۇ . شۇنىڭ بىلەن
بىز ئۇنىڭ ئىشنى قانداق ئۇسۇل بىلەن قىلىدىغانلىقىنى بى-
لىۋالالايمىز . شۇ چاغدا بىز ئۇنىڭغا يەنە بىردەم دىققەت قىلىپ
تۇرىدىغان بولساق ، ئۇنىڭدا مۇستەقىل بىر قىزىقىش ـ ئۆگى-
نىش ئەندىزىسى بارلىقىنى بايقايمىز .

ئادەتتە ھەر قانداق ئاتا ـ ئانا بالىسىنىڭ تەرەققىياتىغا
زىيانلىق ھەرىكەتلەردە بولۇشىنى خالىمايدۇ . لېكىن ، ئارزۇنىڭ
قانچە ياخشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۆگىنىش ئەندىزىسىدىن
خەۋەرسىز ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا زىيانلىق نەرسىلەرنى تېڭىپ
قويۇشى مۇمكىن . شۇڭا ، بىز مەيلى قانداق ئويۇن ، سۆھبەت ،
ھەرىكەت ئارقىلىق بولسۇن ، بالىمىزدىكى تەبىئىي ئۇستۇنلۇكنى
تېپىپ چىقىپ ، ئۇلارنىڭ ئائىلىدە ، مەكتەپتە ياكى خىزمەت

ئورنىدا ئۆزىدىكى شۇ تەبىئىي ئەقىل تىپى بويىچە تەرەققىي قى-
لىشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىمىز بۇ ھەقتىكى
بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇشىمىز كېرەك . بەزىلەر ھەدېسلا با-
لىسىنى پەردازلايدۇ ، بەزىلەر بولسا ھەدېسلا بالىسىدىن ۋايساي-
دۇ . پەردازلىغانلار بىلەن ۋايسايدىغانلاردا ئوخشاشلا ئىلمىيلىك
ئاز . چۈنكى ، پەردازلايدىغانلار بالىسىنىڭ ئۆگىنىشتىكى كەم
جايلىرىنى قەستەن يوشۇرسا ، ۋايسايدىغانلار بالىسىنىڭ ئۆگىنى-
شىگە ياردەملىشىشتە ئامالسىز قالغانلاردۇر . مانا بۇ ئاتا ـ ئانىلار
ئالدىدىكى بىر مۇسابىقە . بۇ مۇسابىقە پەقەت ئاتا ـ ئانىلار با-
لىلاردىكى ئەقىل تىپىنى بايقاپ ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا مۇۋاپىق
چارە قوللانمىغىچە ئاخىرلاشمايدۇ . ئەقىل تىپى بايقالمىدىكەن .
ئاتا ـ ئانىلار ئۆيلىرىدە بالىلارنى ياخشى تەربىيلەش ، ئۆزى
ئالاھىدە تالانتلىق بولالمىغان تەقدىردىمۇ ئالاھىدە تالانتلىق با-
لىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولۇش شەرىپىگە ئىگە بولۇپلا قالماس-
تىن ، بەلكى ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇ بالىدىكى ئۆگىنىش ئەندىزى-
سىنى ئىگىلىشىگىمۇ مەسلىھەت بېرەلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ
مەسلەكدىشى بولۇپ قالىدۇ ـ دە ، بالا ئائىلىدىن مەكتەپكە تۇ-
تاشقان قوللاش ئارقىسىدا تېز ـ تېز ئۆسۈپ يېتىلىدۇ .

شۇنى بىلىش كېرەككى ، قىزىقىش ـ ئۆگىنىش ئەندى-
زىسى بالىلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئەڭ مۇھىم تۈگۈن بولغاندەك ،
زېرىكىش ئەڭ زور دۈشمىنىدۇر . ئەنئەنىۋى تەلىم ـ تەربىيە-
دىكى ئاساسلىق مەسىلە مانا شۇ بەزى بالىلارغا ئۇيغۇن كەلمەي-
دىغان زېرىكىشلىك رامكىلارنى بالىلارغا تېڭىپ ، ئۇلارنىڭ تە-
سەۋۋۇر كەپتەرلىرىنى قەپەسكە قاماپ قويۇشتىن ئىبارەت .
توغرا ، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆگىنىش ئەندىزىسىنى ئېنىقلاشقا
خېلى ئۇزاق كۆزىتىش ۋە خاتىرە قىلىش جەريانى كېرەك بو-
لىدۇ . يەنە كېلىپ ھەر بىر ئادەم ئۇستىدىكى كۆزىتىش ئوخشاش
بولمايدۇ . لېكىن ، بۇنى ئېنىقلاشنىڭ نېگىزلىك يېتەكچى پرىن-
سىپلىرى بار ، بۇلار : كۆزىتىش ، قۇلاق سېلىپ ئاڭلاش ، سىناق
قىلىش ، مۇھىم نۇقتىغا نەزەر سېلىش ، ئۆگىنىشتىن ئىبارەت .
كونكرېت ئېيتقاندا ، بالا ئوتتۇق قازانغاندا ، ئۇنىڭ ئوتتۇق قازى-
نىشىغا تۈپلىك تەسىر كۆرسەتكەن مۇھىتنى كۆزىتىش ، ئۆزى
گەپنى تارتىۋالماستىن ، بالىنىڭ سۆزىنى سەۋرچانلىق بىلەن
ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئىشنى تېپىش ؛ ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش
ئەندىزىسىنى تاڭماستىن ، بالىنىڭ قىزىقىشى بويىچە ئۆگىنىشنى
سىناق قىلىش ؛ بالىنىڭ تۇغما ئاجىزلىقى تەرەپكە ئەمەس ، تۇغما
ئۇستۇنلۈكىگە نۇقتىلىق نەزەر سېلىش ، ئالىملار ۋە تەربىيە
كۆرگەن ئاتا ـ ئانىلار ئىجاد قىلغان ئۆگىنىش ئەندىزىلىرى
توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ئىگىلەش قاتارلىقلاردۇر .

بۇنداق بايقاش يالغۇز بالىلارغا ئۇيغۇن بولماستىن ، ئۆ-
زىمىز بىلەن باشقىلارغىمۇ مەلۇم تەرەپلەردە ئۇيغۇن كېلىدۇ .
شۇڭا ، بىز ئۆزىمىزنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىمىزنىڭ تالانت بىخلىرىنى
ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۆگىنىش ئەندىزىلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ۋە
ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك ، شۇندىلا بىز
ھەر بىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تۇغما ئۇس-
تۇنلۇك ۋە ئۇنى تېزلىكتە ئۆستۈرۈشنىڭ ماھارەتلىرىگە ئىگە بو-
لىمىز .

( ئاپتور باينغولىن ماليە سودا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى )

# كارىل ۋىتېرنىڭ تالانتلىق بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلى

كارىل ۋىتېر گېرمانىيىنىڭ خاربىي شەھىرى يېنىدىكى لوخ كەنتىنىڭ باستېرى ( خرىستىئان ئىمامى ) بولۇپ ، بالىسىنى تەربىيىلەشتە ئۆزگىچە كۆز قاراشقا ئىگە ئىدى . ئۇ بالىلارنى ئەقىل نۇرى ئېچىلغاندىن باشلاپلا تەربىيىلەش كېرەك ، دەپ قارىدى ، ھەمدە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئوغلىنى تەربىيىلەش ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۇنى « تالانتلىق » قىلىپ يېتىشتۈردى . بۇ تەجرىبىسىنى 1818 - يىلى « كارىل ۋىتېرنى تەربىيىلەش » دېگەن كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقتى . بۇ كىتاب دۇنيا بويىچە تالانتلىق بالا تەربىيىلەش بويىچە تۇنجى ئەسەر بولۇپ قالدى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەلىم - تەربىيە ئىدىيىسى جامائەتچىلىك تەرىپىدىن بالىلارغا دەسلەپكى تەربىيە بېرىشنىڭ ئەندىزىسى بولۇپ قالدى .

سىرلىق تالانت ھەققىدە ھېكايە

1914 - يىلى ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن ۋىليام جامىس سىدىز ئىسىملىك بىر بالا ئامېرىكىنىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈردى . ئۇ ئامېرىكىلىق داڭلىق پسىخولوگ سىدىز دوكتورنىڭ ئوغلى ئىدى . ۋىليامنىڭ ئوقۇش تارىخى بەكمۇ قىزىقارلىق بولۇپ ، ئۇ بىر يېشىدىن باشلاپ تەربىيىلەندى ، ئۈچ يېشىدا ئۆز دۆلىتىنىڭ تىلىدا ئوقۇيالايدىغان ۋە يازالايدىغان بولدى . بەش يېشىدا ئۆيىدىكى ئىسكىلىت ئەۋرىشكىلىرىنى كۆرۈپ ، ئادەم تېنىگە قىزىقىپ ، فىزىئولوگىيە ئۆگىنىشكە باشلىدى . ئۇزاق ئۆتمەيلا دوختۇرخانا ئالغان دەسلەپكى ئىمتىھاندا نەتىجىسى لاياقەتلىك بولۇپ چىقتى . ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى ئەتىيازدا ئۇ باشقا باللارغا ئوخشاش باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇدى . مەكتەپكە كىرگەن تۇنجى كۈنى سائەت توققۇزدا بىرىنچى سىنىپقا كىردى ، سائەت 12 دە ئاپىسى چۈشلۈك تاماققا ئالغىلى كەلگەندە ، ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۈچىنچى سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدى ھەمدە بىر يىلدىلا باشلانغۇچ مەكتەپنى ئوقۇپ تۈگەتتى . يەتتە ياشقا كىرگەندە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇماقچى بولدى . ئەمما مەكتەپ يېشى كىچىك دەپ رەت قىلدى . مەكتەپكە كىرىشكە ئامال قىلالمىغانلىقتىن ئۆيدە ئۆگەندى . ئۆيدە ئاساسلىقى ئالىي ماتېماتىكا ئۆگەندى ، چۈنكى ئۇ ئاشۇ چاغدا قەدىمدىن شۇ چاغقىچە بولغان تىلشۇناسلىققا ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىپ بولغانىدى .

ئۇ سەككىز يېشىدا ئاخىرى ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشقا مۇۋەپپەق بولدى ھەمدە ھەممە پەندە ئەلاچى بولدى . بولۇپمۇ ماتېماتىكىدا باشقىلاردىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى ، شۇڭا ، مەكتەپ ئۇنىڭ ماتېماتىكا دەرسىنى ئوقۇماسلىقىغا رۇخسەت قىلدى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئۇ ئوقۇتقۇچىسىغا ياردەملىشىپ باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭ ماتېماتىكا تاپشۇرۇقىنى تەكشۈرۈپ بەردى . شۇ چاغدا ، ئۇ ئاسترونومىيە ، ئىنگلىز تىلى گرامماتىكىسى ، لاتىن تىلى گرامماتىكىسى قاتارلىق دەرسلىك كىتابلىرىنى تۈزۈپ چىقتى . ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆگىنىدىغان بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىپ بولغاچقا ، ئۇزاق ئۆتمەيلا مەكتەپتىن چېكىندى .

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ يىراق - يېقىنغا داڭقى چىقتى . جايلاردىن ھەر ساھەدىكى ئەربابلار كېلىپ ئۇنىڭدىن ئىمتىھان ئېلىپ باقتى . ئىمتىھان نەتىجىسىنى كۆرۈپ ھەممىسى ھەيران قېلىشتى ھەمدە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى . مەسىلەن ، ماسسا چۇسېت تېخنىلوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ بىر پروفېسسورى ئۆزى گېرمانىيىدە دوكتورلۇق ئىمتىھانىدا دۇچ كەلگەن ئەڭ قىيىن مەسىلىنى سوئال قىلىپ چىقاردى . ئويلىمىغان يەردىن سىدىز بۇ مەسىلىگە شۇ ھامانلا توغرا جاۋاب بەردى . شۇ چاغدا ئۇ تېخى توققۇز ياشقا كىرگەن ئىدى .

ۋىليام 9 ۋە 10 ياش ۋاقتىدا ئۆيدە داۋاملىق ئۆگەندى . 11 ياشتىن ئەمدىلا ئاشقاندا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇدى . مەكتەپكە كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي ، 4 - چارەكتىكى ماتېماتىكا قىين مەسىلىلىرى توغرىسىدا بىر قېتىم نۇتۇق سۆزلەپ ، پروفېسسورلارنى ھەيران قالدۇردى . دادىسى سىدىز دوكتور ئۇنىڭ 12 ياش چېغىدىكى ئەھۋالىنى « نورماللىق ۋە گېنىئاللىق » دېگەن كىتابىدا مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ :

« سىدىز بۇ يىل ئەمدىلا 12 ياشقا كىردى ، لېكىن مىڭ يىللاردىن بۇيان ئالىملار دەرسلىكلىرىدىكى ئالىپرانتلارنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان ئالىي ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە مەسىلىلىرىنى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ھەل قىلدى ، ئۇ يەنە « ئىلىيادا » ، « ئودىسسا » قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى گرېك تىلىدا يادلاپ ئالالىدى . بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇ يەنە كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ تىلىنى پىششىق ئىگىلەپ ئارىستوتىلدەك كاتتا پەيلاسوپلاردىن تارتىپ شۇ زاماندىكى يۇنان ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى باشقا باللار « روبىنسوننىڭ سەرگەردانلىق خاتىرىسى » نى ئوقۇغاندەك شۇنداق ئوڭاي ۋە قىززىقىپ ئوقۇپ كەتتى ، ئۇ يەنە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق بىلەن ئىلاھشۇناسلىققا قىزىقتى . ئېتىكا ، قەدىمكى زامان تارىخى ، ئامېرىكا تارىخى قاتارلىق ساھەلەردىمۇ مول بىلىمگە ئىگە بولۇپ ، ئېلىمىزنىڭ سىياسى ۋە ئاساسىي قانۇنىنىمۇ تولۇق بىلىپ كەتتى . »

شۇنداق قىلىپ ئۇ 1914 - يىلى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈردى ، ھەمدە كېيىنكى بىر نەچچە يىللىق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى .

سىدىزغا ئوخشاش تالانتلىق بالىدىن يەنە ئىككىسى بولۇپ ، بىرسى ئادلوف باخىر ، ئۇ تافت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلاھشۇناسلىق پروفېسسورى باخىر دوكتورنىڭ ئوغلى ئىدى . ئۇ 13 يېشىدا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇدى ھەمدە مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن مەكتەپنى پۈتتۈردى . يەنە بىرسى روبېرت ۋىنېر بولۇپ ، تافت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يۇگوسلاۋىيە تىلى پروفېسسورى ۋىنېر دوكتورنىڭ ئوغلى ئىدى . ئۇ 10 يېشىدا تافت ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇدى ، 14 يېشىدا مەكتەپنى پۈتتۈردى . ئارقـ

دىنلا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسپىرانتلار ئىنستىتۇتىدا ئوقۇدى . 1914 ـ يىلى ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن روبېرت دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى . باخىر بىلەن ۋىنېر ئائىلىلىرىدە يالغۇز مۇشۇ ئىككى بالا تالانتلىق بولۇپلا قالماستىن ، ئۇلارنىڭ ئاكا ـ ئۇكا ، ئاچا ـ سىڭىللىرىمۇ تەگتۇشلىرى ئىچىدە ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتى . ئادلوف ، باخىرنىڭ ئاچىسى 15 يېشىدا رادكلىف قىزلار ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇغان بولۇپ ، 1914 ـ يىلى ئادلوف بىلەن بىللە مەكتەپ پۈتتۈردى . ئۇلارنىڭ سىڭلىسى رىتان بىلەن ئىنىسى لوردلوفمۇ شۇ يىلى ئۇنىۋېرسىتېتقا ئوقۇشقا كىردى . ۋىنېرنىڭ سىڭلىسى كونستانسمۇ 1914 ـ يىلى 14 يېشىدا رادكلىف قىزلار ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇدى . 2 ـ سىڭلىسى بېئوروتمۇ شۇ يىلى 12 يېشىدا رادكلىق قىزلار ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇدى .

پەنسىلۋېنىيە شتاتىنىڭ پېتسبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىلشۇناسى ، پروفېسسور سېترنېر خانىمنىڭ قىزى ئۈچ يېشىدا شېئىر ۋە نەسىر يازالايدىغان بولدى . بەش يېشىدا دۇنيا تىلىنى ئۆگىنىپ بولدى ھەمدە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ دۇنيا تىلىنى تەشۋىق قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇشقا قاتناشتى . سەككىز يېشىدىن باشلاپ ، فىزىئولوگىيە ، تېبابەتشۇناسلىق ، ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگىنىشكە باشلىدى . تۆت يېشىدا لاتىن تىلى قاتارلىق 13 دۆلەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىپ بولدى . كىچىك ۋاقتلىرىدىلا بەزى جەمئىيەت تەشكىلاتلىرىغا رەھبەرلىك قىلدى .

دۇنيادا يېگانە نەرسە يوق ، شەرقتىكى قەدىمكى دۆلەتتىمۇ 18 ياشلىق بىر قىزنىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغانلىقى توغرىسىدا ئاجايىپ بىر ھېكايە تارقالدى .

1999 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ، « چېڭداۋ سودا گېزىتى » بىرىنچى بەتتىكى مۇھىم خەۋەرلەر ئىستونىغا چوڭ خەتلىك قىلىپ ، « مەن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ ئىقتىساد ئىلمى ئۆگىنىدىغان بولدۇم » دېگەن تېمىدا بىر ئالاھىدە خەۋەر بېسىلدى . بۇ گېزىتتە خەۋەر قىلىنىشىچە ، چېڭدۇلىق 18 ياشلىق قىز لىۋيىتىڭگى ئامېرىكىدىكى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق تۆت داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېت بىرلا ۋاقىتتا ئوقۇشقا قوبۇل قىلغان ھەمدە ئۈچ يىللىق 30 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق ئوقۇش ۋە تۇرمۇش راسخوتىدىن خالاس قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان . بۇ خەۋەر شۇ جايدىكى ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ، ئىنتېرنېت تورى ۋە شىنخۇا ئاگېنتلىقى قاتارلىقلار تەرىپىدىن ناھايىتى تېزلا پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىلىپ ، چوڭ غۇلغۇلا قوزغىدى...

ھەقىقىي تالانتلىق بولۇپ يېتىلگەن بۇ بىر نەچچە بالا توغرىسىدىكى ھېكايە كەڭ تارقىلىپ ، كىشىلەرنىڭ تالانت مەسىلىسىگە بولغان دىققىتىنى قوزغىدى . مۇتەخەسسىلەر چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شۇنى بايقىدىكى ، بۇ تالانتلىق بالىلارنىڭ ياشىغان دەۋرى ئىلگىرى ـ كېيىن ، ھەتتا ئىككى ئەسىرگە يېتىپ بارغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلاردا بىر ئورتاقلىق بار ئىدى . ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسى كارىل ۋىتىر ئىسىملىك بىر كىشى يازغان « كارىل ۋىتىرنىڭ تەربىيىلىنىشى » دېگەن كىتابتىن تەلىم ئالغانىدى .

ۋىتىرنىڭ دادىسى ۋىتىر دوكتور خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بولۇپ ، ئۇ ئۆزىنىڭ كارىل ۋىتىرنىڭ تەربىيىلىنىشى » دېگەن كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن ، كىتابتا دېيىلگىنى بويىچە ئوغلى ۋىتىرنى تەربىيىلىگەنلىكىنى ئېيتتى . سىدىزنىڭ دادىسى سىدىز دوكتورمۇ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ ، ئۇمۇ شۇ كىتابنى ئوقۇپ كىتابتا دېيىلگەن ئۇسۇل بويىچە ئوغلى سىدىزنى تەربىيىلىگەن . باخىرنىڭ دادىسى باخىر دوكتور يازغان « ئائىلىۋى مەكتەپ » ۋە « ئائىلە تەربىيىسى » قاتارلىق كىتابلاردىمۇ باخىر دوكتورنىڭ « كارىل ۋىتىرنىڭ تەربىيىلىنىشى » دېگەن كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن ، كىتابتا دېيىلگىنى بويىچە ئوغلى باخىرنى تەربىيىلىگەنلىكى يېزىلغان . سېترنېر خانىم پروفېسسور ۋىليام جامۇسنىڭ ھەدەپ تونۇشتۇرۇشى ئارقىسىدا كارىل ۋىتىرنى تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىپ ، ئۆزىنىڭ قىزىنى شۇ بويىچە مەشىق قىلدۇرغان .

« خارۋارد قىزى » دېگەن كىتابتا تونۇشتۇرۇلغان لىۋ يىتىڭنىڭ ئاپىسى لى ۋېيخۇا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئانىلارغا قىزى لىۋيىتىڭنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىغاندا ، ئۇ ئۆزىگە كومپاس قىلغان « كارىل ۋىتىرنىڭ تەربىيىلىنىشى » دېگەن كىتابنى ماختاپ مۇنداق دېدى :

« ھەر كۈنى ژۇرنال تەھرىراتىدىن قايتىپ كېلىپ ، ئۇ كىتابنى تۈن نىسپىگىچە ئوقۇدۇم .... نۇرغۇنلىغان ئانىلار كىتابتىكى ئۇسۇل بويىچە پاراستى بالدۇر يېتىلگەن نەچچە يۈزلىگەن جۇڭگولۇق بالىنى تەربىيىلەپ چىقتى . دۇنيادىكى بىر نەچچە داڭلىق ئالىي مەكتەپنىڭ كۆزى چۈشكەن ئەلا ساپالىق لىۋيىتىڭمۇ شۇ كىتابتىكى ئۇسۇللار بويىچە ئۆزىگە ئاساس تۇرغۇزدى . ئۇ چاغدا مەن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا بىر نۇسخا ساقلانغان ئاشۇ كىتابتىكى تەربىيىلەش ئىدىيىسىنىڭ لىۋيىتىڭنى ئاخىرى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا باشلايدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن . »

## كارىل ۋىتىر

ئۇنداقتا ، كارىل ۋىتىر كىم ؟ كارىل ۋىتىرنىڭ تەربىيىلىنىشى » دېگەن زادى قانداق كىتاب ؟ بۇ كىتاب نېمىشقا ئىككى ئەسىر مابەينىدە بالىلار تەربىيىسىدە ئاشۇنداق چوڭ رول ئوينايدۇ ؟

كارىل ۋىتىر بىر كەنتنىڭ باشتېرى ( خىرىستىئان ئىمامى ) بولۇپ ، ئۇ ناھايىتى ئۆزگىچە بولغان كۆز قاراشقا ئىگە ئىدى . ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ مائارىپ نەزەرىيىسى بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلى كىشىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ . ئۇ تېخى بالىلىق بولمىغان ۋاقتىدىلا پەرزەنتلەرنى چوقۇم بوۋاق ۋاقتىدىن باشلاپلا تەربىيىلەش كېرەك دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان . ئۇنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا ، بالىلارنى تەربىيىلەشنى ئەقىل نۇرى ئېچىلغان ھامان باشلاش شەرت ئىدى . ئۇ : مۇشۇنداق قىلىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغاندا ئادەتتىكى بالىلارنىڭ بىردەك ئالاھىدە تالانتلىق بولۇپ چىقالايدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشىنەتتى . ئۇ : ئەگەر مەن بالىلىق بولسام جەزمەن مۇشۇنداق تەربىيىلەش ئەمەلىيىتىنى كۆرسىتىپ قويىمەن ، دەپ يۈرەتتى . ئۇنىڭ بۇ كۆز قارىشى شۇ چاغدا بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى .

ئەينى چاغدا ياخشى بولغىنى ، ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ يۇرتىدا يىراق - يېقىنغا داڭقى كەتكەن گىرابىتىس ئىسىملىك يەنە باستېر سىردىشى بار ئىدى . گىرابىتىس ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان يېقىن دوستى بولۇپ ، ئۇنى ئەڭ چۈشىنىدىغان كىشى ئىدى .

گىرابىتىس ۋىتىرنىڭ مائارىپ ئۇسۇلى - تالانتلىق بالا تەربىيەلەش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ، ۋىتىرنىڭ نۇتۇق سۆزلىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى . ۋىتىر تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ، مادىبلات شەھىرىدىكى بىر قانچە ياش مائارىپشۇناس بىلەن شەھەر ئەتراپىدىكى بىر قانچە ياش باستېر ئورتاق كۈچ چىقىرىپ ، مائارىپ مەسىلىسى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان بىر ئىلمىي جەمئىيەت قۇرغان ئىدى . گىرابىتىس باستېرمۇ شۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى بولۇپ ، ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ۋىتىرنىڭ دادىسىمۇ شۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى بولۇپ قالدى .

بىر قېتىملىق يىغىلىشتا ، خىللارد ئىسىملىك بىر باستېر : « باللار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى تەربىيە بولماستىن ، بەلكى تۇغما تالانتدۇر . مائارىپچىلار قانچىلىك كۈچەپ ئوقۇتقىنى بىلەن ئۇنىڭ رولى يەنىلا چەكلىك بولىدۇ » دەپ گەپنى كەستى . كارىل ۋىتىر بۇنىڭغا تامامەن قارشى پىكىردە بولغاچقا ، شۇ زامانلا رەددىيە بەردى :

« بۇ قاراش خاتا ، باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى تۇغما تالانت بولماستىن ، بەلكى تەربىيىدۇر . باللارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا تالانتلىق ياكى قابىلىيەتسىز بولۇپ چىقىشىنى تۇغما تالانتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بەلگىلىمەستىن ، تۇغۇلغاندىن تارتىپ بەش - ئالتە ياشقا كىرگىچە بولغان مەزگىلدە ئالغان تەربىيە بەلگىلەيدۇ . دەرۋەقە ، باللارنىڭ تۇغما تالانتىدا پەرق بار بولىدۇ . ئەمما بۇنداق پەرق يەنىلا چەكلىك بولىدۇ . مېنىڭچە ، تۇغما تالانتى ئادەتتىن تاشقىرى بولغان باللارنى دېمەيلا قويايلى ، تۇغما تالانتى ئادەتتىكىچە بولغان باللارنىمۇ ياخشى ئۇسۇل بىلەن تەربىيىلىسىلا ئادەتتىن تاشقىرى ئادەم بولۇپ چىقالايدۇ . ھەددى ئىلۇتسيو ئېيتقاندەك : « ئادەتتىكى باللارنىمۇ ياخشى ئۇسۇل بىلەن تەربىيىلىسىلا ، ئادەتتىن تاشقىرى ئادەم بولۇپ چىقالايدۇ . مەن بۇ يەكۈنگە قەتئىي ئىشىنىمەن . »

كارىل ۋىتىرنىڭ يىغىندا ئوتتۇرىغا قويغان بۇ پىكرى ئۇنى يىغىندىكىلەر ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىدىغان نىشانغا ئايلاندۇرۇپ قويدى . ئامالسىز ئەھۋالدا ، ئۇ پەقەت « سىلەر 13 - 14 ئادەم ، مەن بولسام بىر ئادەم ، ئازچىلىق كۆپچىلىككە تەڭ كېلەلمەيدۇ ، سىلەرنى گەپ بىلەن يېڭىشكە ئامالسىزمەن ، سىلەر بىلەن مۇنازىرە قىلغاندىن كۆرە ، ئەمەلىيەتنى سۆزلىگىنىم ياخشى ، پەقەت پەرۋەردىگار ماڭا بىر بالا ئاتا قىلسا ، سىلەر ئۇ بالىنى لەقۋا دەپ قارىساڭلار ، مەن ئۇنى تەربىيەلەپ چوقۇم ئادەتتىن تاشقىرى ئادەم قىلىپ چىقالايمەن . بۇنى مەن ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كەلگەن . » دېيىشكە مەجبۇر بولدى . يىغىندىكىلەر ئىشنىڭ ئالدى - كەينىنى ئويلاپ بېقىپ ، « بولىدۇ ، بىز كۆرۈپ باقايلى ! » دەپ جاۋاب بەردى .

يىغىن ئاياغلاشقاندىن كېيىن ، خىللارد باستېرنىڭ سۆزى تۈگىمىگەچكە ، پېشقەدەم ۋىتىر ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ ، يىغىندا تالاش - تارتىش قىلىنغان مەسىلىنى داۋاملىق مۇزاكىرە قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما ، يەنىلا نەتىجىسى بولمىدى . ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ يىغىندا دېگەن گېپىنى توختىماستىن تەكرارلاۋەردى . خىللارد باستېرنىڭ ئۆيىدىكى مۇنازىرىدە ، يىغىندا باشتىن - ئاخىر سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرغان گىرابىتىس باستېر ئاخىرى بايرىقى روشەن ھالدا ، ۋىتىرنىڭ كۆز - قارىشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى . ئۇ : « مەن ۋىتىرنىڭ قەسىمىنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشىنىمەن ، ئۇنىڭ تەربىيەلەش ئۇسۇلى بويىچە باللارنى تەربىيىلىگەندە ، چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ » دېدى . ئەمما خىللارد باستېر ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا ئەسلا ئىشەنمەي ، يەنىلا ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى .

ئۇزاق ئۆتمەي ، ۋىتىر ئەر - خوتۇنلار بىر بالىلىق بولدى ، ئەمما بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا ئۇلارنىڭ بالىسى ئۆلۈپ كەتتى . كېيىن ، ئۇلار يەنە بىر بالىلىق بولدى . ئەمما ، ئۇ كىچىك ۋىتىر تازا كۆڭۈلدىكىدەك بوۋاق بولۇپ چىقمىدى .

ۋىتىر قايغۇرغان ھالدا : « بۇ نېمە تارتقۇلۇقتۇ ! پەرۋەردىگار ماڭا نېمىشقا مۇشۇنداق بىر گومۇش بالىنى بېرىدىغاندۇ ؟ » دېدى . قوشنىلىرى ھەممىسە ئۇنىڭغا قايغۇرمىغىن ، دەپ نەسىھەت قىلسىمۇ ، ئەمما كۆڭلىدە كىچىك ۋىتىرنىڭ لەقۋا ئىكەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشىنەتتى ، يەنىلا بالىنىڭ كەلگۈسى ۋە ۋىتىر ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئەھۋالىغا ئېچىناتتى .

شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۈمىدسىزلەنمەي ، ئۆزىنىڭ پىلانىنى پۇختا يولغا قويدى . دەسلەپتە ئايالىمۇ : « بۇنداق بالىنى تەربىيىلىگەن بىلەنمۇ بەربىر ئىستىقبالى يوق ، بىكارلار كۈچ سەرپ قىلىۋاتىمىز » دېدى .

گەرچە تۇغۇلغان بالا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسىمۇ ، ئەمما ، پېشقەدەم ۋىتىرنىڭ ئوغلى بار بولغانلىق خەۋىرى تېزلا تارقىلىشقا باشلىدى . گىرابىتىس باستېر بۇ خەۋەرنى دەرھاللا خىللارد باستېرغا ئۇقتۇردى ، خىللارد باستېر بۇ خەۋەرنى يەنە دەرھاللا ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ باشقا ئەزالىرىغا ئۇقتۇردى ھەمدە ئۇلارنى بالىنى تەكشۈرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىچىك ۋىتىرنىڭ تۇغۇلغاندا ھەقىقەتەن تۇغما تالانتى ئادەتتىن تاشقىرى بولمىغان بالا ئىكەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشەندى .

كىچىك ۋىتىر تۇغۇلغاندىن كېيىن ، ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ قىلىدىغان بىر ئىشى كۆپەيگەن ئىدى ، ئۇ بولسىمۇ كىچىك ۋىتىرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى قانداق بولۇپ كېتەر دېگەندىن ئىبارەت ئىدى . ئەلۋەتتە ، ئۇلارنىڭ بۇنداق كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن پېشقەدەم ۋىتىرنىڭ مەقسىتى تامامەن ئوخشىمايتتى . ئالدىنقىلار خۇددى « مەغلۇپ بولۇشى مۇقىملىشىپ بولغان » تەجرىبە نەتىجىسىنى كۈتۈۋاتقاندەك ھەمدە سېرك ئويۇنى كۆرۈۋاتقاندەك قىلاتتى ئۇلار كۆڭلىدە : بەللى « ئەمدى سىنىڭ نوچىلىقىڭنى كۆرۈپ باقايلى ! » دەيتتى . بۇ « ئاق كۆڭۈل » كىشىلەر ھەر قېتىم ۋىتىر ۋە گىرابىتىس باستېرنى كۆرگەندە ، چېقىپ بېقىش ئۈچۈن « قانداق ، ئۈمىد بارمۇ ؟ » دەپ سورايتتى ، پېشقەدەم ۋىتىر بىلەن گىرابىتىس باستېر ئۇلارنىڭ سوئالىغا ھەممىشە « ھەئە ، سىلەرنى چوقۇم ھەيران قالدۇرىمىز » دەپ قەتئىيلىك

بىلەن جاۋاب بېرەتتى . شۇنداق بولسىمۇ ، ئۇلار يەنىلا كىچىك ۋىتترنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بىر خىل گۇمانىي نەزەردە دىققەت قىلاتتى .

« بۇ جاينىڭ ماتارىپ تارىخىدا يۈز بەرگەن ھەيران قالارلىق بىر ۋەقە »

ئەجىر سىڭدۈرسە ، مېۋە بەرمەي قالمايدۇ . ئۇزاق ئۆتمەي ، كارىل ۋىتترنىڭ تەربىيىلىشى ئارقىسىدا ، بۇ « لەقۋا » بالا قولۇم - قوشنا ۋە ئەتراپتىكىلەرنى ھەيران قالدۇردى . كىچىك ۋىتتر تۆت - بەش ياشقا كىرگەندە ، ئۇنىڭ ھەر جەھەتتىكى قابىلىيىتى ئوخشاش ياشتىكى باللارنىڭكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى ھەمدە « بۇ جايدىكى ماتارىپ تارىخىدىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ۋەقە » بولۇپ قالدى .

پېشقەدەم ۋىتتر ئوغلىنى ھەر قايسى جەھەتتىن ئومۇميۈزلۈك تەربىيىلىگەنلىكتىن ، كىچىك ۋىتتر ناھايىتى ساغلام ئۆسۈپ چوڭ بولدى . ئوقۇشتىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سۈرئەتتە ئىلگىرىلىدى ، ئۇ يەتتە يېرىم ياشقا كىرگەندە داڭقى يىراق - يېقىنغا تارقالدى . ئۇنىڭ نامى چىققاندىن كېيىن ، گېرمانىيىدىكى ھەر كەسىپ ھەر ساھەدىن كەلگەن دانىشمەن كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئىمتىھان ئالدى . نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭىلىپ قېلىپ قايتىپ كەتتى . شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ نامشەرىپى بارغانسېرى ئۆسۈپ كەتتى .

1808 - يىلى 5 - ئايدا ، مېرسىبورگتىكى مەلۇم بىر مەكتەپنىڭ تىرجونىس . لاندفوركېر ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچىسى ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ، كىچىك ۋىتترنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا سوئاللارغا جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلدى ، ۋىتترنىڭ دادىسى دەسلەپتە بۇنداق قىلسام ئوغلۇم مەغرۇرلىنىپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەپ ، بەكمۇ ئىككىلەندى ، ئەمما ئاخىرىدا يەنىلا قوشۇلدى . ئەمما خۇددى بۇرۇنقىدەكلا بىر شەرت قويدى : يەنى ئىمتىھان ئېلىنىدىغان سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئالدىنئالا ئېيتىپ قويماسلىقنى ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈشكەندە ، ئۇنى ماختايدىغان ۋە تەرىپلەيدىغان سۆزلەرنى قىلماسلىقنى شەرت قىلدى . لاندفوركېر بۇ شەرتكە ماقۇل بولغاندىن كېيىن پېشقەدەم ۋىتترنى ئۆزىنىڭ مەكتىپى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا رەسمىي تەكلىپ قىلدى ھەمدە تەنقىد ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئۈمىد قىلدى . مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن لاندفوركېر ئۇنى سىنىپنىڭ ئەڭ كەينىدە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىم . شۇ سائەتلىك دەرس گرېك تىلى ئىدى . ئۆتۈلىدىغان دەرسلىك كىتابى بولسا « پولو تاكېر » ئىدى . بۇ دەرسلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ بېشىنى بەكمۇ قاتۇراتتى . لاند فوركېر كىچىك ۋىتترنى ساۋاقداشلار ئالدىدا سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكەن تەكلىپ قىلدى . ۋىتتر قېينالمايلا ئوقۇغۇچىلار بىلمىگەن سوئاللارغا شۇنداق راۋان جاۋاب بەردى .

ئاندىن كېيىن ، لاند فوركېر لاتىن تىلىدا يېزىلغان « شاھىنشاھ قەيسەر » دېگەن كىتابنى ئۇنىڭغا بېرىپ ، كىتابتىكى مەزمۇنلاردىن سوئال سورىدى . ۋىتتر ئۇ سوئاللارغىمۇ قىينالمايلا جاۋاب بەردى . لوند فوركېر ئارقىدىنلا يەنە ئىتالىيان يېزىقىدا يېزىلغان بىر كىتابنى ئۇنىڭغا ئوقۇتتى . ئۇ يەنىلا شۇنداق راۋان ئوقۇپ بەردى . دادىسى سۆز قىستۇرۇپ يەنە ئۇنىڭدىن ئىتالىيان تىلىدا بىر نەچچە ئېغىز سوئال سورىدى . ۋىتتر ئۇ سوئاللارغىمۇ ناھايىتى توغرا جاۋاب بەردى . لاند فوركېر يەنە تېخى ئۇنىڭدىن فرانسۇز تىلىدىن ئىمتىھان ئېلىپ باقماقچى بولدى . ئەمما سىنىپتا ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقا مۇۋاپىق كەلگىدەك فرانسۇزچە كىتاب بولمىغاچقا ، ئۇنىڭ بىلەن فرانسۇزچە دىئالوگ قىلدى . ۋىتتر ئۇنىڭ بىلەن خۇددىي ئۆز دۆلىتىنىڭ تىلىدا سۆزلىگەندەك راۋان سۆزلەشتى . لاند فوركېر كېيىن ئۇنىڭدىن گرېتسىيىنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسىگە ئائىت نۇرغۇن سوئاللارنى سورىدى . ۋىتتر ئۇ سورىغان قېيىن مەسىلىگە بىر - بىرلەپ جاۋاب بەردى . ئەڭ ئاخىرىدا ۋىتتردىن ماتېماتىكىدىن ئىمتىھان ئالدى ، ئۇنىڭ كىشىنى قانائەتلەندۈرگىدەك جاۋابى ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلارنى ھەيران قالدۇردى . ئەينى چاغدا ۋىتتر يەتتە ياشقا كىرىپ ئون ئاي ئاشقان ئىدى .

نەچچە كۈندىن كېيىن ، « ھامبۇرگ خەۋىرى » گېزىتىدە بېسىلغان بىر خەۋەردە ئىشنىڭ پۈتۈن جەريانى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلدى . خەۋەرنىڭ ماۋزۇسى : « نەچچە كۈن ئىلگىرى ، يۇرتىمىزنىڭ ماتارىپ تارىخىدا يۈز بەرگەن ھەيران قالارلىق بىر ۋەقە » ئىدى .

جايلاردىكى گېزىتلەر شۇ ھامانلا بۇ خەۋەرنى كۆچۈرۈپ باستى . شۇنىڭ بىلەن ۋىتترنىڭ نامى بىردىنلا پۈتكۈل گېرمانىيىنى زىلزىلىگە سالدى . ئۇنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەنلەر تېخىمۇ كۆپەيدى ، ھەر ساھەدىكى زىيالىيلار ۋە ماتارىپچىلار مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا دەپ ، ئۇنىڭ بىلەن سىنىشىپ بېقىشتى ، ئاخىرى ئۇلارنىڭ ھەممىسى قايىل بولدى . ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ دەۋردىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان زىيالىيلار ئىدى .

نېمىسلار قەدىمدىن تارتىپلا ئالىملارنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى . گېرمانىيىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرىمۇ مۇشۇ ئىدى . ۋىتترنىڭ نامى جاھانغا تارقالغاندىن كېيىن لېيفسىگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر پروفېسسورى بىلەن شۇ شەھەردىكى مەلۇم بىر نوپۇزلۇق كىشى ۋىتترنى لېيفسىگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇشقا تەكلىپ قىلماقچى بولدى . ئۇلار ۋىتترنىڭ دادىسىنى قايىل قىلىپ ، شۇ شەھەردىكى توماس ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى لاۋېست دوكتورنى ۋىتتردىن بىر قېتىم ئىمتىھان ئالدۇرماقچى بولدى . دەسلەپتە ، ۋىتترنىڭ دادىسى ئۇلارنى قالايمىقان سوئال سوراپ قالارمىكىن دېگەن ئۆي بىلەن ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى . ئۇلارنىڭ تەكرار نەسىھەت قىلىشى بىلەن ۋىتترنىڭ دادىسى نائىلاج قوشۇلدى . لاۋېست دوكتور ھەرگىزمۇ ۋىتترنىڭ دادىسى پەرەز قىلغاندەك ئۇنداق ئادەم بولماستىن ، بەلكى ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ، خۇشخۇي ، مۇلايىم ئۆلىما ئىدى . ئۇ ۋىتترغا ئىمتىھان ئالغاندەك تەسىر بەرمەستىن ، بەلكى پاراڭلىشىش يولى بىلەنلا ئىمتىھاننى ئاياغلاشتۇردى . شۇنىڭ بىلەن لاۋېست دوكتور ۋىتترغا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش ئىسپاتى يېزىپ بەردى ، ئىسپات خېتىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى :

بۈگۈن مېنىڭ تەلىپىم بويىچە ، توققۇز ياشلىق كارىل ۋىتتردىن سىناق ئېلىندى . گرېك تىلىدىن ئىمتىھان ئالغاندا « ئىلىيادا » دىن بىر نەچچە ئابزاس تاللاندى ؛ لاتىن تىلىدىن « ئىلىيادا » دىن بىر نەچچە ئابزاس تاللاندى . لاتىن تىلىدىن

ئىمتىھان ئالغاندا « ئارىتوس » تىن بىر نەچچە ئابزاس تاللاندى ؛ ئىتالىيان تىلىدىن ئىمتىھان ئالغاندا گاللىينىڭ ئەسىرىدىن بىر نەچچە ئابزاس تاللاندى ؛ فرانسۇز تىلىدىن ئىمتىھان ئالغاندا ، مەلۇم بىر كىتابتىن بىر نەچچە ئابزاس تاللاندى . سوئاللارنىڭ ھەممىسى چۈشەنمەك بىر قەدەر تەس بولغان مەزمۇنلار ئىدى . ئەمما ۋىتېر ناھايىتى توغرا جاۋاب بەردى . ئۇنىڭ تىلشۇناسلىق بىلىمى مول بولۇپلا قالماي ، يەنە چۈشىنىش قابىلىيىتىمۇ كۈچلۈك بولۇپ ، ھەر قايسى جەھەتلەردە مول بىلىمگە ئىگە ئىكەن . ئاڭلىسام كىشىنى قايىل قىلىدىغان بۇ بىللىنى دادىسى ۋىتېر دوكتور تەربىيىلىگەن ئىكەن . مەن بۇ خىل تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى ئۆلىمالارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئەرزىيدۇ دەپ قارايمەن . ئومۇمەن ، بۇ بالا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش شەرتىنى پۈتۈنلەي ھازىرلاپتۇ . ئىلىم - پەن ساھەسىدە ئالغا بېسىشى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئىلىم تەھسىل قىلىشى ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەن .

لاۋسىت دوكتورنىڭ ئىسپاتنامىسى لېفسىگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن ، مەكتەپ ۋىتېرنىڭ كېلەر يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدە ئوقۇشقا كىرىشىگە قوشۇلدى . مەكتەپكە كىرگەن تۇنجى كۈنى دادىسى ئۇنى باشلاپ باردى ، مەكتەپ مۇدىرى كۆيىن دوكتور بۇ ئىشتىن ئىنتايىن خۇشال بولدى ھەمدە ئۇلار بىلەن چىرايلىق سۆھبەتلەشتى . شۇ كۈنى كويىن شەھىرىدىكى نوپۇزلۇق ئەربابلارغا بىر پارچە خەت ئەۋەتتى ، بۇ خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى :

لوخ كەنتىنىڭ باستىرى ۋىتېر دوكتورنىڭ ئوغلى كارىل ۋىتېر توققۇز يېشىدىلا 18 - 19 ياشتىكىلەردە كۆرۈلمەيدىغان ئەقلىي قابىلىيەت ۋە بىلىمنى ھازىرلاپتۇ . بۇ دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن دەسلەپكى تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسى . بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، مۇۋاپىق دەسلەپكى تەربىيە بالىلارنىڭ قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشتە كىشى ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە رول ئوينايدۇ . ئۇ فرانسۇز تىلى ، ئىتالىيان تىلى ، لاتىن تىلى ، ئىنگلىز تىلى ۋە گرېك تىلىدا يېزىلغان شېئىر ۋە ماقالىلەرنى ئۇستىلىق بىلەن تەرجىمە قىلالايدۇ . يېقىندا ئۇنى نۇرغۇن ئالىملار سىناپ بېقىپ ، ھەممىسى ھەيران قېلىشتى ، ھەتتا پادىشاھمۇ ئۇنىڭدىن ئىمتىھان ئېلىپ باقتى . ئۇ ئىنسانلار تارىخىدىن بۇيان ئەدەبىيات ، تارىخ ۋە جۇغراپىيە قاتارلىق جەھەتلەردە توپلىغان مول بىلىملەرگە ئىگە . بۇلارنىڭ ھەممىسى دادىسىنىڭ تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسى ، شۇڭلاشقا دادىسىنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلى ئوغلىنىڭ بىلىمىدىن قېلىشمايدىغانلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ دەپ ئېيتالايمىز .

ۋىتېرنىڭ دادىسى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشكە پادىشاھنىڭ رۇخسەت قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ، ۋىتېرنى ئېلىپ ، كاسلىغا باردى . ئۇ چاغدىكى پادىشاھ پروسسىيە پادىشاھى ئەمەس ، بەلكى ۋېسترولىيە پادىشاھى گېروم ( ناپالېئون I نىڭ ئىنىسى ) ئىدى . ئاتا - بالا ۋىتېرلارنىڭ كاسلىغا بارغان ۋاقتى دەل پادىشاھنىڭ ساياھەتكە چىقىپ كەتكەن ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالدى . ئۇلار ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ، ۋەزىر لارىست بىلەن كۆرۈشتى ، ۋەزىر لارىست ۋىتېرنى سىناپ بېقىپ ، باشقىلارغا ئوخشاشلا ھەيران قالدى .

ۋەزىر لارىست ۋىتېردىن تويتوغرا ئۈچ سائەت ئىمتىھان ئېلىپ بېقىپ ، نامىنىڭ بىكارغا تارقالمىغان مەشھۇر تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىگە ھەقىقەتەن ئىشەندى ، ئۇ ۋىتېرنى چەت ئەلگە ئېلىپ بېرىش بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش دەپ ئويلايتتى ، چۈنكى ، ئەينى چاغدا لېفسىگ ساكسونغا تەۋە ئىدى . ئۇ ۋىتېرنىڭ دادىسىدىن بالا تەربىيىلەش توغرىسىدا نۇرغۇن سوئاللارنى سوراپ ، ئاخىرىدا ئاتا - بالا ئىككىسىنى لېفسىگقا بارغۇزماي ، دۆلەت ئىچىدە ئېلىپ قېلىشنى قارار قىلدى .

ئەتىسى ، ۋەزىر لارىست كەچلىك زىياپەت راسلاپ ئاتا - بالا ۋىتېرلار بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىرلىرىنى كۈتۈۋالدى . زىياپەتتىمۇ ۋىتېرنى سىناپ باقتى . ۋىتېر ۋەزىرلەرنىمۇ ئاجايىپ رازى قىلىۋەتتى . ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ ، پادىشاھنى لېفسىگ شەھىرىنىڭ يۇقىرىلىرى ئۈستىگە ئالىدىغان مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ ، ئۇلارنى دۆلەت ئىچىدە ئېلىپ قېلىپ ، لېفسىگقا بارغۇزماي دۆلەت ئىچىدىكى خاۋرى ئۇنىۋېرسىتېتى ياكى گىرتىگىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتۇشنى تەكلىپ قىلدى .

ۋىتېر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۆگىنىش ، تۇرمۇش جەھەتلەردە ناھايىتى ئەركىن - ئازادە ، خۇشال ئىدى . 10 چامىسىدىكى بالا 20 ياش ئەتراپىدىكى بالىلار بىلەن بىللە ئوقۇسا ، جەزمەن جىددىيلىشەتتى ، ئەمما ۋىتېر ئۆگىنىشتە ھەرگىزمۇ جىددىيلىك ھېس قىلمايتتى . ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئويۇن ئوينايتتى ۋە پائالىيەتلەرگە قاتنىشاتتى ھەمدە ھەمىشە ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەۋرىشكىسىنى يىغاتتى . ئۇ رەسىم سىزالايتتى ، پىئانىنو چالالايتتى . ئۇسسۇل ئويناشنى بىلەتتى ، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا كلاسسىك تىل ۋە يېقىنقى زامان تىلىنى تەتقىق قىلىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدى .

ئىككىنچى يىلى يازدا ، يەنى ئىككىنچى ئوقۇش مەۋسۇمىنىڭ ئاخىرىدا پادىشاھ گېروم گىرتىگىن ئۇنىۋېرسىتېتىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ ، مەكتەپنى كۆزدىن كەچۈرگەن ئىدى . پادىشاھ مەكتەپتىكى ھەر قايسى جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆسۈملۈك باغچىسىغا بارغانىدى . ۋىتېر شۇ ئوقۇش مەۋسۇمىدا بوتانىكىدىن لېكسىيە ئاڭلىغاچقا ، باشقا ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە ئۆسۈملۈكلەر باغچىسىدا ئىدى ، پادىشاھقا ھەمراھ بولۇپ كەلگەنلەر ئىچىدە ۋەزىر لارىستمۇ بار ئىدى . ئۇ بىر كۆرۈپلا ۋىتېرنى تونۇۋالدى ھەمدە پادىشاھقا تونۇشتۇردى ، پادىشاھ ناھايىتى خۇشال ھالدا ۋىتېر بىلەن پاراڭلاشتى .

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ۋىتېرنى پادىشاھنىڭ خانىمى بىلەن كۆرۈشتۈردى ھەمدە دادىسىنىڭ بىللە كىرىشىگىمۇ رۇخسەت قىلدى . پادىشاھ ئۇنىڭ بىلەن بەزى ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەشتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈردى ، ھەمدە ئۇنى مەڭگۈ قوغدايدىغانلىقىنى ، خاتىرجەم ئۆگىنىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

ئاتا - بالا ۋىتېرلار پادىشاھ ھوزۇرىدىن قايتىپ چىققاندا ، يۇقىرى تەبىقىدىكى خانىملار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ، ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كېتىشتى . ئاندىن كېيىن ئىككى گېنېرال ۋىتېرنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ، پادىشاھ ماشىنىغا چىقىپ كەتكىچە ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپ ئۇزىتىپ قويدى . ئەينى چاغدا ئاران 11 ياشتا ئىدى .

1812 ـ يىلى قىشتا ، يەنى بەشىنچى ئوقۇش مەۋسۇمىدا ، ۋىنېر 12 يېشىدا سىپرال سىزىق توغرىسىدىكى دىسسېرتاتسىيىسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىپ ، ئالىملارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى . ئۇ يەنە ئۆزى كەشىپ قىلغان ئىنتايىن ئاددىي رەسىم سىزىش قوراللىرىنى كىتابتا ئېلان قىلغانلىقتىن ، كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ زور ئالقىشىغا ئېرىشتى .

ئۇ يەتتىنچى ئوقۇش مەۋسۇمىدا بىر تەرەپتىن سىياسىي تارىخنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنسە ، يەنە بىر ياقتىن ۋاقىت چىقىرىپ ، ئۈچ بۇلۇڭ تېخنىكىسى دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقتى . ئەينى چاغدا ئۇ ئاران 13 ياشتا ئىدى . بۇ كىتاب شۇ ھامانلا نەشردىن چىقمىدى . ئۇ 1815 ـ يىلى گىرىتگىن ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئايرىلىپ ، خادېسبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بارغاندىن كېيىن نەشردىن چىقتى .

1813 ـ يىلى ۋىنېرنىڭ دادىسى پادىشاھنىڭ ئوقۇتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى ، ئوقۇتۇرۇشتا ۋىنېرنى يەنە تۆت يىل ئوقۇش پۇلى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقى يېزىلغان ئىدى . 1814 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ، ۋىنېر ۋىشىزلالغا بېرىپ ساياھەت قىلدى ھەمدە جېمزون ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلدى . بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پروفېسسورلىرى ئۇنى ئىنتايىن قارشى ئالدى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشىپ ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ( بولۇپمۇ 1812 ـ يىلى ئاشكارا ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىسىنىڭ قىممىتى ) گە بىردەك قايىل بولۇشتى . 1814 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى مەكتەپ مۇدىرى ھولا مارىلى دوكتور پەلسەپە ئىلمى بويىچە ئۇنىڭغا دوكتورلۇق ئۇنۋانى بەردى . ئارقىدىنلا ئۇ يەنە ماربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلىپ ، ئوخشاشلا قىزغىن قارشى ئېلىشقا ئېرىشتى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، گىسون ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىڭغا دوكتورلۇق ئۇنۋانى بەرمىگەن بولسا ، ماربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىمۇ ئۇنىڭغا پەلسەپە ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىشكە تەييارلىق قىلىپ قويغان ئىكەن .

گىرىتگىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سەككىزىنچى ئوقۇش مەۋسۇمىدىكى ئوقۇش پۇلىنى خانوۋېر ، فرانسۇيك ، خېسسىن قاتارلىق ئۈچ دۆلەت ھۆكۈمىتى چىقىرىدىغان بولغاچقا ، ئاتا ـ بالا ۋىنېرلار برۇۋتسۇيكقا ئوقۇش پۇلىنى ئالغىلى بارغاندا ، شۇ جايدىكى ئەمەلدارلار ئۇلارنى فرانسۇيكنىڭ كىنەزىگە تونۇشتۇردى . ئۇلارنىڭ بېرىشى كىنەزنىڭ ساياھەتكە چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالدى ، ئەمما كىنەز ئۇلارنى يەنىلا خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋالدى ، ئۇلار بىلەن نۇرغۇن پاراڭلارنى قىلىشتى ھەمدە ئۇلارنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئەنگلىيىگە بېرىپ ئوقۇشقا تەكلىپ قىلدى . شۇنداقلا يەنە ئۇلار بېرىشنى خالىسىلا ، دۆلەت ئىچىدىكى تۇغقانلىرىغا تونۇشتۇرۇپ قويىدىغانلىقى ھەمدە ئوقۇش پۇلىنى چىقىرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

ئۇلار ئوقۇش پۇلىنى ئېلىش ئۈچۈن خانوۋېرغا بارغاندا يەنە دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى . چۈنكى ، ۋىنېر ئىلگىرى سارتۇدىلغا بېرىپ ماتېماتىكىدىن دوكلات بېرىپ كىشىلەرنىڭ ناھايىتى ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى . ئۇلار خانوۋېردا كۆپچىلىكنىڭ قانداق تەلىپى بارلىقىنى سورىغاندا ، ئۇلار ماتېماتىكا توغرىسىدا بەزى مەسىلىلەرنى سۆزلەپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . ۋىنېر ئۇلارنىڭ تەكلىپنامىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئىككىنچى كۈنىلا شۇ جايدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ چوڭ زالىدا ماتېماتىكا توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلىدى . ئۇ ، 1814 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بولۇپ ، ۋىنېر شۇ يىلى ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەن ئىدى . ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاشقا شەھەردىكى زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى كەلگەنىدى . ئۇ نۇتۇقنى يېقىملىق گېرمان تىلىدا راۋان ھەم ئېنىق قىلىپ سۆزلىدى . ئۇدا نەچچە كۈن ياخشى دەم ئالماي ھەر كۈنى كەچ يېتىپ ، ياخشى تەييارلىق قىلالمىغاچقا ، ھەتتا بەزىلەر ئۇ نۇتۇق سۆزلىگەندە كەينىدە ئورىگىنال بارمىدۇ دەپ گۇمان قىلىشتى . كېيىن غەلىتە نەرسىلەرنى ئىزدەيدىغان بۇ كىشىلەر ۋىنېرنىڭ كەينىدە ئورىگىنالنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قىلىشتى ، ۋىنېرمۇ ئۇلارنىڭ نېمە ئويلايدىغانلىقىنى بىلىپ ، گۇماننى يوق قىلىش ئۈچۈن ، قەستەن مۇنبەردىن ئايرىلىپ ، ئورىگىنالنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرۈپ قويدى . شۇنىڭ بىلەن تىڭشارمەنلەر تېخىمۇ قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى . ۋىنېر گۈلدۈراس ئالقىشلار ئىچىدە نۇتقىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن ، ھۆكۈمەت تەرەپ ئۇنىڭ تالانتىنى ھەقىقەتەن ئېتىراپ قىلدى ھەمدە ئىلگىرى ئۈستىگە ئالغان ئوقۇش پۇلىدىنمۇ كۆپ راسخوت بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى . كىنەز گىرىنبورگ . فرانسۇيكقا ئوخشاشلا ئۇلارنى ئەنگلىيىگە بېرىپ ئوقۇشقا تەكلىپ قىلدى ھەمدە مەكتەپكە تونۇشتۇرۇپ قويۇشقا ۋە ئوقۇش پۇلىنى چىقىرىشقا قوشۇلدى . ئۇلار خېسسىنغا بارغاندىمۇ ئوخشاشلا قىزغىن قارشى ئېلىشقا ئېرىشتى ، شۇنداقلا يەنە ھەمىشە ئوردىغا بېرىپ مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىندى .

ۋىنېر گىرىتگىن ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، دادىسى ئۇنىڭ كېيىنكى چىقىش يولىنى ئويلاشتى . ئەگەر ۋىنېرنى بالدۇر نام چىقارسۇن دەپ ھېسابلىغاندا ، ئۇنى شۇ چاغقىچە ئۆگەنگەن بىلىملىرى بىلەن مەلۇم بىر ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇزماقچى بولدى ، ئەمما ، ئىنچىكە تاللاش ئارقىلىق دادىسى بۇ خىيالىدىن ۋاز كەچتى . ئۇ ، ئۇنداق قىلغاندا ۋىنېر بىرلا ساھە بىلەن چەكلىنىپ قالىدۇ دەپ قارايتتى . شۇڭا ۋىنېرنىڭ تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئىگىلىشى ئۈچۈن ، ئۇنى قانۇن ئۆگىنىشكە ئەۋەتىشنى قارار قىلدى . مەلۇم بىر ماتېماتىكا پروفېسسورى بۇ ئىشنى بىلىپ ئىنتايىن ئەپسۇسلىنارلىق ھېس قىلدى . ۋىنېرنىڭ دادىسى نېمە ئۈچۈن بۇ قارارنى چىقىرىدۇ ؟ چۈنكى دادىسى : كەسىپ يۆنىلىشىنى تاللاش 18 ياشتىن كېيىنكى ئىش ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھەممە بىلىمنى ئۆگىنىشى كېرەك . 18 ياشتىن كېيىن ، ئەگەر ۋىنېر يەنىلا ماتېماتىكىنى ياخشى كۆرسە ، ئۇ چاغدا ماتېماتىكا بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ ، دەپ قارايتتى .

شۇنىڭدىن كېيىن ۋىنېر ھەيدېل ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ مەخسۇس قانۇن ئۆگەندى . ئىككى يىلدىن كېيىن ، ئۇ 16 يېشىدا قانۇن پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى . شۇنداقلا يەنە بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن پەنلىرى پروفېسسورلۇقىغا تەيىنلەندى .

ۋىنېرغا بېرىلگەن پروفېسسورلۇق نام تېخى رەسمىلەشمەستىنلا ئۇ يەنە پروسىيە پادىشاھىنىڭ ئۇنىڭ ئىتالىيىگە بېرىپ ئوقۇشى ئۈچۈن ئەۋەتكەن مۇكاپات پۇلىنى تاپشۇرۇۋالدى ، ۋىنېر

فىلاروسىيىدىكى ۋاقتىدا ، دانتى ئەسەرلىرىنىڭ سېھرىي كۈچىنى تاسەددىپىيلا بايقاپ قالدى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دانتىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ كېتەتتى . بىر مەزگىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ خەلقئارانىڭ دانتىغا قاراتقان تەتقىقاتىدا نۇرغۇن خاتالىقلارنىڭ بارلىقىنى بايقىدى . ۋىتىر چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق 1823 ـ يىلى ، 23 يېشىدا « دانتى تەتقىقاتىدىكى خاتا چۈشەنچىلەر » دېگەن كىتابنى ئاشكارا نەشر قىلدۇردى كىتابتا ئۇ ئەينى چاغدا دانتىنى تەتقىق قىلغانلارنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بېرىپ ، دانتى تەتقىقاتى ئۈچۈن يېڭى بىر توغرا يولنى ئېچىپ بەردى .

تەبىئىكى ، ۋىتىر پروسىيە پادىشاھىنىڭ ئۇنىڭغا ئىتالىيىگە بېرىپ ئوقۇش ھەققىدە بەرگەن تەكلىپىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى . چۈنكى ، پروسىيە پادىشاھى ئۇنىڭ باشقا دۆلەتتە قانۇننى كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىپ ، بىر داڭلىق قانۇنشۇناس بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتى . شۇڭلاشقا ئۇ ئىتالىيىدە قانۇننى تەتقىق قىلىشقا ئىزچىل بېرىلىپ كەتتى . دانتى تەتقىقاتى بولسا ، ئۇنىڭ بىر خىل ئىشتىن سىرتقى قىزىقىشى بولدى ، خالاس . ۋىتىر بىر نەچچە يىل ئىلىم ـ تەھسىل قىلىپ 1820 ـ يىلى ۋەتىنىگە قايتتى ھەمدە 1821 ـ يىلدىن باشلاپ گلاسكوۋ ئۇنىۋېرسىتېتىدا قانۇنشۇناسلىق دەرسى ئۆتتى . ئۇ يەردە ئون نەچچە يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندىن كېيىن ، 1834 ـ يىلى خاررى ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ باردى . ۋىتىر ئۆتكەن دەرستە مول بىلىمگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن ، ئىپادىلەش قابىلىيىتىدىمۇ ناھايىتى ياخشى بولدى . شۇڭلاشقا كىشىلەر ئۇنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى . شۇنداق قىلىپ ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە تاكى 1883 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكىچە 83 ياش ئۆمۈر كۆردى .

## « كارىل ۋىتىرنىڭ تەربىيىلىنىشى »

ۋىتىر داڭق چىقارغاندىن كېيىن ، كىشىلەر باشقا مائارىپچىلارنىڭ قابىلىيەتسىزلىكىنى ئەيىبلىدى ، ھەتتا ئۇلار نېمە ئۈچۈن بالىلىرىمىزنى تەربىيىلەپ ۋىتىرغا ئوخشاش ئادەم قىلىپ چىقالمايدۇ دەپ ئاغرىنىشتى . شۇڭلاشقا بەزى ئىدىيىسى قالاق مائارىپچىلار ۋىتىرنىڭ دادىسىغا تېخىمۇ ئۆچمەنلىك قىلدى .

ئەينى ۋاقىتتا ۋىتىرنىڭ ئادەتتىكى بالىلاردىن ئېشىپ چۈشكىدەك نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرى بولسىمۇ ، ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر يەنىلا ئۇ دېگەن تۇغما تالانتلىق ، ھەرگىزمۇ تەربىيىلىگەنلىكنىڭ نەتىجىسى ئەمەس ، دەپ قارايتتى . شۇنداق بولغاچقا ، ۋىتىرنىڭ دادىسى ئامالسىز ھالدا مۇنداق دېدى :

« كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئوغلۇمنى تۇغما تالانتلىق ، تەربىيىلىگەنلىكنىڭ نەتىجىسى ئەمەس دېيىشىدۇ . نۇرغۇن كىشىلەر مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمەيدۇ ، ھەتتا نۇرغۇن يېقىن ئاغىنىلىرىممۇ ئىشەنمەيدۇ . ئەگەر پەرۋەردىگار راستىنلا ماڭا بىر تۇغما تالانتلىق ئوغۇل ئاتا قىلغان بولسا ، بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ماڭا قىلغان شاپائىتى بولۇپ ، بۇنىڭدىن ئارتۇق بەخت بولماس ئىدى . لېكىن ، ئەمەلىيەتتە ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس . » ۋىتىرنىڭ دادىسى ئۆكتىچىلەرنىڭ ئۆچمەنلىكىنى تۇگىتىپ ، توغرا بولغان تالانت قارىشىنى كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى جامائەتچىلىككە ئاشكارىلىماقچى بولدى .

ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ ئۆزىنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى ئاشكارىلىماقچى بولغانلىقىنىڭ ئىككىنچى سەۋەبى ، دوستلىرىنىڭ غەمخورلۇقىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئىدى . خۇددى ئۇ قايغۇرغاندەك ، كىچىك ۋىتىرنىڭ داڭق چىقارغاندىن كېيىن ، نۇرغۇن دۈشمەنلىكلەرگە دۇچ كەلدى . ئەمما ، يەنە نۇرغۇن ياخشى دوستلار بىلەن تونۇشتى . ئۇ كىتابىدا مۇنداق يازدى :

دوستلىرىم مېنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلۇمغا ناھايىتى ھېسداشلىق قىلىپ ، ھەمىشە سۆزلىشىش ياكى خەت ـ ئالاقە قىلىش ئارقىلىق مېنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇردى . شۇڭلاشقا مەنمۇ ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىدىن دائىم تەسىرلىنىپ تۇردۇم . بەزىدە يىغلاپ كەتتىم . مۇۋەپپەقىيىتىمنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقى ۋە مەدەتىدىن كەلگەن . ئۇلارنىڭ ياخشىلىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن . دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى تەربىيىلەش ئۇسۇلۇمنى كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقىپ جامائەتچىلىككە ئاشكارىلىشىمنى ئۈمىد قىلغان . ئەمما مەن ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلغان ئىدىم ، ئاخىرىدا ئۇلار يەنىلا مېنى قايىل قىلدى . شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلىشى بىلەن بۇ كىتابىمنى ئاشكارىلاشنى قارار قىلدىم . ئەمما مېنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلۇمنى قوللانغانلىكى كىشى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ دەپ كېسىپ ئېيتالمايمەن . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بالىلارنىڭ ھەممىسىنى مېنىڭ بالامنى تەربىيىلىگەن ئۇسۇل بويىچە تەربىيىلەشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارايمەن . ئەمما مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى ، مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، مېنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلۇمنى قوللانسا ، چوقۇم ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ . »

فىستالوز كارىل ۋىتىرنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى تۇنجى بولۇپ ئېتىراپ قىلغان كىشى ئىدى . كىشىلەر بۇنداق تەربىيىلەش ئۇسۇلىغا گۇمانىي نەزەر بىلەن قاراۋاتقاندا ، فىستالوز يەنىلا قەتئىيلىك بىلەن : « سېنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلۇڭ چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ » دەپ ۋىتىرغا ئىلھام بەرگەن ئىدى . فىستالوزدىن باشقا ، پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسور جورنانمۇ ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلىپ ، تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقىپ ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن . تۆۋەندە فىستالوز ئەپەندىنىڭ ۋىتىرنىڭ دادىسىغا يازغان خېتىنى كۆرۈپ باقايلى :

ھېلىمۇ ئېسىمدە ، 14 يىل ئىلگىرى بوۋفالېدا سېنىڭ بىلەن مائارىپ مەسىلىسى توغرىسىدا سۆزلەشكەنىدۇق . ئەينى چاغدا ، سەن ئالاھىدە تەربىيىلەش ئۇسۇلۇڭ بىلەن بالاڭنى ناھايىتى ياخشى تەربىيىلەپ چىقالايدىغانلىقىڭنى ئېيتقانىدىڭ ، 14 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ، بىز ئوغلۇڭنىڭ سەن ۋەدە قىلغاندىكىدىنمۇ ياخشى تەربىيىلىگەنلىكىنى كۆردۇق .

ئەمما ، ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەنمىگەن ئادەملەر ئاۋۋال قىلدەكلا بۇنىڭ سېنىڭ تەربىيىلىگەنلىكىڭنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىدۇ ياكى ئوغلۇڭنى تۇغما تالانتلىق دەپ قارايدۇ . شۇڭلاشقا تەربىيىلەش ئۇسۇلۇڭنى جامائەتچىلىككە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ ، دۇنيادىكى بالىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ

سىنىڭ تەربىيلەش ئۇسۇلۇڭنىڭ ئۇنۇمىگە ئېرىشىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتىمەن . بۇ بىر ئەھمىيەتلىك ئىش . ياخشىراق ئويلىنىپ باققىن .

سېنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى چاكىرىڭ ۋە دوستۇڭ

فىستالوز

1818 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

كارىل ۋىتىر ئۆكتىچىلەرنىڭ بېسىمى ۋە قوللىغۇچىلارنىڭ مەدىتى بىلەن 1818 ـ يىلى « كارىل ۋىتىرنىڭ تەربىيلىنىشى » دېگەن كىتابىنى يېزىپ چىقتى ، بۇ كىتاب دۇنيادا بالىلارنى تەربىيلەيدىغان ئۆز سەرگۈزەشتىسى يېزىلغان تۇنجى ئەسەر بولۇپ قالدى .

« كارىل ۋىتىرنىڭ تەربىيلىنىشى » جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن ، ئەينى چاغدا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى بەكمۇ تارتىپ كەتمىگەن ئىدى ، ھەتتا نەشر قىلىش رەت قىلىنغان ئىدى . ھازىرغىچە ئۇ كىتابتىن بىر نەچچە پارچىسىلا ساقلىنىپ قالغان ئىدى . قىزىقارلىقى شۇكى ، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا بىر پارچە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇ كىتاب ئامېرىكىدىكى بىردىنبىر تېپىلماس كىتاب ئىكەن . شۇڭلاشقا ئۇ كۇتۇپخانا ئۇ كىتابنى ئەتىۋارلىق بۇيۇم دەپ قاراپ قىممەتلىك بۇيۇملار ئۆيىگە تىزىپ قويۇپتۇ .

ئەينى چاغدا بۇ كىتاب سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغانىدى . بۇ بەلكىم كىتابنىڭ سەھىپىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە بايان قىلىش شەكلىنىڭ كىشىنى جەلپ قىلالماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن ، كىتاب 1000 بەتتىن ئارتۇق بولۇپ ، كۆپ جايلىرى باش تېمىدىن چەتنەپ كەتكەن قۇرۇق مۇلاھىزە ئىدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى قالايمىقان ، تەرتىپسىز يېزىلغانىدى . گەرچە كېيىن ۋىتىر دوكتور بۇ كىتابنىڭ پايدىلىق جايلىرىنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ ، ئەسلى ئەسەردىكى مۇناسىۋەتسىز مەزمۇنلارنى قىسقارتىپ ، سەھىپىسىنى 300 بەت ئەتراپىدا قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما يەنىلا كىشىگە تومتاق ۋە زېرىكىشلىك بىلىنەتتى .

كىتابنىڭ ئىپادىلەش شەكلىدە مەسىلە بولغاندىن باشقا ، تېخىمۇ مۇھىم سەۋەب ، بەلكىم كىتابتا بايان قىلىنغان ئىدىيە بىلەن ئەينى چاغدىكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنىڭ تۈپتىن ئوخشىماسلىقى بولۇشى مۇمكىن . ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ تەربىيلەش نەزەرىيىسىنىڭ يادروسى : بالىلارنى ئەقىل نۇرى يېتىلگەندىن باشلاپلا تەربىيلەش كېرەك ، دېگەندىن ئىبارەت . ئەمما ئەينى چاغدا پۇت تىرەپ تۇرۇۋاتقان يېتەكچى ئىدىيە بولسا : بالىلارنى يەتتە ـ سەككىز يېشىدىن باشلاپ تەربىيلەش كېرەك دېگەندىن ئىبارەت ئىدى ، بۇ سەپسەتىگە ئەينى چاغدا كىشىلەر شەك ـ شۈبھىسىز ئىشىنەتتى . بۇ سەپسەتىدىن باشقا يەنە ئاتا ـ ئانىلارنى ئىنتايىن ۋەھىمىگە سالىدىغان بىر كۆز ـ قاراش بار ئىدى ، ئۇ بولسىمۇ : دەسلەپكى تەربىيە بالىلارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيانلىق دېگەندىن ئىبارەت ئىدى . شۇڭلاشقا ، بۇ خىل ئىدىيىنىڭ يامراپ كېتىشى بىلەن ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ تەربىيلەش نەزەرىيىسى ئەينى چاغدا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ھەتتا چاكىنا نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى . ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۇنىڭ نەزەرىيىسىدىن پايدىلىنىپ « ئاددىي ئادەم » نى مەشىق قىلدۇرۇپ « تالانتلىق » قىلىپ چىقىمىز دېگەن ئارزۇسىدىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايتتى .

كارىل ۋىتىر بىر تالانتنى بارلىققا كەلتۈرۈپلا قالماي ، يەنە ئوغلىنى كىچىكىدىن باشلاپ تەربىيلەپ ، داڭق چىقىرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارنىڭ ئۈلگىسى قىلدى ، شۇنداقلا يەنە ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى مەخپىيەتلىكنى جامائەتچىلىككە ئاشكارىلاپ ، كېيىنكىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن تۇنجى ئۈلگىلىك كىتاب بىلەن تەمىن ئەتتى . تۆۋەندە ئۇنىڭ تەربىيلەش ئىدىيىسىنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمىز .

### پەقەت ئېپىنى تېپىپ تەربىيلىسىلا ، ئادەتتىكى بالىلارمۇ تالانتلىق بولۇپ چىقالايدۇ .

ئىلۋىتسىيو مۇنداق دېگەنىدى : « ئادەتتىكى بالىلارنىمۇ ، پەقەت ئېپىنى تېپىپ تەربىلىيەلىسىلا ، تالانتلىق بولۇپ چىقالايدۇ . » كارىل ۋىتىر باشقىلارغا بۇ قائىدىنى دائىم تەشۋىق قىلاتتى .

بۇ دەۋرىمىز كىشىلىرى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىپ بولغان نۇقتىئىنەزەر . ئەينى چاغدا بۇنداق قىلىش ئۇنچىلىك ئوڭاي ئەمەس ئىدى . جەمئىيەتتە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل تالانت قارىشى مەۋجۇت ئىدى . بىر خىلى تۇغما تالانتنى تەكىتلەپ ، ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئۇنىڭ تۇغما تالانتىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بەلگىلەيدۇ ، مۇھىتنىڭ رولى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ دەپ قارايتتى . يەنە بىر خىل قاراشتا مۇھىتنىڭ رولى تەكىتلىنىپ ، تۇغما تالانتنىڭ رولى ئانچە مۇھىم ئەمەس دەپ قارايتتى . بۇ ئىككى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ ۋەكىللىرى روسسو بىلەن فىستالوز ئىدى . ئىلۋىتسىيو بولسا فىستالوز ئېقىمىدىكىلەرنىڭ پېشىۋاسى ئىدى . ئۇ : ئادەم تۇغۇلغاندا ھەممىسى ئوخشاش بولىدۇ ، مۇھىت ، بولۇپمۇ بالىلىق مەزگىلىدىكى مۇھىت ئوخشىمىغاچقا ، بەزىلەر بەلكىم تالانتلىق ياكى داڭلىق شەخس بولۇپ چىقىدۇ ، يەنە بەزىلەر ئادەتتىكى ئادەم ياكى كالۋا بىر ئادەم بولۇپ چىقىدۇ ، دېگەنگە قەتئىي ئىشىنەتتى .

ۋىتىرنىڭ دادىسى ئىلۋىتسىيو تەلىماتىنىڭ تەسىرلەندۈرۈشى بىلەن بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە تۇغۇلغاندىن كېيىنكى تەربىيىنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەن . بىز خۇددى يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكىنىمىزدەك ، ۋىتىرنىڭ دادىسى ئوغلىنى تەربىيلەش جەريانىدا ، ئۆزىنى ماتارىپچى دەۋالغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئۆچمەنلىكىگە باشتىن ـ ئاخىر ئۇچراپ كەلگەنىدى . چۈنكى ئۇنىڭ تەربىيلەش ئىدىيىسى ئاشۇ نوپۇزلۇقلاردا شەكىللىنىپ بولغان ئەقىدىگە خىلاپ ئىدى . ئىلۋىتسىيونىڭ قارىشىغا ئوخشىمايدىغىنى شۇكى ، ۋىتىر بالىلارنىڭ تۇغما تالانتىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلاتتى . بەزىلەر سەن بالىلارنىڭ تۇغما تالانتىدا پەرق بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمىدىڭ دەپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغان . ئەمما ، ئۇ يەنىلا قەتئىي قوشۇلمىغان .

ئۇ بالىلارنىڭ تۇغما تالانتى ئەلۋەتتە پەرقلىق بولىدۇ ، بەزى بالىلارنىڭ كۆپرەك بولىدۇ ، بەزى بالىلارنىڭ ئازراق بولىدۇ دەپ قارايتتى . بىز ئەگەر ئەڭ بەختلىك ھالدا تۇغما

تالانتى 100 بولغان بالىدىن بىرنى تۇغساق، ئۇنداقتا تۇغۇلغاندىكى لەۋانىڭ تۇغما تالانتى تۇغما بۇنداق نورمال بالىدىن تۆۋەن بولىدۇ. ئەمما، ئادەتتىكى بالىلارنىڭ تۇغما تالانتى تەخمىنەن 50 ئەتراپىدا بولىدۇ.

ئەگەر بالىلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل ئۇسۇل بىلەنلا تەربىيىلەنسە، ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ تەقدىرى تۇغما تالانتىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئەمما ھازىرقى بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇكەممەل بولمىغان مائارىپتا تەربىيىلىنىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلار تۇغما تالانتىنىڭ يېرىمىنىمۇ جارى قىلدۇرالمايدۇ. مەسىلەن، تۇغما تالانتى 80 بولغانلار پەقەت 40 نى جارى قىلدۇرالىشى مۇمكىن؛ تەبىئىي تالانتى 60 بولغانلار پەقەت 30 نى جارى قىلدۇرالىشى مۇمكىن.

شۇنداق بولغانلىقتىن، مۇشۇ كەمچىلىكنى نەزەرگە ئېلىپ، بالىلاردىكى تۇغما تالانتىنىڭ سەككىز، توققۇز ھەسسىسىنى جارى قىلدۇرالايدىغان ئۈنۈملۈك مائارىپنى قويساق، دۇنياغا كەلگەندە تۇغما تالانتى 50 بولغان ئادەتتىكى بالىلارنىمۇ تۇغۇلغاندا تۇغما تالانتى 80 بولغان بالىلاردىنمۇ ئۈستۈنرەك ھالغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئەگەر تۇغما بىلىمى 80 بولغان بالىنىمۇ ئوخشاش مائارىپنى يولغا قويىدىكەنمىز، ئۇنداقتا ئالدىنقىسى كېيىنكىسىگە يېتەلمەيدۇ. بىز بۇنىڭلىق بىلەن ئۈمىدسىزلىنەلمەسلىكىمىز كېرەك، چۈنكى تۇغۇلۇشىدىلا ئادەتتىن تاشقىرى تۇغما تالانتى بار بولغان بالىلار كۆپ ئەمەس، كۆپىنچە بالىلارنىڭ تۇغما تالانتى 50 ئەتراپىدا بولىدۇ.

ۋىتىر تارىختىن بۇيانقى ئۇلۇغ كىشىلەر ۋە تالانتلىقلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مۇنداق ياكى ئۇنداق كەمچىلىكى بارلىقىنى بايقىغان. ئۇ ئەگەر ئۇلارغا يەنىمۇ دانا بولغان مائارىپ تەربىيىسى بېرىلگەن بولسا، ئۇلار چوقۇم تېخىمۇ ئۇلۇغ، تېخىمۇ ساغلام، تېخىمۇ مۇلايىم تېخىمۇ كەڭ قورساق، تېخىمۇ داڭلىق تېخىمۇ دانىشمەن، تېخىمۇ ھەققانىيەتچى، تېخىمۇ بىلىملىك، تېخىمۇ كەمتەر ۋە تېخىمۇ قەتئىي ئىرادىلىك بولغان بولارئىدى، بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، تېخىمۇ مۇكەممەل، كامالەتكە يەتكەن ئۇلۇغ ۋە تالانتلىق بولۇپ چىقالايتتى، دەپ قارىغان.

ئۇنىڭ قارىشى بويىچە: ئەگەر دۇنياغا كەلگەندىلا ئادەتتىن تاشقىرى تۇغما تالانتى بار بالىلارنى دانا ئۇسۇل بىلەن تەربىيىلىسە، ئۇنداقتا ئۇلار مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە تەرەققىي قىلىدۇ. ئەمما، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، تۇغۇلۇشىدىلا ئادەتتىن تاشقىرى تۇغما تالانتلىق بالىلار ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ.

شۇڭلاشقا، كارل ۋىتىر: بالىلارنى ئەقىل نۇرى ئېچىلىغاندىن باشلاپلا تەربىيىلەش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن تالانتلىقلارنى تەربىيىلەپ چىققىلى بولىدۇ دەپ قارىغان. ئۇ بۇ قائىدىنى يەنىمۇ چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بامبۇك دەرىخىنى مىسال قىلغان.

ئەگەر بىر تۈپ بامبۇك دەرىخىنى ئارزۇ قىلغىنىمىزدەك ئۆستۈرسەك 30 مېتىر ئېگىزلىككىچە ئۆسەلەيدۇ، ئۇنداقتا بىز بۇ دەرەخنىڭ 30 مېتىر ئېگىزلىككىچە ئۆسىدىغان ئېھتىماللىقى بار دەپ ئېيتالايمىز. ئوخشاش قائىدە بويىچە، بىر بالىنىمۇ ئارزۇ قىلغىنىمىزدەك ئۆستۈرسەك، قابىلىيىتى تولۇق تەرەققىي قىلغان ئادەم بولۇپ چىقالايدۇ. ئۇنداقدا، بىز بۇ بالىنى تولۇق يوشۇرۇن قابىلىيەتكە ئىگە دەپ ئېيتالايمىز. ئەمما، كۈتكىنىمىزدەك ھالەتكە يەتكۈزۈش ھەمىشە ناھايىتى تەس بولىدۇ. شۇڭلاشقا بامبۇك دەرىخىنىڭ 30 مېتىر ئېگىزلىككىچە ئۆسەلىگىدەك ئېھتىماللىقى بولسىمۇ، راستىنلا 30 مېتىر ئېگىزلىككىچە ئۆستۈرۈش ناھايىتى تەس. ئادەتتە 12 مېتىر ياكى 14 مېتىر ئەتراپىدا ئۆسەلىشى مۇمكىن، ئەگەر مۇھىت ياخشى بولمىسا، پەقەت ئالتە ـ توققۇز مېتىرغىچىلا ئۆسەلەيدۇ. ئەگەر ئۇنى ئوغۇتلاپ، ياخشى پەرۋىش قىلسا، 18 مېتىر ياكى 21 مېتىرغىچە، ھەتتا 25 مېتىر ياكى 27 مېتىرغىچە ئۆسۈشى مۇمكىن، ئوخشاش قائىدىدە، تۇغۇلۇشىدىلا تۇغما قابىلىيىتى تولۇق بىر بالىنى ئەگەر پۈتۈنلەي ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپ، باشقۇرمىسا، پەقەت قابىلىيىتىنىڭ 20 سى ياكى 30 سى بار بولغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. يەنە شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئىككى ئۈلۈش ياكى ئۈچ ئۈلۈشكىلا يەتكۈزەلەيدۇ. ئەمما، ياخشى تەربىيىلەنسە، قابىلىيىتىنى 60 ياكى 70 كە يەتكۈزگىلى بولىدۇ، ھەتتا ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ 80 ياكى 90 بولغان ئادەمگە ئايلىنالايدۇ. يەنە يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئالتە ئۈلۈش ياكى يەتتە ئۈلۈشكە، ھەتتا سەككىز ئۈلۈش، توققۇز ئۈلۈشكىمۇ يەتكۈزگىلى بولىدۇ. تەربىيىلەشنىڭ غايىسى بالىلارنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئون ئۈلۈشكە يەتكۈزۈش.

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغانلىقى شۇكى، ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭكىگە ئوخشاش ئىدىيىدىكى كىشىلەر ناھايىتى ئاز ئىدى. 19 ـ ئەسىردە، پسىخولوگلار نورمال ئادەملەر ئىچىدىكى مەلۇم چېكىگە يەتكەن يەككىلەرلا تالانتلىق بولىدۇ، دەپ قارىغانىدى. ئۇلار يەنە تالانت ئىرسىيەتتىن كېلىدۇ، تالانتنىڭ ئىرسىيەتتىن كېلىشى پاراسەت قابىلىيىتى ئىرسىيەتنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قابىلىيىتىنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى قوبۇل قىلىنغان پاكىت بولغاچقا، بىر جەمەتتىكىلەردىن نەچچە ئەۋلاد تالانتلىقلارنىڭ چىقىپ تۇرۇش نىسبىتى بىر قەدەر چوڭ بولىدۇ، دەپ قارىشاتتى. بۇ ئەھۋال تالانت ئىرسىيەت خاراكتېرلىك بولىدۇ دېگەن كۆز قاراشنى بەلگىلىك ئىشەنچكە ئىگە قىلغانىدى.

كۆپچىلىككە ئايان، گەرچە ئافېنانىڭ نوپۇسى كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما دۇنياغا داڭلىق نۇرغۇن تالانتلىق كىشىلەر چىققان. نەسلىنى ياخشىلاش ئېقىمىدىكىلەردىن گالتون بۇنىڭ سەۋەبىنى «گرېتسىيىلىكلەر ياخشى ئىرققا تەۋە بولغانلىقتىن» دېگەنگە يىغىنچاقلاپ قويىدى. ئۇ: «گرېتسىيە ئىرقى بىز (ياۋروپا ـ ئامېرىكىلىقلار) دىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، بۇ خۇددى بىز ئافرىقا قىتئەسىدىكى يەرلىكلەردىن ئۈستۈن تۇرغانغا ئوخشايدۇ.» دېدى ـ دە، تۇغما تالانتتىن باشقا نەرسىلەرنىڭ مۇھىم رولىغا قابىلىيەت بىلەن ئانىسىنىڭ بارمىقىنى چىلەك سىققاندا، ئانا ئاستا ھەم ئېنىق تەلەپپۇز بىلەن، قايتا ـ قايتا «بارماق، بارماق» دېگەن ئاۋازنى چىقارغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قىز ئويغانسىلا ئانا ئۇنىڭغا گەپ قىلغان ياكى پەس ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتىپ بەرگەن.

بۇنىڭدىن ئۆتكەن يىشقەدەم پېداگوگلارغا ئوخشاش، ليۇيىتىڭنىڭ ئانىسىمۇ تەربىيىنى قىزى سىلىغان، تۇتقان تۇرمۇش

خاراكتېرلىك تالانتلىقلار توغرىسىدا بىر قىسىم مىساللارنى توپلىغان بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭچە ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن مىساللار يەنىلا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

نۇرغۇنلىغان تۇغما قابىلىيىتىدە ئىرسىيەت خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىك بار كىشىلەر كېيىنكى كۈنلەردە تەربىيىلەنمىگەن بولسا، تالانتلىق بولۇپ چىقالمايتتى. خۇددى خەلق ماقالىسىدە ئېيتىلغاندەك: «تالانت ئەۋلادقا قالمايدۇ» ئەلۋەتتە.

بىز قابىلىيەتنىڭ ئىرسىيەتلىك تەرىپىنى زادىلا ئېتىراپ قىلمايدىغانلاردىن ئەمەس، يەنە كېلىپ، نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ قابىلىيەتنىڭ ئىرسىيەتلىك تەرىپى مەنتىقىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، شۇڭلاشقا بىز قابىلىيەتنىڭ ئىرسىي بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىسەكمۇ، ئەمما، ئىرسىيەت ئېقىمىدىكىلەر چوقۇم تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىشى كېرەك: نېمە ئۈچۈن تالانتنىڭ ئىرسىيەت بولۇشى تەن ئالاھىدىلىكىنىڭ ئىرسىيەت بولۇشىدىن نۇرغۇن دەرىجىدە ئاز بولىدۇ؟ يەنە نېمە ئۈچۈن تالانتنىڭ ئىرسىيەتلىك بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مىساللار ناھايىتى ئاز بولىدۇ؟

ئەمەلىيەتتە، ئەلا نەسىل نەزەرىيىچىلىرىمۇ قابىلىيەتنىڭ ئىرسىيەتلىك بولىدىغانلىقى نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا ئەقىلگە ئۇيغۇن بولىدىغانلىقىنى، ئەمما قابىلىيەتنىڭ ئىرسىيەتلىك بولۇشى مال ـ مۈلۈكنىڭ مىراس قالغىنىغا ھەرگىز ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلاتتى. مال ـ مۈلۈكنىڭ مىراس قىلىنىشى رېئاللىق ھېسابلىنىدۇ. قابىلىيەتنىڭ ئىرسىيەتلىك بولۇشى رېئاللىق ھېسابلانمايدۇ. ئاتا ـ ئانىلار قابىلىيىتىنىڭ بالىلاردا ئىرسىيەتلىك بولۇشى بىر خىل ئېھتىماللىق بولۇپ، قابىلىيىتىنى ئاچالمىسا ئۈنۈمى بولمايدۇ. پەقەت قابىلىيىتىنى ئاچالىسىلا ئاندىن ئۈنۈمى بولىدۇ.

تالانتنىڭ مەيدانغا كېلىشى تۇغما قابىلىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەمما، تېخىمۇ تەكىتلەپ قويۇشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، ئەگەر بالىلار تۇغما قابىلىيەتكىلا تايانسا ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمايدۇ. بالىلاردا تۇغۇلغاندا ناھايىتى يۇقىرى تۇغما قابىلىيەت بولغان تەقدىردىمۇ ئەگەر جارى قىلدۇرۇلمىسا، يەنىلا ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ. جەمئىيەتتە ئىلگىرى تۇغما قابىلىيىتى يۇقىرى نۇرغۇن بالىلار بولغان، ئەپسۇسكى ئۇلاردىن بىر مۇنچىسى تۇغما قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىغانلىقتىن ئادەتتىكى ئادەملەردىن بولۇپ قالدى. قابىلىيەتنىڭ ئىرسىيەتلىك بولۇشى نەزەرىيە جەھەتتىن تۇرغۇزۇلغان بولسىمۇ، ئىرسىيەت خاراكتېرلىك تالانتلىقلارنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى توغرىسىدا مىساللارنىڭ بەكمۇ ئاز بولۇشى ئەنە شۇ سەۋەبتىندۇر.

كارىل ۋىتىرنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان سىدز دوكتور مۇنداق دەيدۇ: بالىلار خۇددى ساپال قاچا ياسايدىغان سېغىز لايغا ئوخشايدۇ، تەربىيىلەشنىڭ قانداقلىقى ئۇلارنىڭ نەتىجىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى بەلگىلەيدۇ! بالىلار كىچىكىدىن باشلاپ تەربىيىلەنسە، مۇزىكانت، رەسسام، شائىر، ئالىم بولۇپ چىقالايدۇ. ئەمما، بەزىلەر بەلكىم مۇنداق دېيىشى مۇمكىن: «مۇزىكانت بولۇش ئۈچۈن سەزگۈر قۇلاق بولۇشى كېرەك، ئەگەر سەزگۈر قۇلاق بولمىسا، قانچىكى بالدۇر مۇزىكا ئۆگەتكەن بىلەن يەنىلا مۇزىكانت بولالمايدۇ. ئەمما، سەزگۈر قۇلاق بالا تۇغۇلۇشىدىنلا بولىدۇ، شۇڭلاشقا، سىنىڭ تەربىيەڭگە مەن ئىشەنمەيمەن.»

سەزگۈر قۇلاق بارمۇ ـ يوق؟ بۇ چوڭلار ياكى كىچىك بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن دېيىدىغان گەپ. ئەگەر بالىلارنى ئىككى، ئۈچ ياشتىن باشلاپ مەشىق قىلدۇرغاندا، ئۇلارنىڭ قۇلىقىنىمۇ تامامەن سەزگۈر قىلىپ يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ. پسىخولوگلار دېيىدىغان كۆرۈش سەزگۈ تىپىدىكى ۋە ئاڭلاش سەزگۈسىدىكى بالىلار دېگەنلەرمۇ تۇغۇلغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن بولۇپ تۇغما بولمايدۇ. ياۋروپادا، بەزىلەر ئەگەر ئۈچ ئەۋلاد ھەممىسى مۇزىكانت بولسا، ئاندىن بىر چوڭ مۇزىكانت چىقالايدۇ دەيدۇ. بۇ تالانت ئىرسىيەتلىك بولىدۇ دېگەن نەزەرىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ناھايىتى خاتا كۆز قاراشتۇر. مۇزاتنى مىسال قىلساق، ئۇ داڭلىق مۇزىكانت بولۇپ چىقىشىدا مۇزىكا ياڭراپ تۇرىدىغان ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، كىچىكىدىن باشلاپلا مۇزىكىغا ھەۋەس قىلىپ، ياخشى تەربىيە ئالغان.

مىكلئاندجېلو تۇغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا يېزىغا ئاپىرىۋېتىلگەن، باشقىلارنىڭ ئۆيىدە چوڭ بولغان، ئۇنىڭ ئىنىكئانىسى بىر تاشچىنىڭ ئايالى بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن بۇ ئائىلىدە ئىنىكئانامنىڭ سۈتىنى ئىمىپلا قالماي، يەنە بولقا بىلەن ئىسكىنىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم.» مىكلئاندجېلو ئائىلىسى ئىنتايىن باي، ئېسىلزادىلەر ئائىلىسى بولۇپ، ئۇنىڭ نەققاشچى بولۇشىغا بەكمۇ قارشى تۇراتتى. ئەمما، ئۇنىڭ قىزىقىشى قەلبىدە ئوت بولۇپ يانغانلىقتىن، ئۇنىڭ بۇ قىزغىنلىقىنى دادىسىمۇ توسۇپ قالالمىدى.

لىن نىينىڭ ئۆيى كۆل بويىدا ئىدى، ئەتراپىدا ياۋا گۈللەر، ئورمانلار بولۇپ، ئاتلار كىشنەپ، بېلىقلار سۇدا ئۈزۈپ يۈرەتتى، ئۇ مۇشۇنداق مۇھىتتا چوڭ بولغاچقا، داڭلىق بىئولوگىيە ئالىمى بولۇپ چىققان. بۇنداق مىساللار ساناپ ـ تۈگەتكۈسىز.

قىسقىسى، خۇددى ساپال قاچىلارنى ياسايدىغان سېغىز لايغا ئوخشاش بالىلارنىڭ ئىلاستىكىلىقىمۇ ناھايىتى زور بولىدۇ. مۇھىت بىلەن تەربىيە ئۇنى تەربىيىلەپ قانداق يېتىلدۈرمەكچى بولسا شۇنداق يېتىلدۈرىدۇ.

مەشھۇر كىشىلەر ياكى ئالىملارنىڭ بالىلىرىنىڭ مەشھۇر كىشىلەردىن بولۇپ كېتىشى ناتايىن. بۇرۇن بىر مەكتەپ بولۇپ، بەش ـ ئالتە ئوقۇتقۇچى بىر قېتىملىق يىغىلىشتا: دوكتورلار ياكى مەشھۇر كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنىڭ نەتىجىسى ئومۇمەن

ياخشى بولمايدۇ، دېگەن يەكۈننى چىقارغان. بۇ ئەلۋەتتە توغرا ھۆكۈم ئەمەس. ۋەھالەنكى بالىلارنىڭ ئۇلۇغ زاتلاردىن بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىغا مەكتەپتىكى نەتىجىسىگىلا قاراپ ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ. بىراق ئۇلۇغلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئۇلۇغلاردىن بولۇشى ناتايىن، بۇ ـــ ھەقىقەت، دۇنيادا مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ بۇ ئىقتىدار مەسىلىسى، ئىقتىدار دېگەن بۇ نەرسە يالغۇز ئىرسىيەت مەسىلىسىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى مېڭىنىڭ تەرەققىي قىلغان ـ قىلمىغانلىقى مەسىلىسى.

بىز ئىرسىيەتنىڭ مۇھىملىقىنى ئىنكار قىلمايمىز، لېكىن بالىلارنىڭ تەقدىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىرسىيەت خۇددى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قارىشىدىكىدەك كۈچلۈك ھەل قىلغۇچ كۈچكە ئىگە ئەمەس. «كارىل ۋىتىرنىڭ تەربىيىلىنىشى» دېگەن كىتابتا ۋىتىر كىشىلەرنى: «ئۈمىدسىزلەنمەڭلار، ھەممىگە قادىرلىقىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەڭلار، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىشلەۋېرىڭلار، سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلارنىڭ ئۇلۇغلاردىن بولالىشى ئېھتىمالغا يېقىن» دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

### بالىلارنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنىڭ كېمىيىپ بېرىش قانۇنىيىتى

بالىلار گەرچە يوشۇرۇن قابىلىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن مۇنداق يوشۇرۇن قابىلىيەتنىڭ كېمىيىپ بېرىش قانۇنىيىتى بولىدۇ. ئالايلۇق: تۇغۇلغاندىلا 100% يوشۇرۇن قابىلىيەتكە ئىگە بولغان بالا، ئەگەر تۇغۇلغاندىن تارتىپلا ئۇنىڭغا قارىتا كۆڭۈلدىكىدەك تەربىيە ئېلىپ بېرىلسا، ئۇ 100% قاقابىلىيەتكە ئىگە ئادەم بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. ئەگەر تەربىيە بەش ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلسا، گەرچا تەربىيە ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىلغان تەقدىردىمۇ، پەقەت 80% قابىلىيەتكە ئىگە ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. ئەگەر تەربىيە 10 ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلسا، تەربىيە قانچە ياخشى بولغان تەقدىردىمۇ، قابىلىيىتى پەقەت 60% كىلا يېتىدىغان ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. دېمەك تەربىيە قانچە كېيىن ئېلىپ بېرىلسا، بالىلارنىڭ قابىلىيەتكە ئىگە بولۇشى شۇنداق ئاز بولىدۇ. مانا بۇ ـ بالىلارنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتى كېمىيىپ بېرىش قانۇنىيىتى.

مۇنداق قانۇنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ھەر بىر جانىۋارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىي قىلىش مەزگىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداق تەرەققىي قىلىش مەزگىلى ئۆزگەرمەس بولىدۇ. دەرۋەقە، بەزى جانىۋارلارنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىش مەزگىلى ئۇزاق، بەزى جانىۋارنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىش مەزگىلى قىسقا بولىدۇ. مەيلى قايسى خىلدىكى جانىۋار بولسۇن، ئەگەر ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تەرەققىي قىلىشىغا يول قويمىغاندا مەڭگۈ قايتا تەرەققىي قىلالمايدۇ. مەسىلەن: چۈجىنىڭ «ئانىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىش قابىلىيىتى» نىڭ تەرەققىي قىلىش مەزگىلى تەخمىنەن تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن تۆت كۈن ئىچىدە بولىدۇ، ئەگەر مۇشۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا يول قويۇلمىسا، ئۇنىڭ شۇنداق قابىلىيىتى مەڭگۈ تەرەققىي قىلمايدۇ. شۇڭا ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققان چۈجىنى دەسلەپكى تۆت كۈن ئىچىدە ئۆز ئانىسىنىڭ قېشىدا قويمىغاندا ئۇ مەڭگۈ ئانىسىغا ئەگەشمەيدۇ. چۈجىنىڭ «ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى پەرق ئېتىش قابىلىيىتى» نىڭ تەرەققىي قىلىش مەزگىلى ئالاھەزەل تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىنكى سەككىز كۈن ئىچىدە بولىدۇ، ئەگەر بۇ مەزگىلدە چۈجىنىڭ ئۆز ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىشىغا يول قويمىغاندا، ئۇنىڭ مۇنداق قابىلىيىتى مەڭگۈگە ئۆلىدۇ. كۈچۈكنىڭ «يەپ ئېشىپ قالغان نەرسىنى تۇپىغا كۆمۈش قابىلىيىتى» نىڭ تەرەققىي قىلىش مەزگىلىنىڭمۇ مۇئەييەن چېكى بولىدۇ. ئەگەر بۇ مەزگىلدە ئۇنى يەمنى كۆمگىلى بولمايدىغان بىر ئۆيگە قويۇپ قويغاندا، ئۇ مۇنداق قابىلىيەتكە مەڭگۈ ئىگە بولالمايدۇ.

ئادەمنىڭ قابىلىيىتىمۇ شۇنداق بولىدۇ، بالىلارنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنىڭ كېمىيىپ كېتىش قانۇنىيىتى بولىدۇ، تۇغۇلۇشىدىنلا 100% قابىلىيەتكە ئىگە بولۇپ تۇغۇلغان تەقدىردىمۇ، ۋاقتىدا تەربىيىلەنمىسە، بەش ياشقا كىرگەندە 80%، 10 ياشقا كىرگەندە 60% كە چۈشۈپ قالىدۇ، 15 ياشقا كىرگەندە ئاران 40% قابىلىيىتى قالىدۇ.

شۇڭلاشقا بالىلارنى تەربىيىلەشتە مۇنداق كېمىيىپ كېتىشنى توسۇشنى بىرىنچى مۇددىئا قىلىش كېرەك. چۈنكى مۇنداق كېمىيىپ كېتىشنى بالىلارغا ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرسىتى بەرمەي ئۇ قابىلىيەتنى ئۆلتۈرۈپ قويۇش كەلتۈرۈپ چىقىدىكەن. شۇڭا بالىلارنى تەربىيىلەشتىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتا، بالىلارغا ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرسىتىنى دەل ۋاقتىدا تۇغدۇرۇپ بېرىشتىن ئىبارەت.

قانداق قىلغاندا بالىلارنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنىڭ كېمىيىپ كېتىشنى توسقىلى بولىدۇ؟ كارىل ۋىتىر شۇنداق ھېسابلايدۇ: تەربىيىگە ئىمكانقەدەر بالدۇر تۇتۇش قىلىش، بالا تۇغۇلغان كۈندىن باشلاپلا كىرىشىش لازىم. بالا تۇغۇلۇپ ئۈچ ياشقا كىرگىچە بالىنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ شەيئى قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى كېيىنكى چاغلاردىكىدىن تولىمۇ پەرقلىق بولىدۇ، ئۇلار شەيئىنىڭ بەلگىلىرىنى تەھلىل قىلىپ ئەمەس، بەلكى قايتا ـ قايتا كۆزىتىپ ئېسىدە قالدۇرىدۇ، پۈتكۈل شەيئىنىڭ تەسىرى ئۆز ئەينى بويىچە بۇ «ئەندىزە» بويىچە بالىنىڭ چوڭ مېڭىسىگە تامغا بولۇپ بېسىلىدۇ.

بوۋاقنىڭ ئەندىزە پەرق ئېتىش قابىلىيىتى مەڭگۈ بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزدىكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. يېشى ئۈچكە توشمىغان بالىلارغا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەربىيە «ئەندىزە تەربىيىسى» دۇر. بوۋاقلار شەيئىنى كۆپ قېتىم قايتا ـ قايتا كۆزىتىشتىن ز-

رىكمەيدۇ . شۇڭا ئۈچ ياشقا كىرىشتىن بۇرۇنقى مەزگىل « زورلاپ قويۇش » مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ . بالىلارنىڭ ھەش ـ پەش دېگىچە پۈتكۈل ئەندىزىنى ئىگىلەپ بولۇشتەك ئەندىزە پەرق ئېتىش قابىلىيىتىگە چوڭلار مەڭگۈ يېتىشەلمەيدۇ . ئۇلارنىڭ چوڭ مېڭىسى ئات قەغەز ھالىتىدە بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ خۇددى چوڭلارغا ئوخشاش تەھلىل يۈرگۈزۈشى ۋە ھۆكۈم چىقىرىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ . شۇڭا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، ئۇلاردا چۈشىنىش ۋە ھەزىم قىلىش قابىلىيىتىنىڭ بولۇشى ھاجەتسىز ، ئەگەر سىز توغرا دەپ قارىغان ئەندىزىنى بالىنىڭ تېخى ئۆز ئالدىغا ياخشى بىلەن يامانني پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغان چوڭ مېڭىسىگە دائىم ، جانلىق ھالدا ، تەكرار ـ تەكرار قويۇپ تۇرمىسىڭىز ، ئۇ يامان نەرسىلەرنى ئانچە پەرقلەندۈرمەيلا ، كۆپ مىقداردا قوبۇل قىلىۋېرىپ ، ئادەمنىڭ ساپاسىنى شەكىللەندۈرىدۇ . شۇڭا ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئەنزىزە مەزگىلى ئادەمنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى بەلگىلەيدۇ .

ئۈچ ياشقا كىرىشتىن بۇرۇنقى ئەندىزە مەزگىلىدە نېمىلەرنى « مەجبۇرىي قويۇش » كېرەك ؟ تەخمىنەن ئېيتقاندا ، بۇ مۇنداق ئىككى جەھەتتىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ : بىرىنچىسى ، ئەقلىي قابىلىيەت ئاساسىنى ، چوڭ مېڭە پائالىيىتى ئاساسىنى سالىدىغان تىل ، مۇزىكا ، يېزىق ۋە سۈرەت ، رەسىم شەكىللىرى قاتارلىق ئەندىزىلەرنى قايتا ـ قايتا « قويۇش » كېرەك ؛ ئىككىنچىسى ، كىشىلىك تۇرمۇش ( ھايات ) نىڭ تۈپ مىزانى ۋە پوزىتسىيىسىنى سىڭدۈرۈش لازىم . كۆپلىگەن تەتقىقات ۋە تەجرىبىلەر شۇنى كۆرسىتىدۇكى ، بوۋاق مەزگىلىدە بالىغا ھەر كۈنى ئوخشاش تىرمىننى ئۆگىتىپ بالىنىڭ چوڭ مېڭىسىدىكى تىرمىن ئامبىرىنى ئۈزلۈكسىز غىدىقلاپ تۇرغاندا بالىنىڭ ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ .

« خارۋارد قىزى » ليۇيىتىڭنىڭ ئانىسى ليۇ ۋېيخۇا كارىل ۋىتىرنىڭ بىر تەربىيە ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىپ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەربىيىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ قىزىنىڭ خاتىرە قابىلىيىتىنى ئادەتتىكى بالىلارنىڭكىدىن زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەتكەن . بالىلارنىڭ « ياتسىراس » تىن ئىبارەت تۇنجى قېتىم ئىپادىلەيدىغان خاتىرە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنى مىسالغا ئالساق ، ليۇيىتىڭنىڭ ئۈچ ئايلىق بولغان چېغىدىلا ياتسىراشقا باشلىغان ( بۇ ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن ـ ـ ـ ـ ـ بولغان ئىش ) ، ئالتە يېرىم ئايلىق بولغاندا « چۈشىنىش خاتىرىسى » پەيدا بولغان ( يەنى تىرىن بىلەن ماددىي جىسىمنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىدىغان بولغان ) . ۋەھالەنكى مۇنداق ئەھۋال 50% بالىلاردا 10 ئايلىق بولغاندا كۆرۈلىدۇ . ئۇ بىر ياش بىر ئايلىق بولغاندا خاتىرە قابىلىيىتىدە يەنە بىر سەكرەش بارلىققا كەلگەن . خاتىرە قالدۇرۇش ئۇسۇلى جەھەتتە ، ئۇ ئەمدى ئىنسانلاردا ئۈچ ياشقا كىرگىچە بولىدىغان « ئەندىزە بويىچە خاتىرە قالدۇرۇش » ئۇسۇلى بويىچىلا خاتىرە قالدۇرۇشتىن تەرەققىي قىلىپ ئۈچ ياشتىن كېيىن ئاندىن بولىدىغان « بۆلۈپ خاتىرە قالدۇرۇش » قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرگەن . ئانىسىنىڭ بوشاشماي تىرىشىشى ئارقىسىدا قىزغا بېرىلگەن تەربىيىدىن مەمنۇنىيەتلىك مېۋىلەر ھاسىل بولغان .

قىزى بىر يېرىم ياشقا كىرگەندە ، ئانا ئۇنىڭغا تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىنى يادلاشنى سىناق تەرىقىسىدە ئۆگەتكەن . دەسلەپتە ئىككى خەت ، ئىككى خەتتىن ئۆگەتكەن . بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئۇ ئوردا تېكىستى ئاق پادىشاھ ، ھەسەن ـ ھۈسەن دېگەنگە ئوخشاش شېئىرلارنى سۇدەك يادلىيالايدىغان بولغان . گەرچە شېئىرنىڭ مەنىسىنى ئۇقمىسىمۇ ، لېكىن ناخشا ئوقۇغاندەك ئوقۇپ ئانىسىغا شېئىر قاپىيىلىرىنىڭ ناھايىتى رېتىملىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرغان . شۇنىڭدىن كېيىن ليۇيىتىڭنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ئىزچىل تۈردە ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ كەلگەن ، مومىسى ئۇنىڭغا : « ئاتتى تاڭ چىللاپ خوراز ، ئېچىلدى مىڭلاپ دەرۋازىلار ... » دېگەن بىر مىسرا شېئىرنى ئۆگەتكەن . ئۇ زاۋۇت رايونىنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغا ئۆتكەن چاغلىرىدا خوراز كۆرگەن ھامان ، بۇ شېئىرنى يادلىغان .

تەربىيىدىن مەقسەت ئەتراپلىق تەرەققىي

قىلغان تالانت يېتىشتۈرۈش

بالاۋىتىر ئۆگىنىشتە نەتىجە قازانغاندىن كېيىن كىشىلەر دادىسىنىڭ بالا تەربىيىلەش مۇددىئاسى توغرىسىدا غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىغان . مەسىلەن : بەزىلەر ئۇ ئوغلىنى ئالىم يېتىشتۈرۈش نىشانى بويىچە تەربىيىلەيدۇ دېگەن ، يەنە بەزىلەر تېخىمۇ قىيپالىڭاچ ھالدا : ئۇ بالىسىنى بىر ئەۋلىياھ قىلىپ تەربىيىلەپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرماقچى ، دېيىشكەن . ۋىتىرنىڭ دادىسى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى بىئارام بولۇپ ، ئۇلار مېنىڭ بالا تەربىيىلەش مەقسىتىمنى خاتا چۈشىنىۋالغان دەپ قارىغان . تۆۋەندە ئۇنىڭ كىتابىدىكى بايانلىرىنى سىتاتا كەلتۈرىمىز ، بۇ بىزنىڭ بالىلارغا بېرىلىدىغان دەسلەپكى تەربىيە بىلەن ، ئۇلارنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ .

مەن پەقەت ئوغلۇمنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان تالانتلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈشنىلا ئويلىدىم . شۇڭا ئۆزۈمدىكى ئازغىنە ئەقىل ـ پاراسەتنى تولۇق ئىشقا سېلىپ ، ئىشقا تەسىر يەتمىگەن ئەھۋالدا ، ئۇنى ئەتراپلىق يېتىشكەن ، تېتىك ، بەختلىك ياش قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشتىم .

مەن جىسمانىي ھەم مەنىۋى جەھەتتىن ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان ئادەمنى ياخشى كۆرىمەن . ئوغلۇمنى مىسالغا ئالسام ، ھەر قېتىم ئوغلۇمنىڭ گرېك تىلى ، لاتىن تىلى ياكى ماتېماتىكىغىلا قىزىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىنىمدە ، ئۇنىڭ مۇنداق خاھىشىنى دەرھال ئامال قىلىپ تۈزەتتىم .

كىشىلەر مېنى ئوغلىنىڭ چوڭ مېڭىسىنىلا تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بولۇپ كەتتى دەپ ھېسابلاشتى . بۇ خاتا ئى-

دى . مەن ھەۋەس قىلمايدىغان ۋە بىلىمى يوق ئادەملەرنى
ياخشى كۆرمەيمەن . ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز بىر نىيەتتە ھەم-
كارلىشىپ ئوغلىمىزنىڭ ساۋات ، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ۋە ھەۋەس
قاتارلىق جەھەتلەردىكى قابىلىيىتىنى يېتىلدۈردۇق . مەن يەنە
تىرىشىپ ئوغلىمىزدا پەزىلەت ۋە ھېسسىيات يېتىلدۈرۈپ ، ئۇنى
ئالىيجاناب ئەخلاقلىق ۋە مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنى ئېنىق ئايرى-
دىغان پەزىلەتكە ئىگە قىلدىم . مەن ئاتالمىش ئالىملاردىن
بىزارمەن . ئاتالمىش ئالىملار كاللىسى ئىشلىمەيدىغان ، ئەپتى
قاخشالغا ئوخشايدىغان ، مۇز چىراي ، يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان
ئادەملەردۇر . ئۇلار ئۆزىنىڭ ئاشۇنچىلىك كەسپىنىلا بىلىدۇ ،
ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭكىدىن ئارتۇق بىلىمى بارلىقىنى كۆز ـ كۆز
قىلىش ئۈچۈن ، مەيلى كەم بولسۇن ، مەيلى قەيەرگە بارسۇن ،
كىشىلەر ياخشى كۆرسۇن ياكى ياخشى كۆرمىسۇن ، دائىم ئۇ-
زىنىڭ ئاشۇ كەسپى ئۈستىدە گەپ ساتىدۇ . ئۇلارنىڭ كەسپىنىڭ
سىرتىدىكى نەرسىلەردىن خەۋىرى يوق ھەم ئۇنداق نەرسىلەرگە
قىزىقمايدۇ . مەسىلەن : خۇددى بۇ دۇنيادىكى تاماق يېمەيدى-
غان ئادەملەرگە ئوخشاش ، ئۇلاردا ساۋات ناھايىتى كەم ، ئۇلار
يەنە ئېقىم مەسىلىلىرى توغرىسىدا چولتا قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا
قويۇپ كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدۇ . بۇلار ئەنە شۇ ئاتال-
مىش ئالىملاردۇر . يەنە ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىگە قۇلاق سېلىپ ،
يازغانلىرىغا كۆز يۈگۈرتۈپ باقايلى : ئۇلار ناھايىتى ئاز ئاڭلاي-
دىغان ئىلمىي ئاتالغۇلار ۋە چۈشەنمەك تەس بولغان سىپاگەر
سۆزلەرنى قوللىنىپ كىشىلەرنى نېمە قىلىشىنى بىلەلمەس قىلىپ
قويىدۇ ؛ ئۇلار مەلۇماتلىق ۋە كەڭ دائىرىلەرگە قىزىقىدىغان
ياشلارنى قوڭالتاق ، چاكىنە ئادەملەر دەپ قارايدۇ ، مۇئامىلىگە
ماھىر ، تۇرمۇشتا ھەۋەسمەن ئادەملەرنى چۆكۈرۈپ ، مەن
قانداقسىگە ئوغلۇمنى مۇشۇنداق ئالىملاردىن قىلىپ يېتىشتۈر-
مەن ؟ ئەۋلىياھ بالا يېتىشتۈرۈپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇر-
ماقچى دېگەن گەپلەر بىرنا مەنىلا ئىبارەت ، خالاس . ئەۋلىياھ
بالا دېگەن نېمە ئۇ ؟ ئۇ يارىنكتىكى ئوت ـ چۆپنىڭ ئۆزىغۇ ؟ !
ئەگەر سېنىڭ ئوغلۇمنى ئەۋلىيا بالا قىلىپ تەربىيلەش نىيىتىم
بولىدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا مەن باشقىلارغا زىيان يەتكۈزىدى-
غان ، خۇداغا ئاسىيلىق قىلغان ئادەم بولۇپ قالمامدىم !

ئومۇمەن ئالغاندا ، باللار ئەقلىي جەھەتتە ئالدىن تە-
رەققىي قىلىپ كەتسە ئاسانلا تەخ ئۇچى ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ ،
مەسىلەن : بىز دائىم ئاڭلىغاندەك پوكۇنى بالا سەككىز يېشىدىلا
ئالتە دۆلەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىۋاپتۇ . پۇ ستانى بالا ئەمدى توققۇز
ياشقا كىرىپلا ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپتۇ . يەنە بىر بالا ئاران 14
ياشتا تۇرۇپ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپتۇ دېگەندەك . ئەمما
ئۇلارنىڭ باشقا جەھەتلەردىكى تەرەققىي قىلىشى زادى قانداق،
بۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئەتراپتىكى كىشىلەر ئاسانلا سەل
قارايدۇ ھەم بۇنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى
ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قىلىنىشى تەس .

بۇ ھەقتە ۋىنېرنىڭ دادىسىنىڭ ئۇسۇلى بارلىق ئاتا ـ ئانا
بولغۇچىلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئەرزىيدۇ . ئۇنىڭ غايىسى
بالىسى ۋىنېرنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان تالانتلىق قىلىپ يې-
تىشتۈرۈشنى ئۆز غايىسى قىلغاچقا ، ئۇ ئەخلاق تەربىيىسىگە ئەق-
لىي تەربىيىگە قارىغاندا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان . ئۇنىڭ
بۇنداق قىلىشى ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى ، ئۇ
تەلەپچان ، ئەستايىدىل باستېر بولغاچقا ئۆزىنىڭ بالىسىنى خۇلق
ـ مىجەز جەھەتتىن تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت
بەرگەن . ۋىنېر كىچىكىدىنلا تەقۋادارلارچە تەربىيىگە ئالاھىدە
ئىگە بولغان . ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقانلىكى ئادەم ئۇنى « خۇددى
مالائىكىدەك ساپ » دەپ ماختاشقان . ئۇ ھەقىقەتەن ئىنتايىن
تەقۋادار ، ناھايىتى مېھرىبان ، كۆيۈملۈك ، ئوماق بالا ئىدى . ئۇ
ئەزەلدىن باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالمىغان ، تەبىئەتكە مۇئامىلە
قىلىشتا ، ھايۋانلارغا دەخلى يەتكۈزمەيلا قالماستىن ، بىر ياۋا
گۈل غۇنچىسىنى ئۈزۈۋشكىمۇ كۆزى قىيمىغان .

ۋىنېر ئالغان تەربىيە ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە تەخ-
مىنەن يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت . ئېھتىمال بەزىلەر شۇنداق تەربىيە
ئېلىش جەريانىدا ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكەنمۇ ـ يەت-
مىگەنمۇ ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن . بۇ ھەقىقەتەن بىر مۇھىم
مەسىلە . لېكىن ۋىنېر كىچىكىدىنلا ساغلام بولۇپلا قالماي ، چوڭ
بولغاندىمۇ ناھايىتى ساغلام بولغان . تىلشۇناس ھاينى بىر پارچە
خېتىدە ۋىنېر 10 ياش چېغىدا ئۇنى سىناپ باققانلىقىنى ، ئۇ
چاغدا ۋىنېرنىڭ تىل تالانتىنىڭ كارامەت ئىكەنلىكىدىن ھەيران-
لىنىپ قالماي ، ئۇنىڭ سالامەتلىكى ، گول ۋە تېتىك ئىكەنلىكى ،
جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە ھېچقانداق بىنورمال نۇقتىنىڭ
يوق ئىكەنلىكىدىنمۇ ھەيرانلانغانلىقىنى يازغان .

يەنە بەزىلەر ۋىنېر ئاشۇنداق تەربىيە شىرە ئالدىدا ئول-
تۇرۇپ كىتاب يادلاپ ئىگە بولغان ھەم ئۆزىنىڭ ئوماق ، رومان-
تىك ھېسسىيات بىلەن تولغان ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىنى قىلچە مە-
نىسىز بولغان چاغلاردا ئۆتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىشى
مۇمكىن .

بۇمۇ پاكىت ئەمەس ، گىملەنتىنىنىڭ بىر كۇپلېت شېئىرىدا
: « ھەقىقەتنىڭ تەمىنى تېتىشتىن ئارتۇق بەخت يوق ، ھەقىقەت-
تىن بەھرىمەن بولۇشتەك بەخت ئۇنتۇلماس بەخت » دېگەن
مىسرالار بار . كىچىكىدىلا ھەقىقەتتىن بەھرىمەن بولغان ۋىنېر
ھەرقانداق بالىدىن بەختلىك ئىدى . يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆت-
كىنىمىزدەك ، دادىسىنىڭ تەربىيىسى ناھايىتى ئېسىل بولغاچقا ،
ئۇنىڭ نۇقۇل ھالدا شىرە ئالدىدا ئولتۇرۇپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن
كىتاب ئوقۇيدىغان چاغلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى . ئۇ قانچىدەك
ئويناشقا ۋە ھەرىكەت قىلىشقا تولۇق ۋاقىت چىقىرالايتتى .

ۋىنېر كىچىكىدىلا غەرەز ئوقىدىغان ، باشقا باللار ئوق-
مايدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى ئوقىدىغان بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە
ھەر ئىشقا نىسبەتەن پىششىق قاراشقا ئىگە بولغاچقا ، باللار ئۇ-

نىڭ بىلەن ئوينىسا ناھايىتى خۇشال بولاتتى. باشقا باللار بىلىم جەھەتتە ئۇنىڭغا يېتىشەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ زادى تەكەببۇرلۇق قىلمايتتى ھەم باشقا باللارنى كەمسىتىدىغان ياكى كۆزىگە ئىلمايدىغان ئىشلارنى زادى قىلمايتتى. بەزى باللار بىلىشكىلىق قىلغان چاغلاردىمۇ، ئۇ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بىر ياقلىق قىلاتتى، ھەرگىز ئۇلار بىلەن جاڭجاللاشمايتتى. ئەزەلدىن كىشىلەر «ئوقۇمۇشلۇقلار مەستانە كېلۇر» دەپ قاراپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋىتىر مەيلى كىچىك چېغىدا بولسۇن، ياكى چوڭ بولغاندا بولسۇن كاللىسى ئىشلىمەيدىغان كىتاب مەستانىسى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا كىچىكىدىن تارتىپلا ئەدەبىياتنىڭ قېنى ئاقاتتى. ئۇ كىچىكىدىلا قەدىمدىن بۇيانقى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى پىششىق بىلىپ قالماي، بەلكى ناھايىتى بۇرۇنلا نادىر شېئىر ۋە ماقالىلەرنى يازغانىدى. ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا «دانتى» نى تەتقىق قىلغان تالانت ئىگىسى بولالىشى، «دانتى» نى تەتقىق قىلغان مۇتەخەسسىس بولۇشى ھەرگىز تەسادىپىي ئىش ئەمەس.

## كۆپ ئەجىر سىڭدۇرۇپ باللارنى ساخاۋەتچان قىلىپ يېتىشتۈرۈش كېرەك

ۋىتىرنىڭ دادىسى ئۆز ئوغلىنى ساخاۋەتچان قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ئەجىر سىڭدۇرگەن. ۋىتىر كىچىك چېغىدىلا ئۇنىڭغا قەدىمدىن تارتىپ شۇ زامانلارغىچە بولغان خەيرى ـ ساخاۋەتلىك ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ بەرگەن. ۋىتىر ياخشى ئىش قىلسىلا دەرھال: «ياخشى! ناھايىتى ياخشى قىلدىڭ بالام!» دەپ تەقدىرلىگەن. بەزىدە تېخى ئايالى ۋە ئەل ـ ئاغىنىلىرى ئالدىدا: «ۋىتىر بۈگۈن بۇ ئىشنى ناھايىتى ئوبدان قىلدى» دەپ ماختىغان. لېكىن ئۇنىڭ بۇنداق تەقدىرلەشلىرى زىيادە بولمايتتى. چۈنكى ئۇ ئوغلىدا مەغرۇرلۇق پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالاتتى. ئۇ بۇنداق ئىشلارنى كۆرگەنلا جايدا داۋراڭ قىلىپ يۈرمەيتتى، پەقەت ئۆزىنىڭ تەربىيە ئۇسۇلىنى چۈشىنىدىغان كىشىلەرگىلا دەيتتى.

ۋىتىر سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن، دادىسى ئۇنىڭغا ئەخلاققا دائىر تۈرلۈك شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرەتتى. گېرمانىيىدە مېھرىبانلىق، دوستانىلىك، يېقىندارچىلىق، كەڭ قورساقلىق، باتۇرلۇق، قۇربان بېرىش قاتارلىقلارنى مەدھىيىلەيدىغان نۇرغۇن شېئىرلار بار. ۋىتىر بىر قانچە ياشقا كىرىپلا بۇنداق شېئىرلارنى پىششىق يادلىيالايدىغان بولغان. ۋىتىرنىڭ دادىسى يەنە ئۇنىڭغا «ھەرىكەت خاتىرىسى» ياساپ بېرىپ، ئۇ ياخشى ئىش قىلسا، مەڭگۈگە خاتىرە قالدۇرۇش ئۈچۈن، شۇ خاتىرىگە خاتىرىلەپ ماڭغان، ھەر تەرەپتىن ئىلھام بېرىپ تۇرۇلغاچقا، ۋىتىر كىچىك چېغىدىلا ئۆمۈر بويى ياخشى ئىش قىلىشقا بەل باغلىغان.

ۋىتىرنىڭ دادىسى، خۇددى ۋىتىرنى باشقا جەھەتلەردىن تەربىيىلىگەنگە ئوخشاش، كىچىكىدىن تارتىپلا ئۇنى ساخاۋەتچان قىلىپ تەربىيىلەشتە ھەرگىز ئۇنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىمىغان. بەلكى بۇنداق قىلىشقا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۇرگەن. شۇنداق قىلىپ ئۇنى ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ۋە ياخشى ئىش قىلغان چاغدىكى خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولىدىغان قىلغان. دەرۋەقە، باللارنى بۇنداق خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىدىغان ۋە ئېسىدە ساقلايدىغان قىلىش ھەقىقەتەن ناھايىتى تەس، لېكىن ھەرگىز مۇمكىن ئەمەسمۇ ئەمەس.

شاھمات ئويناش، بىلىيارت ئويناش قاتارلىقلارنى مىسالغا ئالساق، ئۆگىنىۋالغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭدىن خۇشاللىق ھېس قىلغىلى بولىدۇ. سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيىلىگەندىلا ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلىشنى ئۆگىنىدۇ ۋە ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلغانلىقىدىن خۇشاللىنىدىغان بولىدۇ.

ۋىتىرنىڭ دادىسى ئۆزىنىڭ ئوغلىنى بىر ئالىيجاناب ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ۋىتىردا ساخاۋەتچانلىقنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۇرگەن. شۇڭا ئۇ كىچىك ۋىتىرغا يامان ئىش قىلغانلارنىڭ جازالانغانلىقىغا دائىر ھېكايىلەرنى دائىم سۆزلەپ بەرگەن ھەم بۇنداق يامان ئادەملەرنىڭ يامانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. ۋىتىرنىڭ دادىسى يەنە بۇ سەلبىي تىپلارنى مىسال كەلتۈرۈشنى ۋىتىرغا ساخاۋەتلىك بولۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىشنىڭ ۋاستىسى قىلغان.

ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلىشقا نەسىھەت قىلىشتىكى مۇددىئا بىلەن ساخاۋەتچان قىلىپ تەربىيىلەشتىكى مۇددىئا ئوتتۇرىسىدا ئاز ـ تولا پەرق بار. ئالدىنقىسىدا ۋىتىرنىڭ دادىسى ئومۇمەن پۇل بىلەن مۇكاپاتلاشنى ئاساس قىلغان. ئەمما ۋىتىر ياخشى ئىش قىلسا پۇل بەرمەي، «ھەرىكەت خاتىرىسى» گە يېزىپ قويغان. يىغىنچاقلاپ ئېيتساق، ئۇنىڭ مەقسىتى: «ئۆگىنىش بىزگە بۇ دۇنيالىق بەخت ئېلىپ كېلىدۇ، خەير ـ ساخاۋەتلىك، ساۋاپلىق ئىشلار بىزگە خۇدانىڭ مۇكاپات ـ ئىنئامىنى ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت.

شۇڭا ۋىتىرنىڭ دادىسى ئوغلىنى مۇكاپاتلىغان چاغدا، كۆپ ھاللاردا، بۇ ئىككى مۇددىئانى تەڭ ئىشقا سالغان. ئەگەر ۋىتىرنىڭ ئۆگىنىشى ياخشى بولسا ھەر كۈنى ئۇنىڭغا بىر كوپېك ھەق بەرگەن، لېكىن ئۇنىڭ ئۆگىنىشى ناھايىتى ياخشى بولسىمۇ، لېكىن ھەرىكىتىدە سەۋەنلىك بولسا، بىر كوپېك ھەقنى بەرمىگەن. ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ مۇنداق مۇكاپاتلاش تۈزۈمى توغرىسىدىكى خاتىرىسى كىشىنى ناھايىتى تەسىرلەندۈرىدۇ:

دائىم شۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇردى، ئوغلۇم سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغاندا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن: «دادا، مەن بۈگۈن سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويدۇم، شۇڭا پۇل ئالمايمەن ...» دەيدىغان بولدى. بۇ چاغدا مەن ناھايىتى ھاياجانلانغان بولسامۇ ھەتتا ئىككى ھەسسە پۇل بېرىشنى ئويلىغان بولسامۇ، ئەمما ئوغلۇمنى دەپ، ھاياجانلىقىمدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلى

رىمنى توختىتىۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇم . ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ ،
« شۇنداقمۇ ؟ مەن ئۇقمايمەن . ئۇنداق بولسا ئەتە بىر ياخشى
ئىش قىلغىن » دېدىم . ئەمەلىيەتتە بۇ چاغدا مېنىڭ كۆڭلۈم
تولىمۇ يېرىم بولاتتى ، ئۇنىڭغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىمنى ئىپ-
پادىلەش ئۈچۈن ، مەن دائىم ئۇنى ئىختىيارسىز ھالدا سۆيۈپ
كېتەتتىم .

بەزى ئاتا - ئانىلار نېمە ئۈچۈن ۋىتىرنىڭ دادىسى ئۇنى
ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن پۇل بىلەن مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى قول-
لانمىدۇ ؟ دەپ سوراشى مۇمكىن . ئەسلىدە بۇ ۋىتىرنىڭ دادىسى-
نىڭ ئۇنىڭغا « ئۆگىنىشنىڭ بۇ دۇنيالىق بەخت - سائادەت ئې-
لىپ كېلىدىغانلىقى » نىڭ مەنىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللان-
غان ، بىر قەدەر ئەمەلىي بولغان ئۇسۇلى ئىدى . ئۇ كىتابىدا : «
گەرچە خىجىللىق ھېس قىلساممۇ ، لېكىن ئوغلۇم ئوبدان ئوقۇ-
سىلا ، مەن ھەر قېتىم ئۇنىڭغا بىر كوپېك بەردىم . بۇنىڭدىكى
مەقسىتىم ، ئوغلۇمغا ئەرزان ھەققە ئىرىشمەكنىڭ نەقەدەر تەس
ئىكەنلىكىنى بىۋاسىتە ھېس قىلدۇرۇش ئىدى » دەپ يازغان .

ۋىتىرغا بېرىلگەن پۇللار قانداق بىر تەرەپ قىلىنغان ؟
ۋىتىرنىڭ دادىسى ئوغلىغا بۇ پۇللارنى ئىمكانىقەدەر ئەھمىيەتلىك
ئىشلار ئۈچۈن خەجلەشنى ئۆگەتكەن . مەسىلەن : ۋىتىرغا
تورتقا ئوخشاش نەرسىلەرنى سېتىۋالسا ئەھمىيەتلىك بولمايدىغان-
لىقىنى ، ئەسۋاب ، سايمان سېتىۋالسا ، مەڭگۈ رولىنى جارى
قىلدۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن . يەنە مەسىلەن : بەزىدە ۋى-
تىرغا روژدېستۋو بايرىمىغا ئوخشاش بايراملاردا دوستلىرىغا ۋە
نامرات كىشىلەرگە ئاز - تولا سوۋغات ئېلىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ
چوقۇم خۇش بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن .

ئەتراپتىكى كىشىلەر تەبىئىي ئايەت ، سۈنئىي بالالارغا
ئوخشاش كىشىنى پاراكەندە قىلىدىغان ئىشلارغا يولۇققاندا ،
سالاھىيىتى ئۆيغۇن كەلسۇن - كەلمىسۇن ، ۋىتىرنىڭ دادىسى
ۋىتىرنى ئېلىپ ئۇلارنى يوقلىغىلى بارغان . بۇ چاغدا ۋىتىرمۇ
ئۆزى ساقلىغان پۇلنى ئېلىپ ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلاردىن ھال
سورىغان . بۇ چاغدا ۋىتىرنىڭ دادىسى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ :
« ۋىتىر ، سەن ناھايىتى توغرا قىلدىڭ ، گەرچە سوۋغات ئاز
بولسىمۇ ، لېكىن خۇددى « ئىنجىل » دا يېزىلغان ئەشۇ تۇل
خوتۇن بەرگەن بىر تىيىنگە ئوخشاش قىممەتكە ئىگە بولىدۇ »
دەپ ماختىغان . « كەمبەغەل تۇل خوتۇن بەرگەن بىر تەڭگە »
« ئىنجىل » دىكى بىر ھېكايە بولۇپ « ماركو ئىنجىلى »
نىڭ 12 - سۈرىسىنىڭ ئاخىرىغا شۇنداق يېزىلغان .

ئەيسا ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ كۈمۈش خەزىنىسىگە
قانداق پۇل تاشلايدىغانلىقىغا قاراپ ئولتۇرىۋېردى . خېلىلىغان
بايلار مەلۇم ساندا پۇل تاشلىدى . بۇ چاغدا بىر نامرات تۇل
خوتۇن كېلىپ خەزىنىگە ئىككى تەڭگە تاشلىدى . ئەيسا ئەلەي-
ھىسسالام مۇرىتلىرىنى چاقىرىپ ، ئۇلارغا : مەن سىلەرگە راس-
تىنى ئېيتسام ، بۇ تۇل خوتۇن تاشلىغان پۇل كۆپ ئادەم تاش-
لىغان پۇلدىن جىق . چۈنكى بۇ ئادەملەر ئېشىنىدىغان ئادەم-
لەر ، ئۇلار ئوشۇق پۇللىرىنى تاشلىدى . ئەمما تۇل خوتۇن ئۆ-
زىگە يەتمەيۋاتسىمۇ ، ئۆزىنىڭ بېساتىدا بار پۇلنىڭ ھەممىسىنى
تاشلىدى » دېگەن .

« ئىنجىل » دىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھېكايىلەرگە قە-
دىمدىن ھازىرغىچە بولغان رىۋايەتلەر ھەم شېئىرلاردىكى سۆز -
ئىبارىلەر ئارقىلىق ۋىتىرنىڭ ياخشى ئىش قىلىشىغا ئىلھام بېرىش
ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان . ئۇ ، ۋىتىرنىڭ كىچىك
چېغىدىن تارتىپلا ۋىتىرغا بۇ گەپلەرنى ئېسىدە ساقلاشنى جىكى-
لىگەن . شۇڭا ئۇ ھەر قېتىم ئوغلىدىن : « ۋىتىر ، پوكۇنى
مۇنداق ئەھۋالدا قانداق قىلغان ؟ » دەپ سورىغاندا ، ۋىتىر دەر-
ھال چۈشىنىپ ، يە تىرىشىپ ياخشى ئىش قىلغان ، يە يامان
ئىش قىلىشنى توختاتقان . ۋىتىرنىڭ دادىسى ۋىتىرنى ئۆگىنىشكە
ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن ساددا ئىشلارنىمۇ قىلغان : ھەر قېتىم
ۋىتىر بىرەر كىتابنى كۆرۈپ بولغان ياكى تەرجىمە قىلىپ بول-
غاندا ، ئاتا - بالا ئىككەيلەن خۇددى ئېغىر يۈكنى يەلكىسىدىن
ئېلىۋەتكەندەك بولۇپ ، بىرلىكتە : « ياشىسۇن كومېر » ، « يا-
شىسۇن ۋېكىل » دەپ ئاپتورلارنىڭ ئىسمىنى توۋلىغان . بۇ
چاغدا ۋىتىرنىڭ ئانىسىمۇ كىرىپ : « مۇبارەك بولسۇن » دەپ
تەبرىكلىگەن ، ئاندىن ئۇلار كوچىغا چىقىپ جىق ياخشى نەر-
سىلەرنى ئەكىرىپ ، ۋىتىر ياخشى كۆرىدىغان غىزالارنى تەي-
يارلاپ ، دائىم كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان ئاغىنىلىرىدىن
ئىككى ، ئۈچىنى چاقىرىپ كەچلىك تاماقنى بىللە يېيىشكەن .
داستىخاندا ئالدى بىلەن ۋىتىرنىڭ دادىسى سۆز قىلىپ : بۇ كى-
تابنى تەرجىمە قىلماق خېلىلا تەس ئىدى . لېكىن ۋىتىر قەي-
سىرانە جاسارەت بىلەن ، ئاخىرى تەرجىمە قىلىپ بولدى . شۇ-
نىڭ بىلەن قابىلىيىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆستى » دېگەن .
باشقىلار ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ۋىتىرنى تەبرىك-
لىگەن . ئاندىن يىغىلىشقا ئىشتىراك ئەتكەن ئاغىنىلەر ئوقۇغان
كىتابلىرىدىن سوئاللارنى چىقىرىپ ئۇنىڭدىن سورىغان ، بۇ
چاغدا ۋىتىر پۈتۈن كىتابنىڭ تەخمىنەن مەنىسى ياكى مەلۇم بىر
ئابزاسىنى بايان قىلغان . ئاخىرىدا كەچلىك زىياپەت ۋىتىرنىڭ
« تەگرىم ، سىزگە شۈكرى ! سىز ماڭا ئاشۇنداق ياخشى ئاتا -
ئانا ئاتا قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن ، ماڭا سالامەتلىك ، كۈچ - قۇۋ-
ۋەت ۋە شاپائەتلەر ئىنئام بولدى ، مېنىڭ بىلىم سەۋىيەم ئۆس-
تى » دېگەنگە ئوخشاش بېغىشلىمىسى ئىچىدە ئاياغلاشقان .

## قاتتىق تەربىيلەيمەن دەپ بالىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش قابىلىيىتىگە زىيان يەتكۈزۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ

ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ تەربىيە ئۇسۇلى قاتتىق بولغىنى
بىلەن ئىستىبداتلارچە ئۇسۇلغا ئوخشىمايدۇ . ئىستىبداتلىق دېگە-
نىمىز ، بالىنى قارىغۇلارچە بويسۇنۇشقا مەجبۇرلاش دېگەنلىكتۇر .
ۋىتىرنىڭ دادىسى مۇستەبىتلىككە ، ئىستىبداتلىققا قارشى ، ئۇ ،
مەيلى تەربىيە ئۇسۇلى جەھەتتە بولسۇن ، ياكى باشقا جەھەتتە

بولسۇن ، قائىدە سۆزلەشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ .

ئۇ تەربىيىنىڭ مۇھىملىقى ، بالىنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكىنى قايمۇقتۇرماسلىق ، بالىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش قابىلىيىتىگە زىيان يەتكۈزمەسلىكتە دەپ قارايدۇ . شۇڭا ئۇ بالىنى تەنقىد قىلغاندا ، ئۇ ھەرگىز بالىنى تەنقىدنى نېمە ئۈچۈن يېگەنلىكىنى بىلمەيدىغان قىلىپ قويمايدۇ . بۇ نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم ، چۈنكى ئاتا ـ ئانا خاتالىشىپ بالىنى خاتا تەنقىد قىلىپ قويۇشتىنمۇ يامان ئىش يوق . بىر قەدەم چېكىنىپ ئېيتقاندا ، ئاتا ـ ئانىنىڭ تەنبىھ بېرىشى ۋە توسۇشى توغرا بولغان تەقدىردىمۇ ، بالىغا نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرمەسلىكمۇ ياخشى ئەمەس . لېكىن ئەتراپىمىزدىكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلىغا قاراپ باقساق ، بالىلارنى مەجبۇرلاش ۋە گەپ قىلىشىغا يول قويماسلىق ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ، بۇنداق قىلىش ناھايىتى يامان نەتىجە بېرىدۇ . ئۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئىدراكىنى كۆلەڭگە ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويىدۇ ھەم ئۇ ئۇلارنىڭ ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتىنىڭ نورمالسىزلىقىنىڭ مەنبەسىدۇر . ۋىتېرنىڭ دادىسى ئاق ـ قارىنى ئايرىمايلا بالىلىرىنى ئەيىبلەيدىغان ئاتا ـ ئانىلارچە ئوخشاش ئىش قىلماي ، بەلكى تىرىشىپ پاكىتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ، بالىلارنى خاتا ھالدا تەنقىد قىلىشتىن ساقلىناتتى ، ۋىتېرنى ئەيىبلىگەن ياكى ئۇنىڭ بىرەر ئىشنى قىلىشىنى توسقاندا ، دائىم سەۋەبىنى ئېنىق ئېيتىپ ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزەتتى .

ۋىتېرنىڭ دادىسى مۇبادا بالا نورمال ھۆكۈم قابىلىيىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالسا ، ئۇنداقتا ، ئۇ ئۆمۈر بويى شەيئىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا توغرا ھۆكۈم قىلالمايدۇ دەيدۇ . ئۇ كىتابقا مۇنداق يازىدۇ :

مۇبادا ئوغلۇم كىشىلەرگە بەزى قوپال گەپلەرنى قىلىپ قويسا ، مەن ئۇنى دەرھاللا ئەيىبلىمەي ، دەرھال قارشى تەرەپتىن : « ئوغلۇم يېزىدا چوڭ بولغان ، شۇڭا شۇنداق گەپلەرنى قىلىپ قويىدۇ ، كۆڭلىڭىزگە ئالماسلىقىڭىزنى ئۆتۈنىمەن » دەپ ئەپۇ سورايمەن ، بۇ چاغدا ئوغلۇم مۇۋاپىق بولمىغان گەپنى قىلىپ قويغانلىقىنى ئاڭقىرىۋالىدۇ ـ دە ، بىر ئازدىن كېيىن ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى سورايدۇ ، ئۇ مەندىن سورىغاندا مەن ئاندىن ئۇنىڭغا : « بايا دېگەن گەپلىرىڭ ، قائىدە جەھەتتىن ئېيتقاندا ، خاتا ئەمەس ، مەنمۇ شۇنداق قارايمەن . لېكىن باشقىلارنىڭ ئالدىدا شۇنداق دېسەڭ ياخشى بولمايدۇ . سەن ئەجەبا ئەشۇ گەپنى قىلغىنىڭدىن كېيىن N ئەپەندىنىڭ يۈزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقىمىدىڭمۇ ؟ ئۇ كىشى سېنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ھەم مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ باشقا گەپ قىلمىدى . لېكىن ئۇ چوقۇم رەنجىدى ، سەن ئاشۇ گەپنى قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن N ئەپەندى گەپ قىلماي جىم ئولتۇرۇۋالدى » دەپ چۈشەندۈردۈم . مەن ئوغلۇمغا مۇشۇنداق قائىدە سۆزلىسەم ئۇنىڭ ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتىگە دەخلى يەتمەيدۇ .

ۋىتېرنىڭ دادىسى ئاتا ـ ئانىلارغا مۇنداق تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ ياخشىلىقىنى ھەققىي تۇردە ، ئەتراپلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنۇلارنى بايان قىلىدۇ .

مۇبادا مەن ئوغلۇمنى تەنقىد قىلغاندىن كېيىن ، ئۇ ماڭا : « مېنىڭ دېگەنلىرىم راست ـ قۇ ؟ » دەپ سوئال قويسا ، مەن ئىلگىرىلەپ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيمەن : « شۇنداق ، سېنىڭ دېگىنىڭ راست ، لېكىن N ئەپەندى : < مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئۆيى بار ، سەن كىچىك بالا نېمىنى بىلەتتىڭ > دەپ ئويلىشى مۇمكىن . يەنە ئالايلۇق ، سېنىڭ دېگىنىڭ راست بولغان تەقدىردىمۇ ، ئۇنى دېمىسەڭ زادى بولمايدىغان ئىش يوق . چۈنكى ئۇ ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئىش . سەن باشقىلارنىڭ گەپ قىلماي جىم ئولتۇرۇۋالغانلىقىنى سەزمىدىڭمۇ ؟ ئەگەر ئۇ ئىشنى مەنلا بىلىمەن دەپ ئويلىساڭ بەك ئەخمەقلىق قىلغان بولىسەن . يەنە ئالايلۇق : چوڭلارنىڭ بالىلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تەنقىد قىلىشى ئەسلىدىنلا يوللۇق ئىش ، چۈنكى بالىلار ئۆسۈش جەريانىدا نۇرغۇن كەمچىلىكلەرنى سادىر قىلىدۇ . ئۇنى كۆرسىتىپ بەرگەندىمۇ ئۇياتلىق ئىش ھېسابلانمايدۇ . شۇنداق تۇرسىمۇ كىشىلەر سېنىڭ كەمچىلىكىڭنى بىلمىگەن كىشى بولۇپ ئولتۇرۇۋالدى ئەمەسمۇ ؟ ئەگەر كىشىلەر مېنىڭ كەمچىلىكىمنى بىلمىدى دەپ قارىساڭ ، ئۇنداقتا چوڭ خاتالاشقان بولىسەن ، ئەمەلىيەتتە ، كىشىلەر سېنىڭ خاتالاشقانلىقىڭنى بىلىسىمۇ سېنىڭ يۈزىڭنى قىلىپ گەپ قىلمىدى . يۈزۈڭ تۆكۈلۈپ كەتمىسۇن دېدى . ئەمدى سەن كىشىلەرنىڭ ساڭا بولغان ياخشى نىيىتىنى چۈشەنگىن ! سەن باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى بىلگەندىن كېيىن قانداق قىلىشىڭ كېرەك ؟ سەنمۇ شۇنداق قىلىشىڭ كېرەك .

« ئىنجىل » دا : < ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى باشقىلارغا تاڭما > دېيىلگەن ئەمەسمىدى ؟ بۇنىڭدىكى قائىدە ئەنە شۇنداق . شۇڭا كىشىلەر ئالدىدا باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش ناھايىتى ياخشى ئەمەس .

بالا كىچىك بولغاچقا ، يۇقىرىقىدىكى نەسىھەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چوقۇم يەنىلا تېڭىرقاپ قالىدۇ ، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆڭلى چوڭلارنىڭكىدەك مۇرەككەپ بولمايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداق ئۆزىنى ئۇستۇن كۆرۈش ئۇسۇلى سەممىيەتسىزلىك ۋە بەك بالدۇر سادىر بولغان سەۋەنلىك دەپ قارىلىشى مۇمكىن .

ۋىتېرنىڭ دادىسى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مۇنداق قىلىشى يوللۇق دەپ ھېس قىلغان ، ئەمدى ئۇنىڭ ئوغلىغا قانداق چۈشەنچە بەرگەنلىكىگە قاراپ باقايلى :

ياق ، يالغانچىلىق قىلىشقا بولمايدۇ . يالغانچىلىق قىلساڭ يالغانچى ، ساختىپەز بولۇپ قالىسەن . سېنىڭ يالغانچىلىق قىلىشىڭ ھاجەتسىز . جىم تۇرۇۋالساڭلار بولىدۇ . ئەگەر ھەممە ئادەم بىر ـ بىرىنىڭ ئەيىبىنى ۋە سەۋەنلىكىنى كوچىلىسا ھەمدە باشقىلارنىڭ ئالدىدا داۋراڭ قىلسا ، ئۇنداقتا دۇنيا جاڭجاللا بولۇپ تۇرىدىغان دۇنيا بولۇپ قالمامدۇ ؟ ئۇنداقتا بىزمۇ خاتىر-

جەم هالدا ئىشلىيەلمەيمىز هەم تۇرمۇش كەچۈرەلمەيمىز .

ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ تەربىيە ئۇسۇلى ئەنە شۇنداق ئەقىلگە مۇۋاپىق ئۇسۇل . ئۇنىڭ تەربىيە ئۇسۇلى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغاچقا ، مۇستەبىتلەرچە بولمىغاچقا ، بالىنىڭ ئىدراكى قايمۇقتۇرۇلمىغان ، هۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى زىيانغا ئۇچرىمىغان . ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ « چوڭلارغا ئوخشىتىپ » تەربىيىلەشتەك ئۇسۇلى ئوغلىنىڭ تىل جەھەتتىكى يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى قازغانلىقى ئۈچۈن ئاشۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ، ئەلۋەتتە . ۋىتىرنىڭ بالىسى سۆزگە باي بولغانلىقى ، سۆز مەنىسىنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن ، دېگەن سۆزنى دەرھال چۈشەنگەن .

دۇنيادىكى ئادەتتىكى بالىلار تىل جەھەتتىكى چەكلىمە تۈپەيلىدىن ، كۆپ هاللاردا ، مۇنداق ئەقىلگە مۇۋاپىق تەربىيە ئېلىپ بېرىلغاندا قىيىنچىلىققا يولۇقىدۇ . شۇڭا ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ مۇنداق سورۇنلاردىكى ئىپادىسىنى كۆرۈپ ، كىشىلەرنىڭ ئالدىدىلا بالىلىرىنى ئەيىبلەپ كېتىدىغانلىقىنى ، بەزىلىرىنىڭ تېخى بالىلىرىنى ئۇرىدىغان ـ تېپىدىغانلىقىنى ، يەنە ئەدەپ ـ قائىدە بىلمەيسەن دەپ سەتلەيدىغانلىقىنى ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەربىيە ئۇسۇلىنى تەكشۈرۈپ باقمايدىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز . بۇ هال يەنە بىر جەھەتتىن بالىلارنىڭ قائىدىلەرنى ئوبدان چۈشىنىشى ئۈچۈن ئۇلارغا مول تىل بىلىملىرىنى بالدۇرراق ئۆگىتىش كېرەكلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

### بالىلارغا تىل تەربىيىسىنى بالدۇر ئېلىپ بېرىش ئاچقۇچ

ۋىتىرنىڭ دادىسى ئۆزىنىڭ ئۆز ئوغلىنى تەربىيىلەش تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن بالىلارغا تىلنى بالدۇر ئۆگىتىشنىڭ ئىنتايىن مۇهىم ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان . تىل ـ بىزنىڭ بىلىم قوبۇل قىلىش قورالىمىز ، مۇنداق قورال بولمىسا بىز هېچقانداق بىلىمگە ئېرىشەلمەيمىز . ئىنسانلار شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا جانلىقلاردىن ئۈستۈنكى هەم بۈگۈنكىدەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشتىكى ، باشقا جانلىقلاردا بولمىغان تىل قورالىنى ئىشلەتتى . شۇڭا ئەگەر بىز بالىلارغا تىلنى بالدۇر ئۆگەتمىسەك ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىنى ئوبدان جارىي قىلدۇرالمايمىز . شۇڭلاشقا ، بالىلارنىڭ قابىلىيىتىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا تىل قورالىنى ئىمكانقەدەر بالدۇر ئىگىلىتىش لازىم .

بالىلار ئەمدىلا شەيئىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولغاندا ، ئۇلارغا تىل ئۆگىتىشنى باشلاش لازىم . بۇ ۋىتىرنىڭ دادىسى بالىسىغا تىل ئۆگىتىشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى مۇشۇ چاغدا تاشلىغان . ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ كىتابىتىكى بالىسىنى تەربىيىلەش توغرىسىدا يازغانلىرىغا قاراپ باقايلى : « مەسىلەن ، بىز ئوغلىمىزنىڭ كۆزىنىڭ ئالدىدا بارماقلىرىمىزنى چىقارساق ، ئۇ بارماقلارنى كۆرۈپ تۇتۇۋالماقچى بولاتتى . دەسلەپتە ئېنىق كۆرەلمىگەچكە تۇتۇۋالمايتتى . كېيىن ئاخىرى تۇتۇۋالىدىغان بولدى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ناهايىتى خۇش بولىدىغان بولدى ، بارماقلارنى ئاغزىغا سېلىپ ئەممەيدىغان بولدى . بۇ چاغدا مەن ئاستا هەم ئېنىق تەلەپپۇزدا ، قايتا ـ قايتا < بارماق ، بارماق > دېگەن ئاۋازنى ئۇنىڭغا ئاڭلىتىدىغان بولدۇم . »

شۇنداق قىلىپ ۋىتىر پەرق ئېتىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان چاغدا ، ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى كۆرسەتكەن هەم ئاستا ، ئېنىق تەلەپپۇزدا ، قايتا ـ قايتا ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەرگەن . ئۇزاق ئۆتمەي ۋىتىر بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئېنىق تەلەپپۇز قىلالايدىغان بولغان .

بالىغا تىل ئۆگەتكەندە ، ۋىتىرنىڭ دادىسى ناهايىتى ئەسقاتىدىغان بەزى ئۇسۇللارنى يەكۈنلىگەن ، بىز بۇ ئۇسۇللارنى تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلىدۇق : تىرمىنىنىڭ قوللىنىلىشى ئەتراپتىكى ئەمەلىي نەرسىلەردىن باشلىنىدۇ . بىز چەت تىل ئۆگەنگىنىمىزدە تاق تىرمىنلارنى كۆپلەپ ئەستە قالدۇرمىساق بولمايدۇ . لېكىن كۆپ ئەستە قالدۇرۇشنى خالىساقمۇ لېكىن كۆپ هاللاردا نەتىجە قازىنالماي قالىمىز ـ دە ، يەنە ئاسانلا ئۇنتۇپ قالىمىز . ۋىتىرنىڭ دادىسىمۇ بىر مەزگىل ۋېبوستېرنىڭ يانچۇق لۇغىتىنى قوينىغا سولاپ تىرمىن يادلاپ يۈرگەن بولسىمۇ ، لېكىن بىر تەرەپتىن يادلاپ ، بىر تەرەپتىن ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ئانچە چوڭ ئۈنۈم قازىنالمىغان . تاق تىرمىنلارنى كۆپلەپ ئەستە قالدۇرۇش ئۈچۈن يەنىلا قىزىقارلىق كىتابلارنى كۆپ ئوقۇش ، ئوقۇش داۋامىدا كىتابتىكى تاق تىرمىنلارنى ئەستە قالدۇرۇش لازىم . قائىدە ئوخشاشكى ، بالىلارغا تىرمىنلارنى كۆپلەپ ئۆگىتىشتە ، ئۆردەك بوردىغاندەك مەجبۇرىي قويغان بىلەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايلا قالماستىن ، ئەكسىچە بالىغا زىيان يېتىدۇ .

بالىغا گەپ قىلىشنى ئۆگەتمەك هەقىقەتەن تەس ، ئەگەر ئوبدان ئەجىر سىڭدۈرمىگەندە ئوبدان ئۆگەتكىلى بولمايدۇ . لېكىن ۋىتىرنىڭ دادىسى ناهايىتى ئوبدان ئۆگەتكەن .

ۋىتىر سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى ئۇنى قۇچىقىدا تۇتۇپ ئۇنىڭغا شىرەدىكى تاماق سايمانلىرى ۋە يېمەكلەرنىڭ ، بەدەننىڭ هەر قايسى قىسىملىرىنىڭ ، كىيىمنىڭ هەر قايسى يەرلىرىنىڭ ، ئۆيدىكى ئەسۋاب ـ سايمانلار ۋە بۇيۇملارنىڭ ، ئۆينىڭ هەر قايسى تەرەپلىرىنىڭ ، قورۇدىكى گۈل ـ گىياهلارغا ئوخشاش ۋىتىرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئۆگەتكەن ، يەنە پېئىل ۋە سۈپەت سۆزى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆگىتىپ ئۇنىڭ بىلىدىغان تىرمىنلىرىنى پەيدىنپەي كۆپەيتىپ بارغان . بۇنداق تەربىيە ئېلىپ بارغاندا تەدرىجىي ئىلگىرىلەشكە دىققەت قىلىش ، دەسلەپتە ناهايىتى ئاددىي سۆزلەرنى ئۆگىتىش ، هەر كۈنى مەشىق قىلدۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ، ئۇزاققىچە توختاتماسلىق لازىم ، شۇنداق قىلغاندا چوقۇم هاسىلات قولغا كېلىدۇ.

ۋىتىر گەپنى ئاز ـ تولا چۈشىنەلەيدىغان بولغاندا ، ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى هەر كۈنى ئۇنىڭغا هېكايە سۆزلەپ

بەرگەن . ۋىتېرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قارىشىچە ، باللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئۇلارغا ھېكايە سۆزلەپ بېرىش ھەممىدىن مۇھىم ئىكەن . باللار بۇ دۇنياغا مېھمان كېلىشلەر ، بۇ دۇنيا ئۇلار ئۈچۈن نامەلۇم دۇنيا ، شۇڭا ئۇلارنى بۇ دۇنيادىن ئىمكانقەدەر بالدۇر خەۋەردار قىلىش لازىم ، خەۋەردار قىلىش قانچە بالدۇر بولسا شۇنچە ياخشى . باللاردا بۇ دۇنياغا قارىتا يېقىنچىلىق قىلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئەڭ ياخشى ۋاسىتە ھېكايە سۆزلەشتىن ئىبارەت .

ھېكايە سۆزلىگەندە باللارنىڭ بىلىم دائىرىسى كېڭىيىپلا قالماستىن ، بەلكى تىرمىنلىرىمۇ كۆپىيىدۇ . ھېكايىنى باللارغا پاسسىپ ھالدا ئاڭلىتىپ قالماي بەلكى يەنە ئۇلارغا قايتا سۆزلەتكۈزۈش كېرەك . ئەگەر بالىغا قايتا سۆزلەتكۈزمىگەندە ھېكايە سۆزلەپ ئۇنۇم قازىنىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ .

ۋىتېر مۇشۇنداق ئۈزلۈكسىز جانلىق تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ۋىتېردا نەتىجە ھاسىل بولغان . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ۋىتېر بەش ، ئالتە ياشلارغا كىرگەندە ، ئۇ ھېچقانچە ھەشەم تارتماي 30 نەچچە مىڭ تىرمىننى يادلىۋالالىغان ، بۇ سان بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۈچۈنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سان ھېسابلىنىدۇ .

ۋىتېرنىڭ تىل ئۆگىتىش ئۇسۇلىدىكى بىر نۇقتا ، يەنى بالىغا سۆزنى يېرىم ـ ياتا ئۆگەتمەسلىك . ئاتا ـ ئانىلارنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ . ئۇ باللارغا : « پوڭ ـ پوڭ ( ئەمچەك ) » ، « تاق ـ تاق » ( پۇت ) ، « ھاۋ ـ ھاۋ ( ئىت ) دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئۆگىتىش بالىنىڭ تىلىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولماستىن ، بەلكى زىيانلىق دەپ قارىغان . ئۇنىڭ تەجرىبە قىلىشىچە ، بالا ئىككى ياش چامىسىدىكى چاغلاردا ئاستا ھەم ئېنىق تەلەپپۇز بىلەن رەسمىي تىل ئۆگەتكەندە ، بالا ئادەتتىكى سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلالىغان . دەرۋەقە ، « پوڭ ـ پوڭ » ، « تاق ـ تاق » دېگەن سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلىش ئاسان ، لېكىن ئەسلىدە ئۆگەتسىلا ئۆگىنەلەيدىغان نەرسىلەرنى قەستەن ئۆگەتمەسلىك ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ ؟ مۇشۇ سەۋەبتىن ۋىتېرنىڭ دادىسى ۋىتېرغا زادى يېرىم ـ ياتا گەپلەرنى ئۆگەتمىگەن .

تىل تەربىيىسى داۋامىدا ، ۋىتېرنىڭ دادىسى دەسلەپتىلا باللارغا ئۆلچەملىك تىل ئۆگىتىشنى ئىنتايىن تەكىتلىگەن . شۇڭا ئۇ دائىم ئوغلىغا سۆزنى ئېنىق تەلەپپۇز قىلىپ بەرگەن ھەم ئۆلچەملىك ئېسىل تىلنى سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگەتكەن . ھەمدە ئوغلى توغرا تەلەپپۇز قىلسىلا ، ئۇ ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ « ناھايىتى توغرا دېدىڭ ، ناھايىتى توغرا دېدىڭ » دەپ تەقدىرلىگەن . ۋىتېر سۆزنى توغرا تەلەپپۇز قىلالمىغاندا ، ئۇ خوتۇنىغا : « قاراڭ ، ئوغلىمىز پوكۈنى گەپنى قىلالمىدى . . . » دېگەن ، خوتۇنى جاۋاب بېرىپ : « شۇنداقمۇ ؟ مېنىڭ ئوغلۇم شۇ گەپنىمۇ قىلالمىدىمۇ ؟ » دېگەن ، گەرچە ۋىتېر كىچىك بولسىمۇ ، شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ جېنىنىڭ بارىچە ئۆلچەملىك تىل ئۆگىنىش غەيرىتىنى قوزغىغان . ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بوشاشماي تىرىشىشى ۋە چىڭ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇشى ئارقىسىدا ، ۋىتېر كىچىكىدىن تارتىپلا سۆزنى ناھايىتى توغرا تەلەپپۇز قىلىدىغان بولغان .

ۋىتېرنىڭ دادىسى ئۇنىڭ سۆزنى باللارچە تەلەپپۇز قىلىشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي ، بەلكى يەنە ئۇنىڭغا پەيدىنپەي مۇرەككەپ سۆز ـ ئىبارىلەرنى چۈشىنىش ۋە قوللىنىشنى ئۆگەتكەن ھەممە سۆز ـ ئىبارىلەرنى توغرا ، جانلىق قوللاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقان . بۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ بىرى قاتتىق تەلەپ قويۇپ ، يەنە بىرى بالىنى بوش قويۇۋېتىمەي بەلكى چوقۇم ئۆز ئارا ماسلىشىش كېرەك دەپ قارىغان . ئۇ خوتۇنى بىلەن ئوبدان ماسلىشىپ ھەم ئۆزى ئۈلگە بولۇپ ، ئادەتتىكى چاغلاردا سۆزنى ئۆلچەملىك تەلەپپۇز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ ، تىلنى قېلىپلاشتۇرۇپ ، مۇۋاپىق سۆزلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللىغان .

ۋىتېرنىڭ دادىسى خوتۇنىنىڭ دىئالېكت ياكى يەرلىك شىۋىلەرنى قوللىنىشنى چەكلەپ قالماي ، بەلكى ئايال مالىيى ۋە ئەر مالىيىنىڭمۇ شۇنداق سۆزلەرنى قوللىنىشنى چەكلىگەن . ئۇ ۋىتېرغا دىئالېكت ۋە يەرلىك شىۋىلەرنى ئۆگىتىش ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغانلىق دەپ قارىغاچقا شۇنداق قىلغان . ئۇ ۋىتېرنىڭ ئۆلچەملىك ئېسىل تىلنى يادلىشىغىلا يول قويغان . چۈنكى ۋىتېر ئۆلچەملىك ئوقۇشنى بىلگەندىلا كىتابتىكى سۆزلەرنى قىينالمايلا ئوقۇپ چۈشىنەلەيتتى .

كارىل ۋىتېردىن باشقا نۇرغۇن پېداگوگلارمۇ تىل تەربىيىسىنىڭ باللارغا بولغان دەسلەپكى تەربىيىدىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتتى . ياپونىيىنىڭ سونىي ئېلېكتر ماشىنا ـ سايمانلىرى شىركىتىنىڭ بەرپاچىسى ھەم پەخرىي لىدىرى جىڭ شىندا ئەپەندى ئۆزىنىڭ « نۆل ياشتىن باشلانغان تەربىيە » دېگەن كىتابىدا ، بالا تۇغۇلۇپلا تۈرلۈك ئۇچۇرلارنى پاسسىپ ھالدا قوبۇل قىلىدۇ ، ئەگەر چوڭلار بەزى پايدىلىق ئۇچۇرلارنى تاللاپ بالىغا ئۆگەتسە ، بالىنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ نېرۋىلىرىنى ئۇنۇملۇك غىدىقلىيالايدۇ ، بۇ بالىنىڭ يوشۇرۇن ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۆلچەرلىگۈسىز ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارىغان . ئۇ ھەتتا يۈرەكلىك ھالدا بالىغا پايدىلىق ئۇچۇرلارنى ئۆگىتىشنى بالا تۇغۇلۇپ 15 كۈن ئۆتكەندىلا باشلاشنى تەشەببۇس قىلغان .

ليۇيىتىڭنىڭ ئانىسى دەل مۇشۇنداق ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن قىزى تۇغۇلۇپ 15 كۈن ئۆتكەندىن تارتىپلا ئۇنىڭغا تىرمىن « قويۇش » قا باشلىغان .

دەل 15 كۈن بولغان كۈنى ئەتىگەندە ، قىزى ئويغانغان چاغدا ، ليۇيىتىڭنىڭ ئانىسى ئۆزىنىڭ بىگىز بارمىقىنى ئاستاغىنە قىزىنىڭ كىچىك قوللىرىنىڭ ئالقىنىغا تەققان ، قىز تۇغما

بۇيۇملىرىدىن باشلاشقا دىققەت قىلىپ ، تۇرلۇك نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى قايتا ـ قايتا ئۆگەتكەن . بۇ سۆزلەرنى ئۆگەتكەندە بىرەر نەرسە بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي ، ئاساسىي جەھەتتىن نىمە كۆرۈنسە شۇنى ئۆگەتكەن . شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭغا پېئىل ۋە سۈپەت سۆزلىرى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆگەتكەن .

لېيۇپتىگنىڭ ئانىسىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا ، بۇ باسقۇچتا بالىغا تىل ئۆگىتىشنى باشلىغاندا ھەقىقەتەن نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار بولىدۇ ، چۈنكى بۇ چاغدا بالا تېخى كىچىك بولغاچقا ، چوڭ بالىلارغا ئوخشاش باشقا ۋاستىلەرگە تايىنىپ ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش مۇمكىن ئەمەس .

لېكىن بۇ باسقۇچتا بالىغا قارىتا تىل مەشىقى ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن مۇھىم بولغاچقا ، ئاتا ـ ئانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئۇنۇم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىش لازىم ، بۇ ئەڭ مۇھىم ئاچقۇچ .

ئۇنىڭ قارىشىچە ، بالىغا تۇغۇلۇپ 15 كۈن ئۆتكەندىن باشلاپلا تىل ئۆگىتىشتىن مەقسەت ، بالىنىڭ ئىمكانقەدەر بالدۇر گەپ قىلىشنى بىلدۈرۈش ئەمەس ، بەلكى بالىغا مۇددەتتىن بۇرۇن ئۈچۈر سىڭدۈرۈپ بالىغا ئىمكانقەدەر بالدۇر تىرمىن جۇغلاتقۇزۇش ئىكەن . بالا ئىگىلىگەن تىرمىن مەلۇم سانغا يەتكەندە ، ئۇنىڭ تەلەپپۇز قىلىش ـ قىلالماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇنىڭ بىلىش ( تونۇش ) قابىلىيىتى بىلەن چۈشىنىش قابىلىيىتى جەھەتتە بىر قېتىملىق سەكرەش بارلىققا كېلىدىكەن . بالىنىڭ تەلەپپۇز سىستېمىسى يېتىلگەندە ئۇ بىلىۋالغان تىرمىنلار ۋە جۈملىلەر گويا بۇلاق سۈيىدەك ئېتىلىپ چىقىدىكەن . ئىپادىلەش قابىلىيىتى تىرمىن ئۆگىنىشنى كېيىن باشلىغان بالىلارنىڭكىدىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدىكەن .

بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ھەۋىسىنى قوزغاش كېرەك

كۆپچىلىك ۋىتىر تۇرمۇشتا كىتاب شىرەسى ئالدىدا ئولتۇرغاندىن باشقا ھېچقانداق ئىشنى قىلمىغان دەپ قارىشى مۇمكىن ؛ ياكى بىر قەدەم چېكىنىپ ئۇ قىرائەتخانىغا ئوخشاش بەزى بىلىملەرنى ئۆگەنگەن بولۇشى مۇمكىن . ئازراق چەت تىل بىلگەندىن باشقا نەرسىلەرنى زادى بىلمەيدۇ دەيلى . ئەمەلىيەتتە ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس . ئۇنىڭ دادىسىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا ۋىتىرنىڭ كىتاب شىرەسى ئالدىدا ئولتۇرغان ۋاقتى ھەر قانداق بىر ئۆسمۈرنىڭكىدىن ئاز بولغان . ئۇ كۆپ ۋاقتىنى ئويناش ۋە ھەرىكەت قىلىشقا قانغىچە ئىشلەتكەن ، ئۇ ئىنتايىن ساغلام ۋە تېتىك بالا بولۇپ ، ئۆگىنىش جەھەتتە چەت تىل ئۆگەنگەندىن باشقا ، ئازادىلىك ئىچىدە ، ئويۇشلۇق ھالدا بوتانىكا ، زوئولوگىيە ، فىزىكا ، خىمىيە ، ماتېماتىكا قاتارلىقلارنى ئۆگەنگەن . ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئوغلىنى ئازادىلىك ئىچىدە ، خۇشال ـ خورام ھالدا شۇنداق كۆپ بىلىملەرنى ئۆگىنىدىغان قىلىشتا چوقۇم ئۇنىڭ ئىنتايىن ئۆزگىچە تەربىيە ئۇسۇلى بار .

ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ تەربىيە ئېلىپ بېرىشتىكى سىرى ، بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ھەۋىسىنى قوزغاش ۋە بالىلارغا سوئال قويغۇزۇشتىن ئىبارەت . ۋىتىر ئۈچ ، تۆت ياشلىق بولغاندا ، ئۇنىڭ دادىسى ئۇنى يېتىلەپ بىر ـ ئىككى سائەت ئويناتقان . لېكىن مۇنداق يېتىلەپ يۈرۈپ ئوينىتىش ئاددىي ھالدىكى يول ماڭغۇزۇش بولماستىن ، بەلكى بىر تەرەپتىن ۋىتىر بىلەن مۇڭدىشىش ، يەنە بىر تەرەپتىن تەربىيە بېرىشتىن ئىبارەت بولغان . مەسىلەن ، بەزىدە سەيلە قىلغاندا ، ۋىتىرنىڭ دادىسى بىرەر تال گۈلنى ئۈزۈپ ئوپېراتسىيە قىلىپ ۋىتىرغا گۈلنىڭ ئۆسۈش ئالاھىدىلىكى ۋە رولىنى چۈشەندۈرگەن ؛ بەزىدە گۈللۈكتىن بىرەر قۇرتنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا ھاشارەتلار توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ئۆگەتكەن . شۇنداق قىلىپ ئۇ بىرەر تاش ، بىرەر تال گۈل ـ گىياھ قاتارلىق ئەمەلىي ماتېرىياللار ئارقىلىق ۋىتىرغا ئەڭ جانلىق تەربىيە بەرگەن .

ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئۇ ئۆردەك بورداش ئۇسۇلىنى قوللانماي ، بەلكى ئالدى بىلەن ۋىتىرنىڭ ئۆگىنىش ھەۋىسىنى قوزغىغان . ئاندىن ئۇنىڭ ھەۋىسىگە ئۇيغۇنلىشىپ تەربىيىنى ناھايىتى جايىدا ئېلىپ بارغان .

يەنە بىر نۇقتا شۇكى ، ۋىتىرنىڭ دادىسى ئوغلىغا تەربىيىنى سىستېمىلىق ئېلىپ بارماي ، ئۇنىڭغا ئۇ بوتانىكىدىكى مەسىلە ، بۇ زوئولوگىيىدىكى مەسىلە دېگەنلەرنى دەپ بەرگەن . سەيلە قىلغاندا ۋىتىر مەلۇم شەيئىگە قىزىقىپ قالغاندىلا ، ئۇ ئۇنىڭغا مۇناسىپ بىلىملەرنى ئۆگەتكەن . شۇڭا ۋىتىر كېيىنكى چاغلاردا زوئولوگىيە ۋە بوتانىكىغا دائىر كىتابلارنى ئوقۇغاندا كىتابتىكى بىلىملەر ناتونۇش بىلىنمىگەن . شۇنىڭ بىلەن ئۇڭايلا ئۆزلەشتۈرۈۋالغان .

بىز ئەمەلىيەت داۋامىدا شۇنى بايقىدۇقكى ، بالا ئۈچ ـ تۆت ياشلىق بولغاندا ، ئۇلار چوڭلارغا قويىدىغان سوئال بارغانسېرى كۆپىيىدۇ ھەم تۈرلۈكچە بولىدۇ . لېكىن مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاتا ـ ئانا بالىلىرىنىڭ سوئال قويغىنىدىن ھاياجانلانماقتا يوق ئەكسىچە ناھايىتى ئېرىكىپ كېتىدۇ . ئۇلار بالىلىرىنىڭ قويغان سوئاللىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا جاۋاب بېرىدۇ . ھەرگىز سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرمەيدۇ . دەل ئۆزى بالىلىرىنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى قۇرۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسىمۇ ، لېكىن بالىسى مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن ئاندىن : « نېمە ئۈچۈن بالىسىنىڭ نەتىجىسى مۇنداق ناچار ! » دەپ ۋايساپ كېتىدۇ . لېكىن مۇنداق ئاتا ـ ئانىلار ئەزەلدىن قىلغانلىرىنى ئاختۇرۇپ كۆرمەيدۇ .

ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ بۇ جەھەتتە قانداق قىلغانلىرىغا قاراپ باقايلى ! ۋىتىر سوئال سورىغاندا ئۇ دائىم ئىلھاملاندۇرغان ھەم سەۋرچانلىق بىلەن جاۋاب بەرگەن ، ھەرگىز ۋىتىرنى ئالدىمىغان . تەربىيە جەھەتتە ۋىتىرنىڭ دادىسى كىچىك بالىلارغا خاتا نەرسىلەرنى ئۆگىتىشتىنمۇ قەبىھ ئىش يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان . بالىسىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە ، ئۇ جاۋابنى ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان قىلىپ بەرگەن . بالىنىڭ شۇ چاغدىكى بىلىم شارائىتىدا تولۇق قوبۇل قىلالايدىغان ـ قىلالمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ تولۇق نەزەردە تۇتقان . تېخىمۇ قىممەتلىك بولغىنى شۇكى ، ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدىغان سوئاللارنى قويغاندا ، ئۇ چورتلا سەممىي جاۋاب قايتۇرۇپ : « بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن » دېگەن . شۇنىڭ بىلەن دادا ـ بالا ئىككەيلەن بىرلىكتە كىتابنى ئاختۇرغان ياكى كۇتۇپخانىغا بېرىپ ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇپ ئوقۇغان . بۇمۇ ۋىتىرغا ھەقىقەت يولىدا ئىزدىنىش روھىنى ئاتا قىلغان . ۋىتىرنىڭ دادىسى ۋىتىرنى تەربىيىلەش داۋامىدا ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىغان ۋە ھەق ـ ياكى ناھەقلىقنى

بىلگىلى بولمايدىغان بىلىملەرنى كۆچىنىڭ بارىچە مۇستەسنا قىـ
لىشتا چىڭ تۇرغان .

ئەگەر ۋىتىر زوئولوگىيە ۋە بوتانىكا جەھەتتىكى بىلىمـ
لەرنى دادىسى بىلەن بىللە سەيلە قىلغاندا قولىقى بىلەن ئاڭلاپ ،
كۆزى بىلەن كۆرۈپ قوبۇل قىلغان دېسەك ، ئۇنداقتا ، ۋىتىرنىڭ
دادىسى ۋىتىرغا جۇغراپىيىگە دائىر بىلىملەرنى ئۇنى تەبىئەت ئىـ
چىگە ئېلىپ كىرىپ ئۆگەتكەن . ئۇ دائىم يېشى كىچىك ۋىتىرنى
ئەتراپتىكى كەنتلەرگە ئېلىپ بېرىپ تاماشا قىلدۇرۇپ ، ئۇ يېقىن
ئەتراپتىكى كەنتلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۇققاندىن
كېيىن ، ۋىتىرنى قولىغا قەلەم ۋە قەغەز ئالدۇرۇپ كەنتتىكى ئېـ
گىز مۇنارغا چىقارغان . ۋىتىر يىراقلارغا كۆز تىكىپ قارىغان ، بۇ
چاغدا ۋىتىرنىڭ دادىسى دەل ۋاقتىدا ئۇنىڭدىن ئەتراپتىكى
جايلارنىڭ نامىنى سورىغان ، ئۇنىڭ بىلەلمىگەن جايلىرىنى
چۈشەندۈرۈپ دەپ بەرگەن ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئەتراپتىكى جايلار-
نىڭ ئاددىي جۇغراپىيە خەرىتىسىنى سىزىشنى بۇيرىغان . ئاندىن
ئىككىيلەن بىللە سەيلە قىلىپ ، خەرىتىگە يول ، ئورمان ۋە دەريا
سىزغان . شۇنىڭ ، بىلەن قوشنا كەنتنىڭ خەرىتىسى سىزىپ
چىقىلغان . بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن دادا ـ بالا
ئىككەيلەن كىتابخانىغا بېرىپ شۇ جاينىڭ خەرىتىسىنى سېتىۋې-
لىپ ئۆزلىرى سىزغان خەرىتە بىلەن سېلىشتۇرۇپ ، خاتا بولۇپ
قالغان جايلارنى تۈزەتكەن . شۇنداق قىلىپ ۋىتىرنىڭ دادىسى
ئوغلىغا چۈشەنمەك تەس بولغان خەرىتە ئۇقۇمىنى تەدرىجىي
هالدا ئۆگىتىپ قويغان .

ۋىتىرنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا زوئولوگىيە ، بوتانىكا ۋە
جۇغراپىيە بىلىملىرىنى ئۆگىتىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئوخشاش
ئۇسـۇل بىلەن فىزىكا ، خىمىيە ، ماتېماتىكا ئۆگەتكەن . ئاسترو-
نومىيە ئۆگىتىشنى ـ ـ ـ ئاق سۆگەك ـ سېكىندۇرۇپقا هاۋالە
قىلغان . سېكىندۇرۇپ ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ تونۇشىمۇ ئەمەس
ئىدى ، ئادەتتە ئالاقىمۇ قىلىشمايتتى ، ئۇ ۋىتىرنىڭ ئاجايىپ قابىـ
لىيىتىگە قىزىقىپ قېلىپ ئۇنى كۆرگىلى كەلگەندە تونۇشۇپ قالـ
غان . ئۇ ۋىتىر بىلەن ئالاقىلىشىپلا ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ
قالغان ، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆگىنىش سەۋىيىسى كىشىلەرنىڭ ئاغـ
زىدىكىدىن كۆپ ئارتۇق ئىدى . شۇنىڭ بىلەن سېكىندۇرۇپ بۇ
قابىلىيەتلىك بالىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرگەندەك ئەزىز كۆرۈپ
ئۆز ئۆيىگە چاقىرتىپ ، ئۆزىنىڭ تېلىسكوپى ئارقىلىق ئۇنىڭغا
ئاسترونومىيە بىلىملىرىنى ئۆگەتكەن ، بۇ ئادەم بىلىم ئېلىش بىـ
لەن كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان ئادەم بولغاچقا ، ئاسترونومىيىگە
دائىر كۆزىتىش ئەسۋابلىرى بولغاندىن باشقا يەنە فىزىكا ۋە خىـ
مىيىگە دائىر ماشىنا ـ سايمانلىرى ھەم تۈرلۈك كىتاب ـ ژۇر-
ناللىرىمۇ بار ئىدى . ئۇ ناھايىتى سېخىيلىك بىلەن ۋىتىرنىڭ بۇ
كىتابلار ۋە ماشىنا ـ سايمانلاردىن پايدىلىنىشىغا يول قويغان
ھەمدە ۋىتىرنىڭ تۈرلۈك بىلىملەرنى كۆڭلى خالىغانچە ئۆگىنىـ
شىگە ياردەم بەرگەن .

ۋىتىرنىڭ دادىسى يەنە بارلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ
ئوغلىنىڭ بىلىمنى كۆپەيتىشكە ئەھمىيەت بەرگەن . مەسىلەن ،
بىنا ـ ئىمارەتلەرنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا ئۇ ئىمارەتنىڭ نېمە دەپ
ئاتىلىدىغانلىقى ، قانداق جايغا سېلىنغانلىقىنى دەپ بەرگەن .
كونا قەلئەلەرنى كۆرگەندە ، ئۇ قەلئەنىڭ بۇرۇن نېمە دەپ ئاتال-
غانلىقىنى ھەم شۇ قەلئەنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ بەرگەن .

ۋىتىرنىڭ دادىسى ۋىتىر بەش ياشقا كىرگەندىن كېيىن ،
مەيلى تۇغقانلىرىنىڭكىگە ، ئەل ـ ئاغىنىلىرىنىڭكىگە بارسۇن
ياكى نەرسە سېتىۋالغىلى بارسۇن ، مەيلى مۇزىكا يىغىنلىرىغا مۇ-
زىكا ئاڭلىغىلى بارسۇن ياكى ئويۇن كۆرگىلى بارسۇن ، ئۇنى
بىللە ئېلىپ بارغان . بوش ۋاقتى بولسىلا مۇزېيخانىلار ، گۈزەل
سەنئەت سارايلىرى ، ھايۋانات باغچىلىرى ، ئۆسۈملۈك باغچە-
لىرى ، زاۋۇتلار ، كانلار ، دوختۇرخانىلار ۋە باللار باغچىلىرىنى
ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇپ ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ،
بىلىمنى ئاشۇرغان .

ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇش ئاشۇ خىلدىكى تەربىيىلەرنىڭ
بۇ قىسمىدىنلا ئىبارەت بولۇپ ، ھەر قېتىم ئېكسكۇرسىيىدىن قاي-
تىپ كەلگەندە ۋىتىرنىڭ دادىسى ۋىتىرغا كۆرگەنلىرىنىڭ ھەمـ
مىسىنى تەپسىلىي بايان قىلدۇرغان ياكى ئانىسىغا دوكلات قىلـ
دۇرغان . ۋىتىر مۇشۇنداق بىر تاپشۇرۇقنى ئىشلەيدىغان بولـ
غاچقا ، ئېكسكۇرسىيە قىلغان چېغىدا كۆڭۈل قويۇپ كۆزەتكەن ،
دادىسى ياكى ئېكسكۇرسىيە يېتەكچىسىنىڭ تونۇشتۇرغان ياكى
سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى زەن قويۇپ تىڭشىغان .

ۋىتىر ئۈچ ياشقا كىرگەندىن كېيىن دادىسى ئۇنى ھەر
تەرەپكە ئېلىپ بېرىپ ئايلاندۇرغان ، ۋىتىر بەش ياشقا كىر-
گەندە ، دادىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ، گېرمانىيىنىڭ چوڭ شەھەر-
لىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئايلىنىپ بولغان . سەپەردە ئۇ
تاغلارغا چىققان . مەنزىرىلىك جايلارنى سەيلە قىلغان ؛ ئاسار
ئەتىقىلەرنى ئىزدىگەن ، قەدىمىي جەڭگاھلارغا بېرىپ تەزىيىمۇ
بىلدۈرگەن . سارايغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ۋىتىرنىڭ دا-
دىسى ۋىتىردىن كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى خەتكە يېزىپ ئانىـ
سىغا ۋە تونۇش ـ بىلىشلىرىگە ئەۋەتىشنى بۇيرىغان . ئۆيىگە
قايتقاندىن كېيىن سەپەر ئۈستىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى ۋە
بىۋاسىتە تەسىراتلىرىنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا دەپ بېرىشنى
ئۆتۈنگەن .

ۋىتىرنىڭ دادىسى ۋىتىرنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇسىنى
قاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭدا ھەقىقەت ئىزدەش روھىنى يېتىلدۈرۈش
ئۈچۈن ، پۇل ئارىيەت ئېلىش ۋە جىسمانىي مېھنەت سىڭدۈرۈشكە
پىخسىقلىق قىلمىغان . مەسىلەن ، ۋىتىرغا سېھىرگەرلىكنىڭ سىـ
رىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ، جىق پۇل كېتىدىغانلىقىغا قارىماي ،
سېھىرگەر تەكلىپ قىلىپ ئۆز سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق ئاشۇ
سىرنى چۈشەندۈرگۈزگەن .

شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ۋىتىرنىڭ دادىسى
ۋىتىرنى تەربىيىلەش داۋامىدا « يۈز ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن
ئەلا » دېگەن قائىدىگە قەتئىي ئەمەل قىلغان .

شەيئىلەرگە ناھايىتى قىزىقىش ۋە تولۇپ تاشقان قىزـ
غىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئۆزى تالانت ، باللارنى ئىنـ
چىكە كۆزەتكەنلا ئادەم باللارنىڭ ، دۆت ياكى ساراڭ بولمىسىلا ،
شەيئىلەرگە ئىنتايىن ئاسان قىزىقىدىغانلىقى ۋە قىزغىن بولىدىـ
غانلىقىنى بايقىيالايدۇ . دېمەك باللار تەبىئىي يوسۇندا بەزى
جەھەتلەرگە ياكى مەلۇم بىر تەرەپكە نىسبەتەن كۈچلۈك قىزـ
غىنلىقتا بولىدۇ ، مۇبادا ئۇلار مەلۇم بىر تەرەپكە ياكى بەزى
ئىشلارغا مەھلىيا بولۇپ قالسا ، مارك ئېيتقان « ئىشلەتسەڭلا تە-

رەقلىي قىلىسەن » دېگەن قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىپ ئۆز قابىلىيىتىنى كىشى ھەيران قالغىدەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ . ئەمەلىيەتتە تالانت ئەنە شۇ تەرىقىدە بارلىققا كېلىدۇ .

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى ، نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەر بالىدا قىزغىنلىق ئوتى ئەمدىلا يېلىنجاشقا باشلىغاندا ئۇنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ ، ھەتتا ئۇنىڭغا سۇ چاچىدۇ . دۇنيادا تالانتلىق كىشىلەرنىڭ ئاز بولۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇنىڭدا . ئەگەر بالىنىڭ ھەۋىسى ۋە قىزغىنلىقى ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلسا ئۇلار تالانتقا ئايلىنىدۇ . ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەۋىسى ۋە قىزغىنلىقى ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىش شارائىتىغا ئاز ئىگە بولسا ، نۇرغۇن ئائىلىلەر بالىنىڭ ھەۋىسى ۋە قىزغىنلىقى ئەمدىلا بىخ سۈرگەندە ئۇنى دەسسىۋېتىدۇ . يەنە بىخ سۈرگەندە يەنە دەسسەپ ـ چەيلەپ ئۇنىڭ ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پۇرسەتنى ناھايىتى ئاز بېرىدۇ . نەتىجىدە تالانت ئىگىلىرى ناھايىتى ئاز چىقىدۇ . لېكىن ۋىتىر ، سىدز ، بارىل قاتارلىقلارنىڭ يېتىلىش جەريانى كىشىلەرگە شۇنى بىلدۈرىدۇكى ، ئەگەر بالىنىڭ ھەۋىسى ۋە قىزغىنلىقى دەسلەپتىلا ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلالىسا مۇتلەق كۆپ ساندىكى بالا قەھرىمان ۋە تالانتلىق بولىدۇ .

دۇرۇس ، ۋىتىرنىڭ دادىسىغا ئوخشاش بالىلارغا تەربىيىنى بالدۇر ئېلىپ بارغان كىشىلەر كۆپ بولماي كەلگەن ، شۇنداق بولسىمۇ ، ئىنسانلار تارىخىدا يەنىلا نۇرغۇن تالانتلىق بارلىققا كەلگەن . بۇ تالانت ئىگىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار كۆرسەتتىكى ، ئۇلار تۇغۇلغاندىلا تۇغما قابىلىيەتلىك تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق بولغان ئەمەس ، ئېھتىمۇ مۇھىمى ئۇلارنىڭ كىچىك چاغلىرىدىكى ھەۋىسى ۋە قىزغىنلىقىنىڭ بىخلىرى دەسسەپ ـ چەيلىۋېتىلمىگەن ، بەلكى ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىشقا ئېرىشكەن .

جاھاندىكى ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ ھەۋىسى ۋە قىزغىنلىقىنى ئاسراشنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇغاندىن باشقا ، يەنە بالا قانچە چوڭ بولغانسېرى كۈچلۈك ھەۋەس ۋە قىزغىنلىققا ئىگە بولۇشى شۇنچە تەس بولىدىغانلىقىنىمۇ تونۇپ يېتىشى شەرت . چۈنكى بالا چوڭ بولۇش جەريانىدا ئۇلارنىڭ ھەۋەسىنىڭ بۇمران بىخلىرى قايتا ـ قايتا ئاياغ ئاستى قىلىنىشى مۇمكىن ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قانچە چوڭ بولغانسېرى ، ئۇلارنىڭ ھەۋىسى ۋە قىزغىنلىقى شۇنچە قاتتىق ئاياغ ئاستى قىلىنىشى ۋە يوقىتىۋېتىلىشى مۇمكىن . شۇڭا بالىلارغا تەربىيىنى بالدۇر ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئەنە شۇ يەردە دېيىمىز . بالا چوڭ بولغانسېرى مىجەز جەھەتتىن شەيئىلەرگە ھەۋەس قىلمايدىغان ۋە قىزغىن بولمايدىغان بولۇپلا قالماي ، يەنە ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن تۇغما قابىلىيىتىنىڭ جارىي بولۇش ئىمكانىيىتىمۇ بارغانسېرى ئاز بولىدۇ . بالدۇر ئېلىپ بېرىلغان تەربىيە دەل مۇشۇ كەملىكنى تولدۇرىدۇ .

بەزىلەر تالانت ئىگىلىرى تىرىشىش داۋامىدا خۇددى ئەرمەكلەرنى ئويناۋاتقاندەك ئىشلارنى قىلىدۇ دېيىدۇ ، يەنى تالانت ئىگىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ھەۋەسنىڭ تۈرتكىلىكىدە قوزغالغان قىزغىنلىقتىنلا ئىبارەت دېمەكچى بولىدۇ . مۇشۇنداق ئەرمەك شەكلىدىكى تىرىشچانلىقلار كىشىنىڭ خىيالىغا كىرمەيدىغان بەزى نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ . يەنى ئەرمەكلا قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ . مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، تالانت ئىجادىيەتلىرىنى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ . قانچە جاپالىق ئەمگەك قىلغان بىلەنمۇ قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولمايدۇ .

ۋىتىرنىڭ دادىسى ۋىتىر ئۈچ يېرىم ياشقا كىرگەن چاغدىن باشلاپلا ئۇنىڭغا خەت ئۆگىتىشكە باشلىغان ، لېكىن ھەرگىز مەجبۇرلىمىغان . « تەربىيىنى مەجبۇرىي ئېلىپ بارماسلىق » ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ تەربىيە مېتودىدىكى بىر چوڭ پرىنسىپ . نېمىنى ئۆگىتىشتە بولسۇن ، ئالدى بىلەن بالىدا ھەۋەس پەيدا قىلىش كېرەك . بالىدا ھەۋەس قوزغالغاندا تەربىيىنى ئاندىن باشلاش لازىم .

ۋىتىرنىڭ دادىسى ۋىتىرغا كىچىككىدىلا خەت ئۆگىتىشتە يەنە كىچىك بالىلار بىلىۋالالمايدىغان « كىچىك ۋاستىلەر » نىمۇ قوللانغان . مەسىلەن ، ۋىتىرغا بالىلار كىتابلىرى ۋە رەسىملىك كىتابلارنى ئەكىلىپ بېرىپ ، كىتابتىكى مەزمۇنلارنى ناھايىتى قىزىقارلىق قىلىپ چۈشەندۈرگەن ، ئىلھاملاندۇرۇش خاراكتېرىدىكى بەزىلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ مەسۇم قەلبىنى رىغبەتلەندۈرگەن . ئالايلۇق : « ئەگەر بۇ خەتلەرنى ئوقۇيالىساڭ ، بۇ كىتابلارنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيسەن » دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلغان . بەزىدە ئۇ ئەتەي سۆزلەپ بەرمەي تۇرۇۋېلىپ ، قەستەن ئۇنىڭغا : « بۇ كىتابتىكى ھېكايە ئىنتايىن قىزىقارلىق ، ئەمما مېنىڭ بۇنى سۆزلەپ بېرىدىغان ۋاقتىم يوق » دېگەن ، ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئەكسىچە ۋىتىردا چوقۇم خەت ئۆگىنىش ئويى ۋە ئارزۇسىنى قوزغىغان . ۋىتىردا مۇشۇنداق كۈچلۈك خەت ئۆگىنىش ئارزۇسى قوزغالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ دادىسى ئاندىن ئۇنىڭغا خەت ئۆگىتىشكە باشلىغان .

ۋىتىرنىڭ ئۆگىتىش ئۇسۇلى ( مېتودى ) ھازىرقى مەكتەپلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ . ئۇ ئاۋۋال خەت بېسىش دۇككىنىغا بېرىپ تەرەپلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىر كېلىدىغان نېمىسچە قوغۇشۇن ھەرپلىرى ، رىم رەقەملىرى ۋە ئەرەب رەقەملىرىنىڭ مەتبەئە نۇسخىسىدىن 10 يۈرۈش سېتىۋېلىپ ، ئاندىن بۇ ھەرپلەرنى تەرەپلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىر كېلىدىغان تۆت چاسا كىچىك تاختىغا چاپلاپ ، ئەرمەك ئويناش شەكلى بىلەن ئۆگەتكەن . خەت ئۆگىتىشنى ئاۋۋال سوزۇق تاۋۇشلارنى ئۆگىتىشتىن باشلىغان ، ئاندىن « ھەرپلەرنى بىر بىرىگە قوشۇش ئەرمىكى » ئويناش شەكلى بىلەن گۇرۇپپا خەتلەرنى ئۆگەتكەن ، ئەلۋەتتە .

غەرب تىللىرىدا 26لا ھەرپ بار ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېمىسچىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى ئىنگلىزچىگە ئوخشاش ئۇنداق قانۇنىيەتسىز ئەمەس . شۇڭا ۋىتىر خەت ئوقۇشنى ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالغان ، يەنى ئوقۇش قائىدىسىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپلا خەت ئوقۇشنى بىلىۋالغان . ۋەھالەنكى ۋىتىر خەت ئوقۇش قائىدىسىنى ئۆگەنگەن چېغىدا نۇرغۇن تىرمىنلارنى ئۆگىنىپ بولغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆگەنگەندىمۇ ئۆلچەملىك نېمىس تىلىنى ئۆگەنگەن ، شۇڭا كىتابنى ناھايىتى ئاسانلا ئوقۇيالايدىغان بولغان . بۇ نۇقتا بۈگۈنكى جۇڭگودىكى ياش ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈنمۇ ناھايىتى يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە . بالا ئاساسلىقى تىل جەھەتتىكى توسالغۇ تۈپەيلىدىن مەكتەپتە ئوبدان ئوقۇيالمايدۇ .

ئۆز دۆلىتىنىڭ تىلىنى ئوقۇش قائىدىسىنى ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن، يەنە شۇ تىلغا يېقىن كېلىدىغان باشقا چەت تىللارنى ئۆگىنىشى لازىم. غەربتىكى تىللار، مەيلى نېمىسچە بولسۇن، ئىنگلىزچە بولسۇن، ئىتالىيانچە بولسۇن، فرانسۇزچە بولسۇن، ئاز - تولا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا ۋىتېر نېمىسچە ئارقىلىق ئەركىن ھالدا كىتاب ئوقۇيالايدىغان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دادىسى دەرھال ئۇنىڭغا فرانسۇزچە ئۆگىتىشكە باشلىغان، ئۇ چاغدا ۋىتېر ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگەن. ۋىتېر بىر يىلدىلا ھەر خىل فرانسۇزچە كىتابلارنى ئەركىن ھالدا ئوقۇيالايدىغان بولغان. بۇنداق تېز ئوقۇيالايدىغان بولۇشتىكى سەۋەب ئۇنىڭ نېمىسچە بىلىملىرىنىڭ ئىنتايىن مول ئىكەنلىكىدە، ئەلۋەتتە.

ۋىتېر فرانسۇزچىنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن يەنە دەرھال ئىتالىيانچىنى ئۆگىنىشكە باشلاپ ئالتە ئايدىلا ئۆگىنىپ بولغان. بۇ چاغدا ۋىتېرنىڭ دادىسى ئەمدى ئۇنىڭغا لاتىنچە ئۆگەتسەم بولىدۇ دەپ قارىغان.

غەرب ئەللىرىدە چەت تىل ئۆگىنىشنى ئاۋۋال لاتىنچە ئۆگىنىشتىن باشلاش كېرەك دەيدىغان بىر ئومۇمىي بەلگىلىمە بار. لېكىن ۋىتېرنىڭ دادىسى مۇنداق قىلسا بەك مەجبۇرىي بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان، چەت تىل ئۆگىتىشنى نېمىسچىگە ئەڭ يېقىن بولغان فرانسۇزچىنى ئۆگىتىشتىن باشلىسام ئاندىن مەنتىقىگە ئۇيغۇن بولىدۇ دەپ قاراپ، ئالدى بىلەن ئاسىنىنى ئاندىن تەسىنى ئۆگىتىش تەرتىپى بويىچە ئىش قىلغان. لاتىنچە ئۆگىنىشمۇ غەرب بالىلىرى ئۈچۈن خېلىلا تەس، شۇڭا لاتىن تىلى باشنى ئاغرىتىدىغان تىل دەپ قارىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ۋىتېرنىڭ دادىسى لاتىنچە ئۆگىتىشنى خېلى تەييارلىق قىلىپ ئاندىن باشلىغان، يەنى لاتىنچە ئۆگىتىشتىن بۇرۇن، ئاۋۋال ۋېگىلنىڭ «ئېلىگىس» دېگەن ھېكايىسىنىڭ تەپسىلاتى، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئىدىيىسى ۋە يارقىن ئۇسلۇبىنى ۋىتېرغا سۆزلەپ بېرىپ ئۇنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىغان.

ئالتە دۆلەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ئادەتتىكى ئادەملەر ئۆمۈرلۈك زېھنىنى سەرپ قىلىدىغان ئىش. ئەمما ۋىتېر تېخى بىر بالا تۇرسا. شۇڭا ۋىتېرنىڭ دادىسىنىڭ چەت تىل ئۆگىتىش جەھەتتىكى تەجرىبىسى ئەھمىيەت بېرىشكە تولىمۇ ئەرزىيدۇ.

بىرىنچىدىن، ئۇ مەشىق قىلىش يادلىغاندىن ئەلا دەيدىغان ئۇسۇلنى قوللانغان. ئۇ گراماتىكىنى سىستېمىلىق ئۆگەتمىگەن، ئۇ گراماتىكىنى ئۆگەتكەن تەقدىردىمۇ بالا ئۇنى بىلىپ كېتەلمەيدۇ دەپ قارىغان. دۇرۇس، چوڭلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، چەت تىلنى گراماتىكىنى تولۇق قىلىپ تۇرۇپ ئۆگىنىش ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بالىلارغا نىسبەتەن ۋىتېرنىڭ دادىسى قوللانغان «مەشىق قىلدۇرۇش يادلىتىشتىن ئەلا» دەيدىغان ئۇسۇلنى قوللىنىش كېرەك. ھەر قانداق بىر بالا ئۆز دۆلىتىنىڭ تىلىنى ئاشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئۆگەنگەنغۇ؟

ئىككىنچىدىن، بالىلار ھېكايىنى 100 قېتىم ئاڭلىسىمۇ زېرىكمەيدۇ. چوڭلار بىرەر رومانىنى بىر قېتىم ئوقۇپلا قايتا ئوقۇشنى خالىمايدۇ. لېكىن بالىلار بىر رومانىنى قايتا - قايتا كۆپ قېتىم ئاڭلاشقا خۇشتار. شۇڭا بىز بالىلارنى تەربىيىلىگەندە بالىلارنىڭ پسىخىكىسىنى چوڭلارنىڭ قەلبى ئارقىلىق قىياس قىلساق بولمايدۇ.

ۋىتېرنىڭ دادىسى مۇشۇ سىرنى چىڭ تۇتۇپ، چەت تىل ئۆگەتكەندە، ۋىتېرغا ئوخشاش بىر ھېكايىنى تۆرلۈك تىل بويىچە ئوقۇتقان. مەسىلەن، ئاندىرسوننىڭ چۆچەكلىرىنى ھەم نېمىسچە ئوقۇتقان، ھەم فرانسۇزچە، ئىتالىيانچە، لاتىنچە ۋە گرېكچە ئوقۇتقان. بۇ ئۇسۇل ئىنتايىن ئۈنۈملۈك بولغان.

### ياخشى ئۆگىنىش ئادىتى ۋە تۇرمۇش ئادىتى يېتىلدۈرۈش كېرەك

ۋىتېرنىڭ دادىسى ئوغلىنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتى ۋە ئويناش ۋاقتى توغرىسىدا قاتتىق بەلگىلىمە بەلگىلەپ، ۋىتېردا بېرىلىپ ئۆگىنىش روھىنى يېتىلدۈرگەن. ۋىتېرنىڭ دادىسى ۋىتېر دەرس ئوقۇۋاتقان چاغدا ھەر قانداق كاشىلىنىڭ بولۇشىغا يول قويمىغان. دەسلەپتە ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئۆگىنىشىنى 15 مىنۇت ئورۇنلاشتۇرغان. ئەگەر ۋىتېر ئاشۇ 15 مىنۇتتا بېرىلىپ ئۆگەنمىسە، ۋىتېرنىڭ دادىسى ئۇنى قاتتىق تەنقىد قىلغان. ۋىتېر ئۆگىنىش قىلىۋاتقاندا خوتۇنى ياكى ئايال مالىيى ئۇنىڭدىن بىرەر ئىشنى سورىسا: «ۋىتېر ئۆگىنىش قىلىۋاتىدۇ، ھازىر بولمايدۇ» دەپ بىردەك رەت قىلغان. مېھمان كەلسىمۇ، ئولتۇرغان يېرىدىن قوپماي: «ئۇ كىشى بىردەم ساقلاپ تۇرسۇن» دەپ جېكىلىگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ۋىتېرنىڭ دادىسى ۋىتېردا قەتئىي، ئەستايىدىل بولۇش، قىلچە بىخەستەلىك قىلماسلىقتەك ئۆگىنىش روھىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق باش قاتۇرغان.

ۋىتېرنىڭ دادىسى يەنە ۋىتېردا ئىشنى چاققانلىق بىلەن قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. ئەگەر ۋىتېر ئىشنى ئاستا قىلسا، قانچە ياخشى قىلغىنى بىلەنمۇ رازى بولمىغان. بۇ بالىلاردا شامالدەك ھەرىكەت قىلىش ئىستىلىنى يېتىشتۈرۈشكە نىسبەتەن ناھايىتى ياخشى رول ئوينايدۇ.

ئېھتىمال بەزىلەر ۋىتېرنىڭ دادىسىنىڭ مۇنداق تەربىيىلەش ئۇسۇلى بالىلارنىڭ نۇرغۇن باشقا بىلىملەرنى ئۆگىنىش ۋە ئويناش ۋاقتىنى قۇربان قىلدۇرۇۋېتىدۇ دەپ قارىشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولغىنى يوق. ۋىتېر ھەر بىر، ئىككى سائەت ۋاقىتنىلا ئۆگىنىشكە سەرپ قىلغان، ۋىتېر ئۆگىنىشتە كەسپىي بىلىملەرنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ ئىنتايىن يۇقىرى ئۈنۈم قازانغاچقىلا نۇرغۇن ۋاقىت چىقىرىپ ھەرىكەت قىلغان، دەم ئالغان ياكى ئىجتىمائىي ئالاقە ئىشلىرىغا قاتناشقان.

ۋىتېرنىڭ دادىسىنىڭ ئوغلىدا ھەرىكەت ئادىتى يېتىلدۈرۈشى توغرىسىدىمۇ تۆرلۈك گەپلەر بولغان. بۇ نۇقتىغا قارىتا بىز ئاۋۋال ۋىتېرنىڭ دادىسىنىڭ كىتابىتا يازغان مىساللىرىنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

ئوغلۇم 6 ياشقا كىرگەندە، مەن ئۇنى L كەنتتىكى بىلىستېر E نىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردىم ھەم ئۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇردۇق. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەنلىك چايدا ئوغلۇم ئازراق سۈتنى تۆكۈۋېتىپ قالدى. ئائىلىمىزنىڭ قائىدىسى بويىچە بولغاندا، بىرەر نەرسىنى تۆكۈۋەتسە ياكى چېچىۋەتسە جازاغا تارتىلاتتى - دە، ئاشۇ سەۋەنلىكى ئۈچۈن بولكىلا يېيىشى كېرەك ئىدى. ئوغلۇم ئەسلىدىنلا سۈتكە ئامراق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلىستېر E نىڭ ئائىلىدىكىلەر ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا ئۇنى كېلىدۇ دەپ ئاتايىن بىر خىل سۈتنى تەگ-

شەپ تەييارلىغان ھەمدە ناھايىتى تەملىك پەچىنىلەرنى سېتىۋالغان ئىدى . بۇلار ئوغلۇمنى خېلىلا ئۆزىگە تارتاتتى . ئوغلۇم سۈتنى تۆكۈۋەتكەندىن كېيىن ، دەسلەپتە قىزىرىپ كەتتى ھەم بىر مەھەل نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى . لېكىن ئاخىرى ئۇ سۈتنى ئىچىشكە پېتىنالمىدى . مەن قەستەن كۆرمەسكە سېلىپ ئولتۇردۇم .

بىلستېر E نىڭ ئۆيىدىكىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ زادى چىداپ تۇرالمىدى . ئۇلار ئۇنىڭغا سۈتنى ئىچىشنى قايتا ـ قايتا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئوغلۇم يەنىلا ئىچمىدى ھەمدە ناھايىتى ئوڭايسىزلانغان ھالدا : « سۈتنى تۆكۈۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن سۈت ئىچىشىمگە بولمايدۇ » دېدى . بىلستېر E نىڭ ئۆيىدىكىلەر يەنىلا ئۇنىڭغا سۈت ئىچىشنى قايتا ـ قايتا دەۋەت قىلىپ : « ھېچ ۋەقەسى يوق ، زادى ھېچ ۋەقەسى يوق ، ئىچىڭ ، ئىچىڭ ! » دېدى . مەن ياندا ئولتۇرۇپ ، بىر تەرەپتىن پەچىنە يىگەچ ، يەنە بىر تەرەپتىن يەنىلا كۆرمەسكە سېلىۋالدىم . ئوغلۇم يەنىلا ئىچمەسلىكتە چىڭ تۇردى ، ئوغلۇمنى ناھايىتى ئاۋۇرۇيلايدىغان بىلستېر E ئائىلىسىدىكى كىشىلەر ، زادى ئىلاج قىلالماي ، ماڭا ھۇجۇم قىلىشقا كىرىشتى ، چۈنكى ئۇلار چوقۇم ۋىتىر ئوغلىغا تەنبىھ بەرگەن دەپ قىياس قىلىشقان ئىدى .

ئوتتۇرىدىكى يىرىكچىلىكنى ئوڭشاش ئۈچۈن مەن بىلستېر ئائىلىسىدىكىلەرگە ئىسىمنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىدىغان ـ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىغا قاراپ بېقىش نىيىتىدە ، ئوغلۇمنى سىرتقا چىقىرىۋەتتىم . ئۇلار مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن مەندىن ئاغرىنغان ھالدا : « ئەمدىلا 6 ياشقا كىرگەن بالىنى ، كىچىككىنە سەۋەنلىكنى دەپ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنى ئىچكىلى ، يىگىلى قويمىغىنىڭىز بولمىدى ، سىز تەربىيە بېرىمەن دەپ بەك قاتتىق بولۇپ كېتىپسىز ! » دېيىشتى . مەن چۈشەنچە بېرىپ : « ئۇنداق ئەمەس ، مېنىڭ ئوغلۇم سۈتنى مەندىن قورقۇپ ئىچمىگىنى يوق ، ئۇ بۇنىڭ ئۆزىنى چەكلەپ تۇرىدىغان ئىنتىزام ئىكەنلىكىنى چىن كۆڭلىدىن تونۇغانلىقى ئۈچۈن ئىچمىدى » دېدىم . بىلستېر E نىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مېنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىنمۇ ئىشەنمىدى . شۇنىڭ بىلەن مەن بىر سىناق ئارقىلىق پىكىرىمنىڭ ئەينىنى ئېچىپ كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولۇپ : « ئۇنداق بولسا ، سىلەر مېنىڭ ئوغلۇمنى چاقىرىپ ئۇنى سۈتنى ئىچىشنى دەۋەت قىلىپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىغان ـ ئىچمەيدىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار » دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم .

مەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇلار ئوغلۇمنى ئۆيگە چاقىرىپ ئەكىرىپ ، قىزغىنلىق بىلەن ئۇنى سۈتنى ئىچىشكە ، پەچىنىلەرنى يېيىشكە دەۋەت قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن قىلچە نەتىجە چىقمىدى . ئۇلار يەنە يېڭى سۈت ، يېڭى پەچىنىلەرنى ئەكىلىپ ئوغلۇمنى قىزىقتۇرماقچى بولۇپ : « بىز دادىڭىزغا دېمەيمىز ، يەڭ ! » دېگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئوغلۇم يەنىلا يېگىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالدى ھەمدە ئۇلارغا توختىماي : « دادام كۆرمىگىنى بىلەن ، تەڭرى كۆرىدۇ ، مەن يالغانچىلىق قىلىدىغان ئىشنى قىلمايمەن » دېدى . ئۇلار يەنە : « بىز ھازىرلا ×گە ھاۋالىنغىلى بارىمىز ، ھېچنەرسە يېمىسىڭىز يولدا ئاچ قىلىسىز » دېگەندە ، ئوغلۇم ئۇلارغا : « ھېچۋەقەسى يوق » دەپ

جاۋاب بەردى . ئۇلار پەقەت ئامال قىلالماي مېنى چاقىرىپ كىرىشكە مەجبۇر بولدى . ئوغلۇم تەسىرلەنگىنىدىن يىغلاپ تۇرۇپ ، ماڭا ئەھۋالنى ئەينەن ئېيتتى . مەن ئۇنىڭ گېپىنى سالقىنلىق بىلەن ئاڭلاپ بولۇپ ، ئۇنىڭغا : « ۋىتىر ، سەن ۋىجدان جەھەتتىن يېتەرلىك دەرىجىدە ئازاپلانغانتىڭ . ھازىرلا سىرتقا ھاۋالىنغىلى چىقماقچى بولىۋاتىمىز . كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويمايلىق ئۈچۈن سۈتنى ئىچكىن ، پەچىنىلەرنى يىگىن ، ئاندىن بىز يولغا چىقايلى » دېۋىدىم ، ئوغلۇم گېپىمنى ئاڭلاپ ، ئاندىن خۇشاللىق بىلەن سۈتنى ئىچتى . 6 ياشلىق بالىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىغا مۇشۇ دەرىجىدە ئىگە بولۇشى بىلستېر E ئائىلىسىدىكىلەرنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى .

ئادەتتىكى ئادەملەر يۇقىرىدىكى خاتىرىگە قاراپ ۋىتىرنىڭ دادىسىنىڭ بالىلارغا بولغان تەربىيىدە ناھايىتى قاتتىق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشى مۇمكىن . شۇنداق ، ۋىتىرنىڭ ئوغلى ۋە ئادەتتىكى بالىلارنىڭ ھەرىكەت ئۇسۇلىدىن قارىغاندا ، بۇنداق تەربىيە مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، ھەقىقەتەن بەك قاتتىق بولۇپ كەتكەن . لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا ، ئۇنىڭ تەربىيە ئۇسۇلى ياخشى بولغاچقا ، ئوغلى زادى ئازاب ھېس قىلمىغان . چۈنكى بالىغا بولغان تەربىيە ناھايىتى قاتتىق بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ، كىچىك چېغىدىن باشلاپلا چىڭ تۇتۇلسا ، تەربىيە بويىچە ئىش قىلىش ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇرۇلسا ، ئۇلار ھېچقانداق ئازاپ ھېس قىلمايدۇ . بالىلارغا بولغان تەربىيىدە ، خۇددى تام قوپۇرغانغا ئوخشاش ، ئاۋال ھۇلنى ئوبدان سېلىش لازىم . دادا ۋىتىر بۇ ئىشنى ناھايىتى پۇختا ئورۇندىغان . بالىلاردا ھەرىكەت ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە دادا ۋىتىرنىڭ ھەق ـ ناھەقنى ئايرىش ، باشتىن ئاخىر بىر خىل بولۇشتەك بىر تەجرىبىسى بار . بەزىدە ماقۇل دەپ ، بەزىدە ماقۇل دېمىگەندە ، ئەكسىچە ، بالىلار ئازاپلىنىدۇ . يول قويۇشقا بولمايدىغان ئىشلارغا دەسلەپتىلا يول قويماسلىق بالىلارغا ھېچقانداق ئازاپ ئېلىپ كەلمەيدۇ .

مۇشۇ قائىدىگە ئاساسەن دادا ۋىتىر بالا ۋىتىر بىر ياشقا كىرگەندىن باشلاپلا قاتتىق نەلەپ قويۇشقا باشلىغان . ئۇ توغىلىنى زادى « كىچىك چېغىدا كەڭرەك قويۇۋېتىشكە بولىدۇ ، چوڭراق بولغاندا ئاندىن قاتتىق بولسىمۇ بولىدۇ » دەيدىغان مۇنداق مۇجمەل ئۇسۇل بىلەن باشقۇرىدىغان ئىشنى قىلمىغان .

بۇگۈنكى كۈندىكى كۆپلىگەن ئاتا ـ ئانىلارغا قارايدىغان بولساق ، ئۇلار ئۆزلىرى بەلگىلىگەن « مەنئىي قىلىش ئىنتىزام » نى تەدبىق قىلىشتا لەۋزىدە تۇرماي ، ھېلى ئۇنداق ، ھېلى مۇنداق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . باشتىن ئاخىر بىر خىل بولمايدۇ . بەزىدە ياق دېسە ، بەزىدە يەنە ئۆزگىرىپ ماقۇل دەيدۇ . بۇنداق ئەھۋالنىڭ ئۇزاق داۋاملىشىشى نەتىجىسىدە ، بالىلارنىڭ قەلبىگە ئاتا ئانامنىڭ « مەنئى قىلىش ئىنتىزامى » نى بۇزىۋەتسەم بولىدىكەن دەيدىغان بىر تامغۇ بېسىلىپ قالىدۇ . شۇڭا بالىلارنى تەربىيىلىگەندە ، ئاتا ـ ئانىلار شەيئىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا قارىتا ، باشتىن ئاخىر ، بىر خىل قاراشتا بولۇشى كېرەك . بالىلارنى تەربىيىلىگەندە ئاشۇنداق قاراشنىڭ بولماسلىقىدىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەش لازىم .

# چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى چاقماق دەريا ۋادىسىدا

مۇھەممەتئىمىن قۇربان تۇغلۇق

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدە جاھان مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بىرى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا چەت ئەل جۇغراپىيونلىرى ۋە ئارخېئولوگلىرىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە نىشانىغا ئايلىنىپ قالدى . بۇنىڭ بىلەن نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى تەكلىماكان قۇملۇقى ئاستىدا قالغان مەدەنىيەت نەمۇنىلىرى دۇنيا ئىلىم ئەھلىنى ھەيران قالدۇرۇپ تارىخ ، ئارخېئولوگىيە ئالىملىرىنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىۋەتتى . شۋېتسىيە ، ئەنگلىيە ، فرانسىيە ، گېرمانىيە ، روسىيە ، ياپونىيە ، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر تۈرلۈك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ھەر خىل نامدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئۆمەكلىرىنى تەشكىللەپ ، تۈشمۇ تۈشتىن قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق سان ۋە سۈپەتتە مىسلى كۆرۈلمىگەن مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈرۈپ ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ مۇزېيلىرىنى تولدۇردى . بۇنىڭ بىلەن تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيە ئىلىملىرى يىمىرىلمەس پاكىتلارغا ئېرىشىپ يۈكسەك تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈردى .

چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ تەگرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى قېدىرىپ تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرى شۇ قەدەر ئۇزۇن ھەم ئىنچىكىلىك بىلەن ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك ئېلىپ بېرىلغان بولغاچقا ، يۇرتىمىزدىكى ھەر قانداق بىر تارىخىي « ئىز » ئۇلارنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالمىغان . تۆۋەندە ئۇلارنىڭ قەشقەر دائىرىسىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىنىڭ بىر قىسمى ـ چاقماق دەريا ۋادىسىدىكى پائالىيەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز .

تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن « يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت » دەپ تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان قەشقەردە كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن 1870 ـ يىلى قەشقەرگە كەلگەن ئەنگلىيىلىك دوگلاس فۇرست لوندوندىكى خانلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىگە يازغان دوكلاتىدا : « ئىككىنچى قېتىم بۇيرۇقنى بىنائەن قەشقەرگە كەلگەن چېغىمىزدا ، بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان نۇرغۇن قىزىقارلىق شەيئىلەر ئارىسىدا بىزنى ئوخشاشلا قىزىقتۇرغان نەرسە شۇ بولدىكى ، بىز چۆل ـ جەزىرە قۇملۇقلىرىدىكى ئاقار قۇمنى ۋە بۇرۇنقى زاماندا قۇملۇققا دەپنە قىلىنىپ كەتكەن ، لېكىن ھازىر يەنە تەدرىجى قېزىپ چىقىرىلىۋاتقان نۇرغۇن قەدىمىي شەھەرلەرنى بايقىدۇق » ① دەپ يازغاندىن كېيىن ، بۇ زېمىنغا چەت ئەللىكلەرنىڭ ئالاھىدە دىققەت نەزىرى چۈشكەن . شۇنىڭدەك چاقماق دەريا ۋادىسىدىكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن ، كۆلىمى نىسبەتەن كەڭ ھەم خېلى يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولغانلىقتىن ،قەشقەرگە كەلگەن چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى ئالدى بىلەن بۇ « ئىز » لارنى « تەكشۈرۈش » تىن باشلىغان .

1890 ـ يىلى دېكابىردا شۋېتسىيىلىك دۇنياغا مەشھۇر جۇغراپىيون ۋە ئارخېئولوگ سۋېن ھېدىن قوقان ـ ئوش ئارقىلىق قەشقەرگە كىرگىنىدە جۇغراپىيىلىك مەقسەتلەر بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بارغان ھەم ھەر قېتىملىق پائالىيىتىدە قەشقەرنى مۇھىم بازا قىلغان . ② بۇ مەزگىلدە ئۇ چاقماق دەريا ۋادىسىدىكى كەپتەرخانا بۇددا ئىبادەتخانىسى ، مورا بۇددا مۇنارى ، خانئۆي قەدىمكى شەھەر خارابىسى قاتارلىق مەدەنىيەت ئىزلىرىنى تەكشۈرۈپ خەرىتىگە ئالغان . ئۇ يەنە شۋېتسىيە پادىشاھىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىككىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىگە تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن 1899 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋە 1902 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئىككى قېتىم پامىر ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ قەشقەر تەۋەسىدىكى « ئىز » لارنىڭ ھەممىسىدە تەكشۈرۈش ، قېزىش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ، تاپقان غەنىمەتلىرىنى ئېلىپ ستوكھولمغا قايتقان . ③ بۇ قېتىم ئۇ چاقماق دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى مەشھۇر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن بىرى ـ ئۈچ بۇرھان مىڭ ئۆيىگە بارغان ھەم مىڭ ئۆي تېمىدا يازما خاتىرە قالدۇرغان . ④ 1900 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ۋېنگىرىيىلىك دۇنياغا مەشھۇر ئارخېئولوگ مارك ئاۋرېل ستەيىن ( 1862 ـ 1943 ) چاقماق دەريا ۋادىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا ئۈچ بۇرھان مىڭ ئۆيىنى كۆزدىن كۆچۈرگەن ھەم مىڭ ئۆي تېمىدا يازما خاتىرە قالدۇرغاندىن كېيىن ⑤ باشقا مەدەنىيەت ئىزلىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان . ئۇ 1912 ـ يىلى يېزىپ چىققان « قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى » ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە بۇۋى مەريەم خېنىم مازىرى ، خانئۆي قەدىمكى شەھەر خارابىسى ، مورا بۇددا مۇنارى ۋە كەپتەرخانا بۇددا ئىبادەتخانىسى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئې-

لىپ بارغانلىقى ھەققىدە بىر قەدەر تەپسىلىي مەلۇمات بېرىپ
مۇنداق يازغان ، « .... بىز قەدىمكى يادىكارلىق بار دېيىلگەن
خانئۆيگە سەپەر قىلدۇق . بۇ بىر قىتىملىق روشەن ئەمەلىي ئۆ-
نۈمگە ئىگە ھەرىكەت بولۇپ ، ئۇ مېنىڭ سەپەر ئەترىتىمگە بىر
قېتىملىق پراكتىكا پۇرسىتى يارىتىپ بەردى . تەكشۈرۈشنى كۆ-
تۈپ تۇرغان خارابىلىك قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان
بىر كۆنلۈك يول بولۇپ ، ئارىلىق ئانچە قىسقا ئەمەس ئىدى ...
يـول ھەزرىتى ئاپئاق خوجا قەبرىستانلىقى يېنىدىن ئۆتەتتى . بۇ
چاغدا ، مەن كارۋانلارغا يېتىشىۋېلىپ ، شەھەر ئەتراپىدىكى
بـاغلار ئارىسىدىكى سايىلىق يېزا يولى بىلەن بەشكېرەمگە يېتىپ
كەلدىم . بۇ نۇرغۇن كەنتلەردىن تەشكىل تاپقان جاي بولۇپ ،
يـىراقتىكى تارىمغا بارىدىغان يولغا جايلاشقان ... بەشكېرەم بازـ
رىدا بىر سائەتچە تۇرغاندىن كېيىن بىز ئاتلىق شۇ يەردىكى
بـەگلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ۋە كەنت باشلىقلىرى بىلەن بىللە
شـەرققە ماڭىدىغان يولغا قەدەم قويدۇق . تەخمىنەن سەككىز
ئىنگلىز چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن يول ئەگرى ـ بۈگرى ، ئې-
گىز جايدىكى تېرىلغۇ رايونىغا كىردى . بۇ يولنى بويلاپ ، كەڭ
ئۆستەڭنى ياقىلاپ ماڭدۇق . ئۆستەڭ بويىدا قاتار ئاق تېرەك ۋە
سۆگەتلەر بار ئىدى. سائەت ئۈچكە يېقىن بىز ئانچە مۇنبەت
بـولمىغان جايغا كەلدۇق . مەن بۇ تېرىلغۇ يەرنىڭ ياقىسىغا ئال-
دىراپ يېقىنلاشتىم . كۆز ئالدىمدا بىر توپ قويۇق ئۆسكەن چوڭ
ئاق تـېرەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . بۇ دەرەخ شاخلىرى بىلەن
قورشالغان بۇۋى مەريەم خېنىم مەقبەرىسى ئىدى ... دەرەخنىڭ
ئارىسىغا يېرىم يوشۇرۇنغان كىچىك قۇرۇلۇش تاۋاپ قىلغۇ-
چىلارنىڭ تاماق يەيدىغان ۋە ياتىدىغان جايى ئىدى . مەن
ئۇلارنىڭ < قۇرئان > تىلاۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم ...
بـاغچىنىڭ يېنىدا قۇياش نۇرىغا قاقلىنىپ تۇرغان كەڭ بوشلۇق
بولۇپ ، ھەممە يەردە بۇزۇلۇشى ئوخشاش بولمىغان قەبرىلەر بار
ئىدى . ئوتتۇرىدا ئاددىي ، ئەمما مۇستەھكەم يۇمۇلاق گۈمبەز
چىقىرىلغان مۇقەددەس مەريەم ئانىنىڭ مەقبەرىسى تۇراتتى ...
سائەت تۆتتە ، ساھىبخان ۋە يول باشلىغۇچىلار ئىخلاسلىق دۇئا-
لىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مېۋە ـ چېۋە ۋە گۆشلەر بىلەن تەيـ
يـارلانغان كاتتا زىياپىتىنى ئاياغلاشتۇردى . بىزمۇ سەپەرگە
ئاتلاندۇق . بىز ئۆستەڭنى بويلاپ ئاتلىق يۈردۇق . بۇ ئۆستەڭ
پۈتكۈل تۈزلەڭلىكنى سۇ بىلەن تەمىنلەيتتى . بىز ئۇ يەردىن
خانئۆي رايونىغا كىردۇق . ئۇنىڭ شىمال ۋە جەنۇب ئىككى تەـ
رـىپى بىپايان قۇملۇق ئىدى . چۈشتىن كېيىن سائەت بەش يې-
رىمدا شەرق تەرەپتىكى ئەڭ ئاخىرقى كىچىك كەنتكە يېتىپ
كـەلدۇق . سۇ كەمچىل بولغانلىقتىن زىيارەت قىلماقچى بولغان
قەدىمىي خارابىلىكتە قونۇش مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنەتتى .
شۇڭا مەن تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ ، چېدىرىمنى كىچىك كەنت
يېنىدىكى بىر پارچە ئوتلاققا تىكتىم ... ئەتىسى ئەتىگەندە ھەيـ
ۋەتلىك سەپەر ئەترىتىمىز قەدىمكى خارابىلىككە قاراپ ئاتلاندى .
ئىككى ئىنگلىز چاقىرىم جايدا ، قۇياش نۇرىدا كۆيۈپ كەتكەن
پاكار سېرىق تۇپىلىق دۆڭنىڭ ھەممە يېرىدە قەدىمكى ساپال
قـاچىلارنىڭ پارچىلىرى ، ئەينەك ھەمدە كول داشقاللىرى چېچىـ
لـىپ ياتاتتى . بۇنىڭ قەدىمكى ئولتۇراق ئۆي خارابىسى ئىكەنـ
لـىكى ئېنىق ئىدى . ئەمما باشقا قۇرۇلۇشلارنىڭ قېپقالغان ئىز-
ناسى يوق دېيەرلىك بولۇپ ، بۇ ۋەيرانلىقنى كىشىلەر ھاساتام
( ھېسارتام ـ ئا ) دەپ ئاتايتتى . ئېيتىلىشىچە ، بۇ جاينى ھەز-
رىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋەيران قىلغانىكەن . ساپال قاچا
پارچىلىرى چېچىلىپ ياتقان رايوننىڭ مەركىزىدىكى ئېگىزرەك
جايدىن جەنۇبقا قارىغاندا ، ئۈيۈق سىزىقى ئۈستىدە ياخشىلىقتىن
دېرەك بەرمەيدىغان چاڭ ـ توزان تۈزلەڭلىكنى قاپلاپ تۇراتـ
تى . ئەمما ، غەرب ۋە شەرق تەرەپتىكى سېرىق تۇپا ۋە پاكار قۇم
قىرلار ئۈستىدە چىلىپ تۇرغان دۆڭنى كۆردۈم . چىرايىدىن ئاق
كۆڭۈللۈكلىكى چىقىپ تۇرغان بەشكېرەمنىڭ ئاقساقىلى سوپىيـ
ـنىياز يېقىن ئەتراپتىكى جايلارنى پىششىق بىلىدىكەن . ئۇ بۇ
ئالاھىدە توپا دۆڭنى تىلغا ئالغاندا ، يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئادەتتە
قەدىمكى قۇرۇلۇشلارنىڭ قالدۇقى دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتتى .
مەن شەرق ئۈيۈق سىزىقىدىكى توپا دۆڭگە ئات بىلەن ئۈچ
ئـىنگلىز چاقىرىم مېڭىپ بارغاندىن كېيىن ئارمىنىمغا يېتىپ بىر
بۇددا مۇنارىنىڭ خارابىسىنى كۆردۈم ، ئۇزۇن تارىختا ئىگە بولـ
غانلىقتىن ئۇ بۇزۇلۇپ كىچىك توپا دۆڭگە ئايلىنىپ قالغانىدى .
ئەمما ، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان قەۋەتنىڭ بىر قىسىم جايلىرى
ئېچىلىپ قالغانىدى . ئارقىدىن توپا دۆڭنىڭ غەربىي جەنۇب تەـ
رىپىدىكى تەكشىلىك يۈزىدىن ئېگىزرەك جايدىكى تۆت چاسا
ھويلىنىڭ خارابىسىگە باردىم . ئۇنىڭ دائىرىسى 260 × 170 ئىنگـ
لىز چى بولۇپ ، بۇ شۈبھىسىز ئىلگىرىكى بۇددا مۇنارىغا تەۋە
بـۇتخانا ئىدى ... مەن خارابىلىكتە ئەمدىلا تەكشۈرۈشنى باشلىـ
شـىمغا شىمال شامىلى چىقىپ ، ئاستا ـ ئاستا كۈچىيىشكە باشـ
لىدى . دەسلەپتە كۆرگىلى بولىدىغان يىراقتىكى تاغ تىزمىسى
ئۇزۇن ئۆتمەي قېلىن چاڭ ـ توزان ئىچىدە قالدى . مەن دەسـ
لىپىدە كۆرەلىگەن توپا دۆڭمۇ تاغ تىزمىسىغا ئوخشاشلا كۆرۈنـ
مەي قالدى . ئەمما ، يول باشلىغۇچىلىرىم ئۇلارنىڭ ئورنىنى
پىششىق بىلگەچكە ، توپا دۆڭدىكى خىزمەتنى ئاياغلاشتۇرغاندىن
كېيىن قىلچە ئىككىلەنمەي شىمال تەرەپتىكى توپا دۆڭگە قاراپ
ماڭدىم . قۇم بورىنىغا قارشى تۆت ئىنگلىز چاقىرىم ماڭغاندىن
كېيىن چىدىيالماي قالدىم . ئۆيلىمىغان يەردىن پۈتۈنلەي قۇرۇپ
كەتكەن دەريا قىنىغا كېلىپ قالدىم . قارىماققا ئەڭ كەڭ يېرى
500 ئىنگلىز چى كېلىدىغان بۇ دەريادا بۇرۇن چوقۇم ئۇلۇغ سۇ
ئاقاتتى . بۇ ناھايىتى ئېنىقكى ، قەدىمكى يېزا ـ كەنتلەرنى سۇ
بىلەن تەمىنلەيتتى . ئاتلىق كېتىۋېتىپ تۈيۈقسىز چاڭ —
توزانلار ئارىسىدىن بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان بۇددا
مۇنارىنى كۆردۈم ، ئۇ چوڭ كىچىكلىكى ۋە نىسبىتى جەھەتتىن
ئالـغاندا ئافغانىستان چېگرىسى ۋە شىمالىي پەنجاپ رايونىدىكى

بۇددا دىنى خاتىرە مۇنارىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تۆت چاسا شەكىلدىكى مۇنار سۇپىسىدا قەد كۆتۈرگەن ئۈچ قەۋەتلىك مۇنار ئىدى، ئۇنىڭ يېرىم شار شەكىلدىكى مۇكەممەل يۇمىلاق تۈرۈسىنىڭ ئېگىزلىكى 40 ئىنگلىز چىسى ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭ كەينى تەرىپىدە خېلى ئۇزۇن، خېلى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان تۆت چاسا دۆڭنى كۆردۈم. بوران - چاپقۇننىڭ ئۇپرىتىشىغا ئازراق ئۇچرىغان بىر تەرىپىدە بىر قاتار بۇت تەكچىسى شەكىلدىكى كىچىك ئۆيلەرنىڭ خارابىسى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇددا مۇنارىغا تەۋە بۇتخانا خارابىسى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئىككى قۇرۇلۇشنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان سۇپا ئاستىدا بەزى كىچىك قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۆرۈلۈپ بۇزۇلغان تاملىرىمۇ تاپقىلى بولىدۇ. كىشىلەر بۇ جاينى مورتىم دەپ ئاتىشىدىكەن. ناچار ھاۋارايى تەسىرى ئازراق بولغاچقا ئاستى تەرىپىنى چۆرىدەپ تۇرغان يۇملاق تامنىڭ ئۇلىدىكى قاتار - قاتار ياغاچ تۈۋرۈكلەرمۇ مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. گەرچە بۇ ياغاچلارغا 1000 يىللار بولغان بولسىمۇ، لېكىن قۇرىغىنىغا نەچچە ھەپتىلا بولغان يۇلغۇن ياغاچلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇنچىۋالا پەرقى يوق ... ئۇ كۈنى بوران قۇملارنى ئۇچرىتىپ ئۆلچەش ۋە سىزىش ئىشلىرىمىزغا كاشىلا قىلدى. 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى خانئۆيدىن قايتىپ كېلىپ مېنزۇلا ۋە تېئودولىت بىلەن بىر كۈن ئىشلىدىم ھەم قېپقالغان ئۆلچەش خىزمىتىنى ئىشلەپ تاماملىدىم. ئەتىسى مورتىمنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تەخمىنەن سەككىز ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدىغان جايدىكى ئەسكى تاملىق بىر كىچىك كەنتتە قونالغۇ قىلدىم. چېدىرىمنى ئۈزۈملۈك بىلەن قوناقلىق ئارىسىغا جايلاشتۇردۇم. مورتىمدىن قايتىش يولىدىكى تەخمىنەن ئۈچ ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدىغان جايدا كۆلىمى 22 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان تۆت چاسا بىر غەلىتە ئىمارەتنى تەكشۈردۈم. ئۇنىڭ ئۈستى ئوچۇق بولۇپ، تاختاي بىلەن قوپۇرۇلغان قېلىن تۇپا تامدىن ئىبارەت. بۇ كەپتەرخانا بولۇپ ئۇنىڭ تېمىنىڭ ئىچكى دىۋارىغا رەتلىك تەكچىلەر چىقىرىلغان. تامنىڭ ئېگىزلىكى 16 ئىنگلىز چىسى ئەتراپىدا كېلىدۇ. بۇ خارابىدىن ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى نەرسىلەردىن ئۇنىڭ قايسى يىللارغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان نەرسە تېپىلمىسىمۇ، ئۇنىڭ شەكلى ۋە قۇرۇلمىسى كىشىگە بەئەينى جەسەت كۆلى ساقلايدىغان ئورۇندەك غەلىتە تۇيغۇ بېرىدۇ» (6)

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاۋرېل ستېيىن چاقماق دەريا ۋادىسىدا خېلى كەڭ دائىرىلىك ۋە ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

1905 - يىلى 12 - ئايدا گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس فون لېكوك ( 1860 - 1930 ) ئالبېرت گرونۋېدېل ( 1856 - 1935 ) باشچىلىقىدىكى 3 - قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بىلەن بىرلىشىپ قەشقەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇ ئىككەيلەن باشچىلىقىدىكى نېمىس قېدىرىش ئەترىتى بۇددا مەدەنىيەت خارابىلىرىنى ئېچىشتا بىر ئېگىزلىك پەيدا قىلغان بولۇپ گرونۋېدېل شىنجاڭغا كەلگەن تۇنجى سەنئەت تارىخچىسى بولسا، فون لېكوك بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەينى دەۋردىكى سىياسىي ۋە كىشىلىك قاراشلىرىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلغانلىقتىن، گرونۋېدېلنىڭ بەدىئىي سەنئەت ئەسەرلىرىنى ( ئاساسلىقى بۇددىزمغا دائىر ھەيكەللەر، مىڭئۆي تام رەسىملىرى ۋە باشقا نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى ) ئۆز جايىدىن يۆتكەلمەي ھەممە مەدەنىيەت نۇقتىلىرىنى ھەم ئەينەن ھەم بىر - بىرىگە ئالاقىدار بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە تەتقىق قىلىش تەشەببۇسىغا قارشى تۇرۇپ، بۇلاڭچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ( 7 ). شۇڭا فون لېكوك چاقماق دەريا ۋادىسىدىكى مەدەنىيەت ئىزلىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا ئۈچ بۇرھان مىڭ ئۆيىگىمۇ قەدەم باسقان ھەم ئۇنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان نەپىس تام رەسىملىرى ۋە بۇددا ھەيكەللىرىنى كۆرۈنەرلىك زىيانغا ئۇچراتقان. ئۈچ بۇرھان مىڭئۆيىنىڭ تېمىدىكى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلەر ( يەنى ئىسىم - فامىلە ئىمزاسى ) (8) ئۇنىڭ شۇ قېتىملىق پائالىيىتىنىڭ دەلىلىدۇر.

1906 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا فرانسىيىلىك شەرقشۇناس پائول. پېللىئوت ( 1878 - 1945 ) قەشقەرگە كەلگەن (9) «شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئەسلىدىكى پىلانى بويىچە قەشقەردىن كۇچاغا بېرىپ، قېزىش، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن قەشقەرگە كەلگەندە گرونۋېدېل باشچىلىقىدىكى ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ كۇچادا جىددىي قېزىش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، روسىيىلىك بېرېزوۋىسكىنىڭ ئاقسۇ - كۇچا ئارىلىقىدا قېزىش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تولىمۇ ھەسرەت چەككەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پىلانىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولۇپ، قەشقەر ئەتراپلىرىدىكى قەدىمكى ئىزلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقچى بولغان» (10). مۇشۇ مەزگىلدە ئۇ چاقماق دەريا ۋادىسىدىكى «خانئۆي قەدىمكى شەھىرى ۋە مورا بۇددا مۇنارىغا نىسبەتەن بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ بۇ يەرلەرنى ئۆلچەپ خەرىتىگە ئالغان ھەمدە بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قولغا چۈشۈرگەن» (11). ئۈچ بۇرھان مىڭئۆيىگە بارغاندا ئۇمۇ خاتىرە قالدۇرۇپ قويغان ( 12 ).

1092 - يىلدىن 19114 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ياپونىيە پاك تۇپراق چىن يىلتىز غەرب خاھىش ئىبادەتخانىسىنى ( ......... ) نىڭ 22 - ئەۋلاد ئالىي راھىبى ئوتانى كوزى ( 1878 - 1948 ) ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىللەپ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۈچ قېتىم، يەنى 1902 - يىلى ئوتانى كوزى، خوندا كېلىيو، ئىنوۋى كوئىن. ۋاتانابى تىششىن، خورى كېنيو قاتارلىقلار قەشقەرگە كەلگەن ( 14). بۇلارنىڭ ئىچىدە تاچىۋانازىچاۋمۇ بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسى» ناملىق ئەسىرىدە ئۇلارنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى پائالىيەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ: «ياش راھىب

ئوتتانى ( داگوگواگروي ) ھەزرىتىم ئەنگلىيىدىن قايتىش سەپەرىدە ۋاتانابى تىشىشىن ، خورى كېنيۇ ، خۇندا كېلىيۇ قاتارلىق 4 _ 5 كىشىنى ئېلىپ روسىيە تەۋەلىكىدىكى تېرەك داۋان ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ قىسقا مۇددەت تۇرغاندىن كېيىن يەكەن ئارقىلىق ھىندىستانغا كەتتى . ۋاتانابى تىشىشىن ، خورى كېنيۇ جەمەتىدىكىلەر باش راھىب بىلەن خوشلىشىپ شىنجاڭدا قېلىپ تۇرغۇن تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن دۆلىتىگە قايتتى . غەرب خاھىش ئىبادەتخانىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مۇناسىۋىتى بۇگۈنلا باشلانغان ئەمەس . مەن پەقەت ھۆرمەتلىك باش راھىبنىڭ بۇيرۇقى ۋە كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن ئىلگىرى _ ئاخىر بولۇپ بەش يىل ئىچىدە بۇ رايوندا كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم . مەن بۇگۈنكى قەشقەرگە يېقىن يەردىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسى ( خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇلى دۆلىتى خارابىسى ) دا كۆپ قېتىم قېزىش ئېلىپ بېرىپ ئاز مىقداردىكى قەدىمكى پۇل ۋە ئەينەك بۇيۇم پارچىلىرىنى بايقىدىم » (15) . دەپ يازغان . بۇنىڭدىن قارىغاندا ، تاچىۋا نازىچاۋ ( جۇيىرۇۋچاۋ ) ئوتتانى كورى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ قەشقەردىكى پائالىيەتلىرىدە ئاساسلىق رول ئوينىغان . جۇملىدىن چاقماق دەريا ۋادىسىدىكى قەدىمكى سۇلى دۆلىتىنىڭ مەركىزى شەھىرى خارابىسى - خانئۈي ۋە ئۈچ بۇرھان مىڭئۆيى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈپ بىر قىسىم ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارغا ئېرىشكەن . بۇ يەردە شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى ، ئۈچ بۇرھان مىڭئۆيىنىڭ ئىككىنچى ئۆڭكۈرىدىكى ياپونىيىلىكلەر تەرىپىدىن يېزىلغان « ... ئەل ساياھەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى گورەي ( بۇ تاچىۋا نازىچاۋنىڭ يەنە بىر ئىسمى ياكى قىسقارتىلغان ئاتىلىشى بولۇشى مۇمكىن ) قاتارلىق 21 كىشى بۇ يەرگە كېلىپ زىيارەت قىلدۇق . بۇلاردىن ئىككى كىشى ئۆڭكۈرگە چىقىپ ، بىر بۇتنىڭ بېشىنى ئېلىپ چۈشتى ... » دېگەن خاتىرىلەر ( 16 ) دەل تاچىۋانازىچاۋ ياكى ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغاندۇر .

يىغىپ ئېيتقاندا ، ئۈچ بۇرھان مىڭئۆيى تاملىرىغا روسىيە ، ئەنگلىيە ، فرانسىيە ، گېرمانىيە ، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ستەيىن ، پېللىئوت ، تاچىۋا نازىچاۋ قاتارلىق ئارخېئولوگلارنىڭ ئىسىم فامىلىسى يېزىپ قويۇلغانلىقى ( 17 ) چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ چاقماق دەريا ۋادىسىدىكى پائالىيەتلىرىنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەس تارىخىي پاكىتلىرىدۇر .

ئىزاھلار :

( 1 ) پېتىر خوپكېرىك ( ئەنگلىيە ) : « يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 _ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 53 _ ، 54 _ بەت .

( 2 ) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : « غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 _ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 420 _ بەت .

(3) ئابلىز مۇھەممەد سايرامى : « ئۇيغۇر مەدەنىيەت سەنئىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر »

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 _ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 331 _ بەت .

( 4 ) مۇھەممەت زۇنۇن سىدىق : « توققۇز ھۇجرا » قەشقەر ئەدەبىياتى ژۇرنىلى 1998 _ يىل 6 _ سان

( 5 ) يۇقىرىقى ئىزاھ بىلەن ئوخشاش

( 6 ) مارك ئاۋرېل ستەيىن : « قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى » شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ، فوتو سۈرەت نەشرىياتى . 1994 _ يىل خەنزۇچە نەشرى 95 _ ، 99 _ بەتلەر

( 7 ) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : « غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى »

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 _ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 427 _ بەت

( 8 ) مۇھەممەت زۇنۇن سىدىق : « توققۇز ھۇجرا » قەشقەر ئەدەبىياتى ژۇرنىلى 1988 _ يىل 6 _ سان .

( 9 ) جوچىڭباۋ « غەربىي رايونغا كەلگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر » شىنجاڭ ياشلار _ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1996 _ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 156 _ بەت .

( 10 ) ئابلىز مۇھەممەت سايرامى : « ئۇيغۇر مەدەنىيەت سەنئىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 _ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى . 337 _ بەت

( 11 ) يولۋاس مەمتىمىن : « قەشقەردىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى . مورا بۇددا مۇنارى ۋە جانئۆي قەدىمىي شەھىرى » قەشقەر گېزىتى 2000 _ يىل 9 _ ئاينىڭ 12 _ كۈنى .

( 12 ) « شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 _ يىلى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

1983 _ يىلى خەنزۇچە نەشرى 178 _ بەت

( 13 ) جوچىڭباۋ : « غەربىي رايونغا كەلگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر » شىنجاڭ ياشلار ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1996 _ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى . 167 _ بەت

( 14 ) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : « غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى »

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 _ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى . 432 _ بەت .

( 15 ) تاچىۋا نازىچاۋ : ( ياپونىيە ) « ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 _ يىلى خەنزۇچە نەشرى . 38 _ بەت .

( 16 ) مۇھەممەت زۇنۇن سىدىق : « توققۇز ھۇجرا » قەشقەر ئەدەبىياتى 1988 _ يىلى 6 _ سان

( 17 ) شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 _ يىلى خەنزۇچە نەشرى 178 _ بەت

# سەنئەت ئوقۇتۇشىدا ساپا مائارىپىنى گەۋدىلەندۈرۈش ھەققىدە

خالىقجان ھۈسىيىن

نۆۋەتتە ئېلىمىزنىڭ ئادەتتىكى ۋە كەسپىي مائارىپىدا نوقۇل ھالدا نەزەرىيە ئۆگىنىش، بىر تەرەپلىمە نومۇر قوغلىشىش، سان ـ سىپىرغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇغۇچىلار ساپاسىنىڭ ئەتراپلىق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە سەل قارايدىغان ناچار ھادىسىلەر يەنىلا مەۋجۇت. شۇڭا، ساپا مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش بىزنىڭ چوڭقۇرلىشىۋاتقان مائارىپ ئىسلاھاتلىرىمىزنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم نىشانى. مەن ئۇزۇن يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىمدىكى بىۋاستە تەسىراتىمغا ئاساسەن، كەسپىي سەنئەت مەكتەپلىرىدە ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئەھمىيىتىنى تۆۋەندىكىچە تونۇش كېرەك دەپ قارايمەن:

1. تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئالدى بىلەن توغرا بولغان ساپا مائارىپ قارىشىنى تىكلىشى كېرەك. ئادەمنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۈچ تەرەپكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ، بۇلار: ساغلاملىق، بىلىم سەۋىيە، قابىلىيەت. ساغلاملىق ـ جىسمانى ۋە پىسخىكا ساغلاملىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىلىم سەۋىيە بولسا، ئىلمى دۇنيا قاراش، توغرا كىشىلىك قاراش، قىممەت قارىشى قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇ چوڭقۇر ئاساسىي بىلىم ۋە پۇختا كەسپىي بىلىم سەۋىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قابىلىيەت بولسا، پۇختا كەسپىي تېخنىكا قابىلىيىتى، پىشقان ئىقتىدارى ۋە بەرپا قىلىش روھىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا بىز تەلىم ـ تەربىيە بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار چوقۇم ئوقۇغۇچىلارنى يۇقىرىدا بايان قىلغان ئۈچ تەرەپتىن تەربىيىلىشىمىز ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

ئۇنداقتا بىر ئوقۇتقۇچى ئۆز خىزمىتىدە ساپا مائارىپىنى قانداق ئېلىپ بېرىشى كېرەك؟ ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ ـ ئوقۇغۇچى قەلبىدىكى ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەر بىر سۆزى، ھەرىكىتى ئوقۇغۇچىنىڭ ـ ئوقۇتقۇچىنى ھۆرمەتلىشىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولۇش كېرەك. ئوقۇغۇچىنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت، بىلىمگە بولغان تەلپۈنىشى، ئوقۇتقۇچىغا بولغان ھۆرمەت ۋە قايىللىق ھېسسىياتىنى پەيدا قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىنىڭ نەزىرىدە ئوقۇتقۇچى بىلىم بەرگۈچىلا ئەمەس، بەلكى روھى يۇقىرى ساپالىق ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىشى كېرەك. شۇڭا، ئوقۇتقۇچى بولغۇچى ئالدى بىلەن ئۆز ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى ھەمدە توغرا بولغان ساپا مائارىپ قارىشىنى تىكلەپ زور كۈچ بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ۋە يېتىشتۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك.

2. قابىلىيەت ئۆستۈرۈشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. سەنئەت مەكتىپى ـ سەنئەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ، مەركىزىي ۋەزىپىسى ـ سەنئەت كەسپى خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش. شۇڭا، بىز بۇ ئىقتىدارىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كۈچلۈك يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە بولۇشنى ئوقۇغۇچى تەربىيىلەش نىشانىنىڭ ئالدىنقى ئورنىغا قويۇشىمىز كېرەك. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئوقۇغۇچىنى (قابىلىيىتى) نى تەربىيىلەش بۇ نۇقتىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئومۇميۈزلۈك، ئەتراپلىق تەربىيىلەنگەندىلا، بەلگىلىك قابىلىيەتكە ئىگە بولۇشى، مەلۇم دەرىجىدە نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن. بىر قىسىم ئىقتىدار، قابىلىيىتى بار ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ تەربىيىلىنىشى ئەتراپلىق، مۇكەممەل بولغىنى ئۈچۈن مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر خىل مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ ئەڭ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بىر قىسىملار ئوقۇشتا ياخشى، قابىلىيەت ئىقتىدارى يۇقىرى ساپاغا ئىگە بولغىنى ئۈچۈن دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلاردا خىزمەت ئىشلەۋاتىدۇ.

3. «بەرپا قىلىش روھى» نى ئۆستۈرۈش ۋە تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. نۆۋەتتە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، خىزمەت تېپىش مەسىلىسى بىر قىيىن مەسىلە بولۇپ قالدى. مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئەنئەنىۋى مائارىپ ئۇقۇمىدىكى بۇزۇش، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا نۇرغۇن يېڭى مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقلار ئېلىپ كەلدى. جەمئىيەتنىڭ مائارىپقا بولغان تەلىپى كۈچەيدى. تەربىيىلەش نىشانى ئېھتىياجنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئوقۇتۇش سۈپىتى ۋە ئوقۇتۇش ئۆلچىمى تېز سۈرئەتتە ئاشمىسا، ئۆلچەملەشمىسە، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش خىزمىتىدە بەرپا قىلىش روھى يۇقىرى كۆتۈرۈلمىسە، چىقىش يولىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۇرۇپ بەردى. شۇڭا، ئوقۇتۇشتا ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئۇلارنىڭ ئاز ـ تولا كەسپىي ئىقتىدارى بولۇشىلا ئەمەس، يەنە بەلگىلىك بىلىم سەۋىيىسى، ئەقلىي سەزگۈرلۈك، ئىجادچانلىق ۋە بەرپا قىلىش روھىغا ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پەقەت سەنئەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشلا كۇپايە قىلمايدۇ. پەقەت «ئىقتىدارى» بار، بەرپا قىلىش روھى ۋە سەزگۈرلۈكى يوق بولسا، ئۇنى «ھۈنەرۋەن» دېيىشكە بولىدۇ، ئەمما سەنئەتكار بولالمايدۇ. بۇرۇن بەزى كىشىلەرنىڭ سەنئەتكارلارنى «سەنئەتنى بىلىدۇ، بىلىم سەۋىيە كەم، پۇت ـ قولى تەرەققىي قىلغان، كاللىسى ئاددىي» دېگەن بولۇپ بۇ گەپ سەنئەت مائارىپىدا ھەقىقەتەن مەسىلە بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىز بۇنىڭغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، سەنئەت ئوقۇتۇشىدا جەزمەن بىلىمنى يېڭىلاپ تۇرۇش، سەنئەت ئاساسىي تېخنىك ھەرىكىتىنى ئۆگىنىش بىلەنلا چەكلەنمەي، كاللا ئىشلىتىپ كۆپ جەھەتلەردىن ئەتراپلىق چېنىقتۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقىنى قوزغىتىپ، يېڭى بىلىم، بەرپا قىلىش روھىغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

# 新疆社科论坛（维吾尔文版）

新疆维吾尔自治区社会科学界联合会 主办

2002年第1期　　总第55期

## 目录

### 新世纪 科学与生活

新世纪《十万个为什么》维文版 序言 …… 吴郭夫 1

隐藏的光芒与智力革命 …… 本刊评论员 5

### 政治理论

要加强意识形态领域反分裂斗争 …… 吴郭夫 10

邓小平对马克思主义哲学的伟大贡献 …… Y·斯义提 12

### 县长论坛

发展新疆民营经济的几点对策 …… J·那斯尔 17

### 经济建设

新世纪生活中的知识与生存竞争 …… A·买买提依明 21

知识化在创业中的重要性 …… G·买买提 23

### 经典著作、经典音乐

纳瓦依生评及其创作的论辩 …… H·乌斯曼 26

阿布都热依木尼扎尔系谱 …… Y·西帕依 29

### 学术纵横

文明人类的八大罪过 …… （奥）E·罗尔尼斯 35

译作中的创造性和机械性 …… T·买买买提 47

### 素质教育佳作

素质教育佳作按语 …… 编辑部 49

浅谈学习模式 …… G·斯拉木 51

卡尔·威特：天才教育法 …… 风雏 53

### 小资料

海外探险家在卡柯马克河流的活动信息 …… M·吐古鲁克 76

艺术教育中要突出素质教育 …… H·玉素音 80

主编：巴赫提亚·沙依托夫

副主编及其责任编辑：斯拉木江·谢日甫

责任校对：买如甫·买买提明











地方特色的尉犁畜牧业

لوپنۇرنىڭ يەرلىك تەبىئىي شارائىتى بويىچە ساغلام ئۆسۈۋاتقان داڭلىق چارۋىلىرى


دۆلەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى : CN65-1147 /C

مۇشتەرى قوبۇل قىلىش نومۇرى : 58-137

ئادرېسى : ئۈرۈمچى ئالتۇن يولى ئاخباراتچىلار سارىيى

9 ـ قەۋەت《مۇنبەر》تەھرىراتى

《ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى》 باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

پوچتا نومۇرى : 830002

تېلېفون : 8552273

يەككە باھاسى : 4.00 يۈەن